سىن كەيلۇن

# يىرتىلغان نىقاب



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# يىرتىلغان نىقاب

ISBN 978-7-228-08489-0
9 787228 084890 >
定价：15.50 元

سىن كەيلۇن

# يىرتىلغان نىقاب

تەرجىمە قىلغۇچى : ئىلدانە ئابدۇرېھىم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

初恋情人/岑凯伦著;伊丽达娜译. —乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2003.12 (2007.10 重印)
本书根据花城出版社 1997 年 12 月第 2 版,1997 年 12 月第 1 次印刷本翻译出版。
ISBN 978—7—228—08489—0

Ⅰ.初… Ⅱ.①岑…②伊… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 112819 号

责任编辑 依明江·艾木都拉
责任校对 古丽夏尔·尼格买提
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话 0991—2827472
邮　　编 830001
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷 新疆新华印刷二厂
开　　本 880×1230 毫米 1/32
印　　张 10.25
版　　次 2003 年 12 月第 1 版
印　　次 2007 年 10 月第 2 次印刷
印　　数 30001—6000 册
定　　价 15.50 元

بۇ كىتاب گۈلزار نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 12 - ئاي 2 - نەشرى، 1997 - يىل 12 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# يىرتىلغان نىقاب

---

**ئاپتورى:** سىن كەيلۆن
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىمىنجان ھەمدۇللا
**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلشەھەر نىغمەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**تېلېفون:** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
**باسما تاۋىقى:** 10.25
**نەشرى:** 2003 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى:** 2007 - يىلى 10 - ئاي 2 - باسمىسى
**تىرازى:** 3001—6000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—228—08489—0
**باھاسى:** 15.50 يۈەن

---

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 1

دائىم ئايروپىلاندا سەپەر قىلىدىغان كىشىلەر ئۇچۇن يۈك ـ تاق ئېلىش ئەڭ ئاۋارىچىلىك.

ئايرودرومدا ئايلانما شەكىللىك يۈك ـ تاق ئېلىش ئورنىدىن يۈك ـ تاق ئېلىش تولىمۇ ئاۋارىچىلىك! ئۇ يەردە بەزىدە 10~15 مىنۇت ساقلايدىغان گەپ،- ئايلىنىۋاتقان يۈك ـ تاقلار ئىچىدىن يۈك ـ تاقلىرىڭىزنى تونۇۋالغۇچە كۆزلىرىڭىز ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدۇ، بەزىدە تېخى باشنىمۇ قايدۇرۇۋېتىدۇ.

سۇڭ جېن يۈك ـ تاق هارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېتىۋېتىپ، ئالدىدا بىر قىزنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئۇ قىزغا شۇنداق ياردەملەشكۈسى كەلدى، قىزنىڭ قىزىل چامادىنى يەنە بىر تەرەپكە ئايلىنىپ كېتىپ قالدى.

سۇڭ جېن هارۋىسىنى ئىتتىرىپ كەلگەندە، قىز ئەدەپ بىلەن يېنىچە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئورۇن چىقىرىپ بەردى.

— چامادىنىڭىز كەلگەندە مەن ئېلىپ بېرەي، — دېدى سۇڭ جېن.

— رەھمەت! — دېدى قىز ناز بىلەن.

سۇڭ جېن ئىختىيارسىز قىزغا قارىدى، ئۇ 22~23 ياشلاردىكى بەكمۇ چىرايلىق، بەدىنى تولغان، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك قىز ئىدى.

ئەگەر ئۇنىڭ ئۇ يېقىدا تۇرغىنى ياشنىپ قالغان ئايال بولماي ئەر بولغان بولسا، ئۇ چامادىنىنى ئاللىقاچان ئېلىپ بولغان بولاتتى.

سۇڭ جېن ئۆزىنىڭ چامادىنىنى ئېلىپ بولۇشىغا قىزنىڭ قىزىل چامادىنىمۇ تۆشۈكتىن چىقتى، ئۇ ئېڭىشىپ چامادانىنى ئېلىپ، قىزنىڭ يۈك هارۋىسى يوقلۇقىنى بايقاپ، قىزىل

چامادانىمۇ ئۆزىنىڭ ھارۋىسىغا سالدى.

سىرتتا «تاكسى بېكىتى»، «ماشىنا توختىتىش ئورنى»... دەپ يېزىلغان تاختايلار كۆزگە چېلىقتى.

— ئۆيۈمدىكىلەر مېنى ئەكېلىشكە شوپۇرنى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى سۈڭ جېن.

— ئەسلىي ئاپام ـ دادامىلار ئالدىمغا چىقماقچىدى، مەن بىر نۆۋەت ئالدىدىكى ئايروپىلاندا كېلىپ قالدىم، ئۇلار تېخى ئۆيدىن چىقمىدى، ئۇلارنى ساقلىماي تاكسىدا كېتىۋېرەي، — دېدى قىز.

— ئالدىمغا ماشىنا چىقىقاندىكىن، خالىسىڭىز ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي!

— بولىدۇ، يۈك ــ تاقلار بىلەن تاكسىغا چىقىشمۇ ئاۋارىچىلىك، — دېدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم!

ئۇلار ئىشىكتىن چىقىشىغا، ئادەملەر توپى ئارىسىدىن بىرى چىقىپ كەلدى:

— بەگزادە!

سۈڭ جېن يۈك ـ تاقلارنى ئۇنىڭغا بەردى، ئۇلار بىرلىكتە ماشىنا توختىتىش ئورنىغا كەلدى.

— ئۆيىڭىز بىزنىڭكىگە يىراق ئەمەسكەن، يولىمىز بىر ئىكەن، — دېدى سۈڭ جېن قىزنىڭ ئادرېسىنى بىلگەندىن كېيىن.

— بۈگۈن سىزنى تازا ئاۋارە قىلدىم، چامادىنىمنى ئېلىشىپ بەرگىنىڭىزنى ئاز دەپ، ئۆيۈمگە ئاپارغۇزۇۋاتىمەن، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟

— تۈزۈت قىلماڭ، قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشقۇ.

— ھېچبولمىغاندا، چايغا تەكلىپ قىلىشىم كېرەكقۇ.

— چېيىڭىزنى باشقا بىر كۈنى ئىچەي.

قىز قول سومكىسىدىن قەغەز ئېلىپ، قاش قەلىمى بىلەن بىرنېمىلەرنى يېزىپ سۈڭ جېنغا بەردى.

— خۇا جىڭجىڭ خېنىم! — دېدى سۈڭ جېن. ئۇ شوپۇردىن

بىر كارتوچكىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازدى، — بۇ دادامنىڭ نام - ئەمەل كارتوچكىسى، مۇشۇ نومۇرغا تېلېفون قىلسىڭىزلا مېنى تاپالايسىز.

— سۇڭ ئەپەندى، — دېدى قىز كارتوچكىنى قولىغا ئېلىپ، — ئائىلىڭىزدىكىلەرنى كۆرگىلى كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

— ئوقۇشۇمنى تاماملاپ، دادامنىڭ ئىشلىرىنى قولۇمغا ئالاي دەپ كەلدىم، سىزچۇ؟

— دەم ئېلىشقا كەلدىم، — خۇا جىڭجىڭ قوشۇمىسىنى تۈردى، — كەتمىسەممۇ بولىدۇ.

ماشىنا خۇا خېنىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى، سۇڭ جىن شوپۇرنى ئۇنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى، خۇا جىڭجىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسقاندا، شوپۇر ماشىنىنى ھەيدەپ ماڭدى. خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭ ماشىنىسى يىراقلاپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى ...

سۇڭ ئائىلىسىدىكىلەر خۇشاللىققا چۆمگەنىدى.

سۇڭ ئەپەندى خانىمى بىلەن دەھلىزدە ئوغلىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

جىن ھامما كىرىپ - چىقىپ، بىرنېمىلەر بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ھەممىدىن جىددىيلەشكىنى جۇاڭ مەنسى ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا سىرىق ئەتىرگۇل چۈشۈرۈلگەن چىت كۆڭلەك كىيگەن، يەلكىسىگە يېيىلغان چاچلىرىنى بىردەم - بىردەم تۈزەشتۈرۈپ، پات - پات سائەتكە قاراپ قوياتتى.

— بەگزادە كەلدى! — جىن ھاممىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جۇاڭ مەنسى چۈشىدىكى ئاشىقى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ، يۈگۈرۈپ چىقتى.

— سۇڭ جىن ئاكا!

ئۇنىڭ بۇ نەۋرە ئاكىسى ئېگىز بوي، بەئەينى ئۆلچەملىك



www.uyghurkitap.com

تـەنـھەرىكەتچىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ سوقىچاق يۈزلۈك، تېرىسى قىزغۇچ قارا، كۆزلىرى نۇرلۇق. قاڭشارلىق، ئاپئاق، رەتلىك چىشلىرى كالپۇكى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن مىجەزى ئوچۇق، قامەتلىك، قۇسۇرسىز ئەركەكلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مانتا؟ — سۇڭ جېننىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى، جۇاڭ مەنسى كىچىك ۋاقتىدا سېمىز ھەم ئاپئاق قىز بولغاچقا، سۇڭ جېن ئۇنىڭ ئىسمىدىكى «مەن» ھەرپىنى ئېلىپ، «مانتا» دەپ ئاتىۋالغانىدى.

— ئىككى يىل كۆرمىسەم، ئاجايىپ نازاكەتلىك قىز بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ بويىڭىز ئۆسۈپ، مەن بىلەن بوي تالاشقۇدەك بولۇپ قاپسىز، — دېدى سۇڭ جېن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، — باشقىلارنىڭ قىزلار 18 ياشقا كىرگۈچە يىلدا بىر خىل ئۆزگىرىدۇ، دېگىنى بىكار ئەمەسكەن جۇمۇ، قانچىگە كىردىڭىز؟

— 17 ياشقا كىردىم، يازلىق تەتىلدىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 ـ يىللىقىغا چىقىمەن.

— يەنە بىر يىلدا باشقىچە بولۇپ كېتىدىكەنسىز ـ دە، 18 ياشقا كىرگەندە، يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك ساھىبجامال بولۇپ كەتكۈدەكسىز!

جۇاڭ مەنسىنىڭ مەڭزى ئوت ئالدى.

— سۇڭ جېن! — سۇڭ خانىم چىقىپ، ئوغلىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى. ئۆتكەن يىلى سۇڭ ئەپەندى ئوغلىنى كۆرگىلى بارغاندا، سۇڭ خانىمنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئوغلىنى كۆرمىگىنىگە ئىككى يىل بولدى، — سەن مۇشۇ ساھىبجامال بىلەن بولۇپ كەتتىڭغۇ، ئاپاڭ بىلەن كارىڭ يوقمۇ!

— ئاپا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — سۇڭ جېن ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈزىگە سۆيدى، — سىز دېگەن چوڭ ساھىبجامال، نېمىدەپ سىز بىلەن كارىم بولمىغۇدەك؟

— هوي گەپتان! — سۈك خانىم كولۇپ تۇرۇپ ئوغلىنى ئۇرۇپ قويدى.

— ماڭا قاراڭا، ئاپا، ئورۇقلىدىڭىزمۇ كۆرۈپ باقاي؟ ۋاھ، يەنىلا شۇنداق تولۇپ تۇرۇپسىز، بىر تال قورۇقمۇ يوق! — دېدى سۈك جېن ئاپىسىنىڭ يۈزىنى سىلاپ، — دادا! سىز بۇ بايلىقنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ ساقلاڭ جۇمۇ، ئاپامنىڭ 50 ياشلىق ئەرلەرنى جەلپ قىلالىغۇچىلىكى بار ئىكەن.

— ماۋۇ بالىنى، ماۋۇ بالىنى قارىمامدىغان، بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىڭغۇ! — سۈك خانىم ئۇنى تىلللىغاندەك قىلغىنى بىلەن كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانىدى.

— ئۇنى راستتىنلا ئالىدىغانلار بارمىكەن؟ ئالىدىغانلار بولسا، ئۇنىڭغا قوشۇپ بەش مىليون سوم بېرىمەن! شۇنداق قىلمىسام، ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە كوتۇلداپ قۇلاق مېڭەمنى يەپ كەتكۇدەك، ئاندىن ئۆزۈم 29 ياشلىق قىزدىن بىرنى ئالىمەن!

— قېرىغاندا چېنىۋاتامدىم؟ مەندىن راستتىنلا بىزار بولغان ئوخشىمامسىز؟

— ھەي، بولدى، تىللىسىڭىز تىللاڭ، ئۇرماڭ جۇمۇ...

سۈك جېن ئاپىسىنى دادىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، جىن ھاممىسىغا ئېسىلدى:

— جىن ھاما، سىزنى بەك سېغىندىم جۇمۇ...

— مېنىمۇ ئىككى يىل كۆرمىسەم چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، بىر تالمۇ قورۇق چۈشمەپتۇ، دېمەڭ يەنە، — جىن ھاما سۈك جېننىڭ ئىنىكئانىسى بولغاچقا، ئائىلىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى، ئۇ سۈك جېننى سۈك ئەپەندى، سۈك خانىملاردىنمۇ بەتتەر ياخشى كۆرەتتى، — يۈزۈمدىكى ئارتۇق تېرىدىن بىر جۈپ ئاياغ ۋە بىر سومكا تىككىلى بولىدۇ، قېرىدىم، 47 ياشقا كىردىم! مەن ئاپىڭىزدىنمۇ چوڭ.

— قېرىمىدىڭىز، كىم سىزنى قېرى دەيدۇ، — سۈك جېن ئۇنى قۇچاقلىدى، — سىزنىڭ توي قىلىپ، يەنە ئىككى ئوغۇل

تۇغقۇچىلىكىڭىز بار.

— توي قىلىمەن؟ — جىن هامما ئۇنىڭغا چەكچەيدى، — يەنە بالا تۇغىمەن؟

— سىز بۇرۇن، خىجىل بولمايمەن، 49 ياشقىچە تۇغىمەن دەيتتىڭىزغۇ. 49 ياشقا كىرىدىغىنىڭىزغا يەنە ئىككى يىل بار ئەمەسمۇ؟

— مەن بىلەنمۇ ئېيتىشىۋاتامسىز؟ هەي سىزنى! — جىن هاممىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، سۇڭ جىننى ئۇرۇپ قويدى، — ئەدىپىڭىزنى خانىم بەرسۇن، سىزنىڭ!

— بۇ شەيتان بىلەن ئېيتىشماڭ، ئۇنىڭ ساراڭلىقى تۇتسا، سىز بىلەن بىر كۈن ئېيتىشىدۇ.

— ئوغلۇم سىلەرنى كۈلدۈرىمەن دەپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى سىلەر يا چۈشەنمىدىڭلار، — دېدى سۇڭ ئەپەندى، — بۇ ئائىلىنىڭ جىمىپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولدى، ئوغلۇممۇ سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى ئاچىمەن دەپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.

— بەگزادە، — دېدى جىن هامما ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تارتىپ، — ئاۋۋال يۇيۇنۇۋالامسىز ياكى تاماق يەمسىز؟

— ئاۋۋال يۇيۇنۇۋالاي!

— مەن سىز بىلەن ئۇستىگە بىللە چىقاي، — دېدى جۇاڭ مەنسى.

— نېمىدېگەن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش بۇ! — سۇڭ جىن ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتتى، ئۇلار بىرلىكتە پەلەمپەيدىن چىقتى، — مېنى ئېزىپ قالمىسۇن دەۋاتامسىز؟

— چوقۇم ئېزىپ قالىسىز! هۇجرىڭىزنى قايتىدىن بېزىدۇق، هەتتا ئىشىكلىرىنىمۇ ئالماشتۇرۇۋەتتۇق.

سۇڭ جىن مۇنچىدىن چىقىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، تاماق شىرەسىگە كەلدى، ئۇ جىن هامما قورۇغان گۇاڭدۇڭ قورۇمىلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

— سەن بىر ئايلىق دەم ئېلىشقا كەلگەندىكىن، ئالدى بىلەن

ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭ، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەل، مەنسىلارغىمۇ تەتىل، سەن بىلەن بىرگە ئوينىسۇن، — دېدى سۇڭ ئەپەندى.

جۇاڭ مەنسى بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇ ئەمدى سۇڭ جېن بىلەن بىرگە يۇرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە ئىككى يىل بولغان، ئۇ مۇشۇ كۈننىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى.

— بۇ يەردە ئىككى يىلدىن بېرى قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟ دېگىنىز ـ ئوكيان باغچىسى، مۇزىكىلىق فونتانلارنى كۆردۈم، قارىغاندا، 97 ـ يىللىق كۆرگەزمىدە ئۆزگىرىش بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭ بىلەن ھامان كۆرۈشمىسەڭ بولمايدۇ. بەزى تۇغقانلار بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنچە كۆرۈشمىگىنىگە توپتوغرا سەككىز يىل بولدى. ئۇ چاغدا بويۇڭ پاكار ئىدى.

— ئۇ ئوڭاي ئىشقۇ، بارلىق دوستلار، تۇغقانلارنى ئۆيگە تاماقا تەكلىپ قىلساق ھەممىسى بىلەن كۆرۈشەلەيمەن ئەمەسمۇ، — سۇڭ جېن قورساقتا بەك ئامراق ئىدى، شۇ تاپتا مەززە قىلىپ تاماقلىنىۋاتاتتى، — بۇ يىل 26 ياشقا كىرىپتىمەن، تېخى ئۆيلەنمىدىم، بوي ئېگىزلىكىم بىر مېتىر سەكسەن، ئېغىرلىقىم 170 قاداق ··· دەپ ھەممىنى ئېلان قىلىمەن. بىر كۈندە دوكلات قىلىپ بولىمەن، ماتېرىيالىم تولۇق.

— سۇڭ جېن! دېمىسەڭ ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن، بۇ يىل 26 ياشقا كىرىپسەن، قىز دوستۇڭنى نېمىشقا كۆرمەيمىز! — بۇ سۇڭ خانىم ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش ئىدى.

— مەن ئوقۇشقا چىقتىم، قىز تاللىغىلى چىقمىدىم، مانا ئىقتىسادشۇناسلىقتا دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ قايتتىمغۇ؟

— قىزلار مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن دېسەڭ ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

— خانىم، توغرا دەيسىز، — دېدى سۇڭ ئەپەندى، — سۇڭ ئائىلىسىدىكى ئەرلەرنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داڭقى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىشكەن، جەلپكار ئەرلەر.

— كىم قىزلار مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ دەيدۇ، بىراق ئاپام بىلەن جىن ھامام ماڭا: «ئالۋاستى خوتۇننى ئەگەشتۇرۇپ كەلمە» دەپ قايتا ـ قايتا جېكىلىگەنىدى. شۇنداققۇ؟

— جۇڭگولۇق بىرەر قىز چىقمىدىمۇ؟

— چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەتلەر! ئاپامنىڭ چىرايىنىڭ ئوندىن بىرىمۇ يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەنسىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكىدىنمۇ دوغىلاق قىزلار!

— نەۋرە سىڭلىڭ ياش ھەم چىرايلىق، قارىغىنا ئۇنىڭغا، چاچلىرى ئۇزۇن، كۆزى يوغان، تېرىسى ئاپئاق، ئاغزى كىچىك، نازۇك، لاتاپەتلىك، سىلەر ئوغۇللار مۇشۇنداق قىزلارنى ياخشى كۆرىسىلەرغۇ؟ — جىن ھاما جۇاڭ مەنسىنىڭ ئىنىكئانىسى بولمىغىنى بىلەن كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇ سۇڭ جېنغىمۇ، جۇاڭ مەنسىگىمۇ ئامراق ئىدى.

— راست، راست! جىن ھاما، ئالتە ياش ۋاقتىمدا سىز مەندىن، چوڭ بولغاندا قانداق خوتۇن ئالىسەن، دەپ سورىغاندا، سىزگە، ئورۇق، ئۇزۇن چاچ، كۆزلىرى يوغان، ئاپئاق قىز ئالىمەن، دېگەنىدىم. مەن ئوقۇشقا مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن كەچتە سىز مەندىن يەنە شۇنداق سورىغانىدىڭىز، مەن يەنە شۇ جاۋابنى بەرگەن، بۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىدىم.

— سىز ئالتە ياشتىن 17 ياشقا كىرگۈچە، ماڭا نەۋرە سىڭلىڭىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىزغۇ؟

خىجىل بولغىنىدىن جۇاڭ مەنسىنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى.

سۇڭ ئەپەندى بىلەن سۇڭ خانىم بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ۋوي! ئەسلىدە جۇاڭ مەنسىگە بۇرۇنلا كۆزۈڭ چۈشۈپتىكەن ـــ دە؟ ئەشىمىز پۇتۇپتۇغۇ؟ قوش تۇغقان بولغۇدەكمىز!

— هامما! — دېدى جۇاڭ مەنسى تۆۋەن ئاۋازدا.

— ياق، ياق، خاتا چۈشىنىپ قالدىڭلار، بۇ ئىشتا كىچىك قىزنى قورقۇتۇۋەتمەڭلار، — سۇڭ جېن ئالدىراپ چۈشەندۈردى، — مەنسى كىچىك ۋاقتىدا سىمىز ئىدىغۇ، مەن ئەزەلدىن ئورۇق قىزلارنى ياخشى كۆرمەن دەيتتىم، قانداقسىگە ئۇنى دەيمەن؟

— نەۋرە سىڭلىڭ هازىر نازاكەتلىك، ئورۇقمۇ ئەمەس، سىمىزمۇ ئەمەس، قارا، شۇنداق لاتاپەتلىك تۇرمامدۇ؟

— شۇنداق، شۇ چاغدا كۆزۈم كور بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇبدان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمەن!

— هېلىمۇ كېچىكمىدىڭ! مەنسىنىڭ يىگىتى يوق، ئۇ بەك ياۋاش قىز! — دېدى سۇڭ ئەپەندى.

— كېچىكتىم، مەن 17 ياش چېغىمدا، ئۇ سەككىز ياشتا ئىدى، مەن شۇ چاغدىلا ئۇنى نەۋرە سىڭلىم دەپ بىلەتتىم.

— هەي، خۇشاللىقىمىز بىردەمدىلا يوقاپ چىقتىمۇ نىمە؟ — دېدى سۇڭ ئەپەندى ئاغزىنى سۇرتۇپ، — مەن تېخى كېلىنىنىڭ ئىشى بىر ئېغىز سۆز بىلەن بېكىتىلدى دەپ ئويلاپتىمەن. ئاپىسى، 50 ياشتا نەۋرىلىك بولۇش ئارزۇيىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قىيىنغا توختايدىغان ئوخشايدۇ.

— هەي! — سۇڭ خانىم ئۇھ تارتتى، — قوش تۇغقان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - هە!

ئەمەلىيەتتە هەممىدىن بەك ئۇمىدسىزلەنگىنى جۇاڭ مەنسى بولدى، ئۇنىڭ كېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى.

— مەنسى شۇنداق چىرايلىق چوڭ بولۇۋېتىپتۇ، ئۇ چوقۇم ئىنتايىن كېلىشكەن ئاق ئاتلىق شاهزادىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بولغىيتتى، مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ لايىقى بولالايمەن؟ شۇنداقمۇ، سىڭلىم؟

جۇاڭ مەنسى گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس، نىكاھ غايىب دەيدىغان گەپ

بار ئەمەسمۇ، بۇگۈن سىڭلىڭىز بولسا، كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا ئۆيلىنەلمىسىز تېخى! — دېدى جىن هاما، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرىڭلارنىڭ ئوغۇل دوستى، بىرىڭلارنىڭ قىز دوستى يوق ئىكەن، قازان بېشىدا بولساڭ، ئاغزىڭ ئاشقا بالدۇر تېگىدۇ، دەيدىغان گەپ بار، خانىم، قوش تۇغقان بولۇش پۇرستى يەنىلا خېلى يېقىن!

— مەنىسى تېخى كىچىك، جىن هاما، ئۇنى خىجىل قىلماڭ، كىچىك قىزلارنىڭ يۈزى تۆۋەن كېلىدۇ، — دېدى سۇڭ جىن تاۋۇز يېگەچ.

— سۇڭ جىن، — دېدى سۇڭ ئەپەندى ئوغلىغا قاراپ، — قاچان ئىشقا چۈشەي دەۋاتىسەن؟

— ئەتە.

— ئەتە؟ — سۇڭ خانىم توۋلىۋەتتى، — قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن دەم ئالمايلا ئىشلەپ كېتەمسەن؟

— مەن دېدىمغۇ، بۇ يەرگە دەم ئېلىشقا ئەمەس، دادامغا ياردەملەشكىلى كەلدىم، بۇنداق قىلسام دادامنىڭ سىزگە ھەمراھ بولىدىغان ۋاقتى چىقىدىكەن، سىلەرمۇ دۇنيانى ئايلىنىش ئارزۇيۇڭلارغا يېتىسىلەر. ئاپا، سىزگە شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈۋاتسام، مېنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيدىكەنسىز.

— بىلىمەن، سەن بەك كۆيۈمچان، كىچىكىڭدىلا ۋاپادار بالا بولغانىدىڭ، — سۇڭ خانىم تەسىرلەنگىنىدىن سۇڭ جىننىڭ بېشىنى سىلىدى، — بىراق، مەنمۇ سېنىڭ جاپادا قېلىشىڭنى خالىمايمەن.

— خىزمەت قىلغانىنىڭ نىمە جاپاسى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن تېخى ياش، ياشلار جاپادىن قاچسا بولمايدۇ، مېنىڭ ئەڭ جاپا تارتقان ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى، — سۇڭ جىن تاۋۇزدىن يەنە بىر تىلىم كەستى، — مەن بۇرۇن مال دوختۇرى بولۇشنى ئويلايتتىم، يولۋاس، مولۇنلارنى داۋالاشنى ياخشى كۆرەتتىم، كېيىن تويۇقسىز ئىقتىسادشۇناس بولۇش نىيىتىگە كەلدىم، چۈنكى مەن يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا، دادامنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىش

www.uyghurkitap.com

مەجبۇرىيىتىم بار ئىكەن.

— سەندەك ئوغلۇم بولغىنىدىن پەخىرلىنىمەن، — دېدى سۇڭ ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ سۇڭ جېنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ، — بولىدۇ! ئەتە بىز بىرلىكتە شىركەتكە بارايلى.

تاماقتىن كېيىن دادا ـ بالا يەنە داۋاملىق خۇسۇسىي ئىشتىن ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغىچە پاراڭلىشىپ، ئاخىر پاراڭ تېمىسى تىجارەتكە يۆتكەلدى.

جۇاڭ مەنسى ھۇجرىسىغا كىرىپ تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تاپشۇرۇقلارنى بۇرۇنلا ئىشلەپ بولغانىدى.

مەنسى شىرەنىڭ ئالدىدا، سۇڭ جېن تۇنجى قېتىم يازلىق تەتىلدە قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن چۈشكەن سۈرەتكە قاراپ ئولتۇرۇدى، ئۇ چاغدا ئۇ ئون ياشقا كىرمىگەن ھەم سېمىز، ھەم دوغىلاق، بەئەينى توپتەك ئىدى، ئۇ سۈرەتنى چۆرۈۋەتتى، «ئۇنىڭ مېنى ياقتۇرمىغىنى بىكار ئەمەسكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ ئەمدى نېمىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ؟ بىرنەچچە يىلدىن بېرى سۇڭ جېننى ياخشى كۆرۈپ يۈرگىنى بىكار بولدى. بىراق جىن ھامما، نىكاھ غايىب، دېيدى ئەمەسمۇ، كىم بىلىدۇ، ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن سۇڭ جېن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالامدۇ تېخى؟ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، كەلگۈسى چوقۇم گۈزەل بولىدۇ!

بىرى ئىشىكنى چەكتى.

— ئىشىك ئوچۇق ... — دېدى مەنسى خۇشياقمىغاندەك.

سۇڭ جېن كىرىپ كېلىۋاتاتتى، مەنسى ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزلۈك ئىتنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

— بايا سىزگە سوۋغات بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟ ئۇ ھاۋشىيالايدۇ، سەكرىيەلەيدۇ، قۇيرۇقىنى ئوينىتالايدۇ، ئۇ بەك ئوماق، سىز بىلەن بىرگە ياتسىمۇ بولىدۇ. مال ساتقۇچى، كىچىك قىزلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئىتلارنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەنىدى.

— ياخشى كۆرىمەن! — مەنسى سۈك جېنىنىڭ قولىدىن ئىتتنى ئالدى، — بىراق مەن كىچىك قىز بولمىسام!

— ھەقىقىي كىچىك قىزلارلا ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، — سۈك جېن مەنسىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ قويىدى، — مېنىڭ نەزىرىمدە سىز مەڭگۈ مېنىڭ سىڭلىم. ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئۇخلاڭ!

— ئەتە مەكتەپكە بارمايمەن، ھازىر تەتىل.

— يازلىق تەتىل دېگەن ئەڭ ياخشى ۋاقىت، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن تەتىلنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىككى ئاي قانغۇچە ئوينىۋالامسىز.

— بىراق مەن ...

— ياخشى چۈش كۆرۈڭ! مېنىڭ يازلىق تەتىل ئۆتكۈزىدىغان چاغلىرىم كەلمەسكە كەتتى، ئەتە مەن ئۈچۈن ئەڭ ئالدىراش بىر كۈن بولىدۇ!

سۈك جېن راستتىنلا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ھەر كۈنى دادىسى بىلەن بىللە خىزمەتكە بېرىپ بىللە قايتاتتى، قايتىپ كېلىپمۇ ئارام ئالماي ماتېرىيال كۆرەتتى ياكى ھەرقايسى شىركەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايتتى، ئۈلاردىن يوليورۇق ئاڭلايتتى ...

بىر كۈنى، كەچلىك تاماقتىن بۇرۇن تېلېفون جىرىڭلىدى، جۇاڭ مەنسى تېلېفوننىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ئۇ تۇرۇپكىنى ئالدى:

— ۋەي! بۇ سۈك ئائىلىسى.

— سۈك جېن ئەپەندى تېلېفوننى ئالسا بوپتىكەن، — دېدى بىر قىز نازلىنىپ.

— سىز كىم بولىسىز؟ — مەنسى سەل جىددىيلەشتى. بۇ ناتونۇش ئاۋاز شىركەتتىكى ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ ئاۋازىدەك قىلمايتتى.

— ئۇ ئۆيدە يوقمۇ؟

— ھە، بار، — مەنسى داۋاملىق سوراۋېرىشتىن خىجىل

www.uyghurkitap.com

بولدى، — سەل ساقلاپ تۇرۇڭ!

سۇڭ جىن مالىيە ئىقتىساد خەۋەرلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى.

— سۇڭ جىن ئاكا، سىزگە تېلېفون! — دېدى ئۇ سۇڭ جىننىڭ قېشىغا كېلىپ.

— رەھمەت سىزگە! — سۇڭ جىن ئاخىرقى بىر خەۋەرنى كۆرۈپ بولۇپ تېلېفوننى ئالدى، — ۋەي؟ سىز كىم؟ ··· ھە! ھە ··· ئېسىمگە كەلدى ··· ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئەلۋەتتە ئۇنتۇپ قالمايمەن ··· بىراق يېقىندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ كەتتىم ··· قايتىپ كېلىپ ئەتىسلا ئىشلەپ كەتتىم ··· كەچۈرۈڭ، سىزگە تېلېفون قىلغۇزۇپتىمەن ···

جىن ھاما كىرىپ سۇڭ جىننىڭ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەنىسىدىن ئاستا سورىدى:

— بەگزادە يەنە خىزمەت توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتامدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەسقۇ دەيمەن، بىر قىز بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ، قىز دوستى ياكى قىز ساۋاقدىشى بولسا كېرەك.

— جاۋ دىرېكتور كەپتىكەن، جىددىي ئىش بىلەن بەگزادىنى ئىزدەيدىكەن.

— بىراق ئۇ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتسا.

— جاۋ دىرېكتور، ھېلىلا بىر ھۆججەت تاپشۇرۇۋالدىم، بەگزادىگە لازىملىق ئىكەن ··· دەيدۇ.

— كەچۈرۈڭ، سەل توختاپ تۇرۇڭ! — دېدى سۇڭ جىن قارشى تەرەپكە، ئاندىن جىن ھامىدىن سورىدى، — جاۋ دىرېكتور كەلگەنمىدى؟

— ئۇ مېھمانخانىدا سىزنى ساقلاۋاتىدۇ، جىددىي ئىش بار دەيدۇ ···

— بىردەم ساقلاپ تۇرسۇن، ھازىرلا چىقىمەن، — ئۇ يەنە قارشى تەرەپكە گەپ قىلدى، — شىركەت خادىمى بىر پارچە فاكىس ئەكەپتۇ، مەن سىزگە باشقا بىر كۈنى تېلېفون قىلاي ··· چوقۇم ··· بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن، يالغان گەپ ئەمەس،

رەھمەت سىزگە ··· بولىدۇ ··· بولىدۇ ··· خەير ـ خوش!

سۇڭ جېن تېلېفوننى قويۇپ، مېھمانخانىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقتى.

ئۇ راستىنلا خىزمەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىكەن. ئۇ خېنىم قارىغاندا ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئەمەستەك قىلىدۇ.

تاماق ۋاقتىدا سۇڭ جېن دادىسىغا سۇرەتلىك فاكىسى بار بىر يۈرۈش كومپيۇتېر سېتىۋېلىشنى ئېيتتى.

— بۇنداق قىلساق ئادەم كۆچىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، ئۇلار ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرمەيدۇ.

— بىراق سەن خىزمەتنى ئۆيگە ئەكەلمەيمەن دېگەنىدىڭغۇ؟ — سۇڭ خانىم قارشىلىق بىلدۈردى، — قايتىپ كەلگەندىن بېرى سېنى كۆرمەيدىغان بولدۇم.

— ئاپا، ھەممە ئىش بېشىدا قىيىن بولىدۇ، كېيىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ!

— ياخشى بولۇپ كېتىدۇ؟ ماشىنىلىرىڭنى ئۆيگە ئەكېلىۋالساڭ، ئىش ۋاقتىدىمۇ ئىشلىسەڭ، ئىشتىن چۈشكەندىمۇ ئىشلىسەڭ، ئۆيگە كەلسەڭمۇ كەلمىگەن بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ — دېدى سۇڭ خانىم نارازى بولۇپ، — داداڭمۇ ئىلگىرى شۇنداق ئالدىراش ئىشلىگەن، ئەمدى سەن بىلەنمۇ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشالمايدىغان بوپتىمەن، نېمىدەپ قايتىپ كەلدىڭ؟ چەت ئەلدە تۇرغىنىڭ بىلەن نېمە پەرقى؟

جېۋاڭ مەنسى بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئۇ ئۇنى نەچچە يىل كۈتكەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئانچە كۆپ گەپ قىلمىدى.

— ئاپا، خاپا بولىۋەرمەڭ، قېرىپ كېتىسىز.

— ماڭا ئۆگەتمەي قوي، — سۇڭ خانىم ئوغلىغا چەكچەيدى، — سەن ئۇچۇن ئاغزىم ئۇپراپ كەتسىمۇ مەيلى.

— خانىم، مەن ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلاي، — دېدى سۇڭ ئەپەندى خوتۇنىغا تەسەللى بېرىپ، — ئوغلىمىز كەسپىنى

دەپ سىزنى تاشلىۋەتكىنى يوق. ئۇ يېڭى تونۇرۇم ئورناتماقچى، ئۇنىڭ زور ئىسلاھاتى بىلەن يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزسەك، ھەممە ئىش قېلىپىغا چۈشۈۋالسا، ئۇ ئۇنداق ئالدىراش بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇرۇنقىدىن كۆپ بىكار بولۇپ قالىدۇ!

— ئىشەنمەيمەن، ھەپتىسىگە 37 سائەت ئىشلىسە، قانداقسىگە بىكار بولۇپ قالغۇدەك؟

— ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدۇ، بۇ فرانسىيە ئەمەس.

— ئەمىسە پۇل تاپماي سىز بىلەن تاماق يەپ، يەكشەنبە كۈنى سىز بىلەن ئاشپۇزۇللارغا بارايلى، — دېدى دادا ـ بالا تەڭلا.

— ئۇ قورۇق چېكىڭلار قاچان پۇلغا ئايلىنىدىكىنتاڭ؟

— ئاز قالدى، ئاز قالدى!

— ئاز قالدى! تېز بولسا، بىر ـ ئىككى يىلدا، ئاستا بولسا چېكى يوق بىر چاغدا قولغا كېلىدۇ، شۇ، — دېدى سۇڭ خانىم زەردە بىلەن.

— ئاپا، — سۇڭ جىن ئاپىسىنىڭ مەڭزىگە ئۇرۇپ قويدى، — ئوغلىڭىزغا ئىشىنىڭا.

— ھەي! ··· قولۇڭ ماي ئەمەستۇ؟

— ئەمەلىيەتتە مەنسى خېنىم ئەڭ بىچارە ئىكەن، ئۇ ھەر يىلى يازلىق تەتىلنى يالغۇز ئۆتكۈزىدۇ، بۇ يىل ئۇنداق بولماس دېسەم، قانداق بولدى؟ — دېدى جىن ھامما تاقەتسىزلىك بىلەن، — ئۆتكەن يىلدىكىدەك يالغۇز ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

— مەنسى، مەن چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ سىزنى كىنوغا ئاپىرىمەن، يەنە دېڭىز ـ ئوكيان باغچىسىنى بىر ئايلىنىپ كېلىمىز. سىلەر تاماق يەۋېرىڭلار، مەن چىقىپ تېلېفون قىلىپ كىرەي، — سۇڭ جىن بىر نەشپۈتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

جۇاڭ مەنسى ھۇجرىسىدا كۈندىلىك خاتىرە يېزىۋاتاتتى. سۇڭ ئەپەندى كىرىپ كەلدى.

— تاغا، — مەنسى قەلىمىنى قويدى.

— تەتىل بولغىلى ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى، سىرتلارغا چىققىنىڭىزنى كۆرمىدىمغۇ؟

— دەسلەپتە مەن سۇك جىن ئاكامنى ...

— ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىۋەرمەڭ، ئۇ يەنە ئۇچ ئايغىچە ئالدىراش بولىدۇ، — سۇك ئەپەندى جىن ھامىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يالغۇزسىراپ قالغىنىغا ئىچى ئاغرىۋاتاتتى، — ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن بىرگە ئويناپ كېلىڭ!

— ساۋاقداشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆيىدىكىلەر بىلەن ساياھەتكە كەتتى.

— سىزمۇ بارسىڭىز بولىدۇغۇ. ياپونىيىگە بارامسىز؟ دىسنېي باغچىسى بەكمۇ كۆڭۈللۈك، يەنە چىرايلىق كىيىملەرنى سېتىۋالسىز. ئەتە مەن بانكا ئامانەت چېكىڭىزگە 10 مىڭ سوم كىرگۈزۈپ بېرەي.

— تاغا مەن بىلەن ساياھەتكە چىقىدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېكىمدە نۇرغۇن پۇل بار، ھاممام ئىككىڭلار بەرگەن پۇللارنى ئامانەت قويۇۋەتكەنىدىم. قانداق ئىشلەتسەممۇ تۈگىمەيدۇ.

— ساياھەتكە بارمىسىڭىز، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئايلانسىڭىز، كىنو - تىياتىرلارنى كۆرسىڭىز، تاماق يېگىلى بارسىڭىز بولىدۇغۇ، كىيىم - كېچەك، نەرسە - كېرەكلەرنى سېتىۋالسىڭىز پۇلنى كۆپ خەجلەيسىز، جىق ئېلىپ، جىق خەجلەڭ، پۇلىڭىز يەتمىسە ماڭا ئېيتىڭ. بىزنىڭ يېشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، سىزگە ھەمراھ بولالمايمىز، سۇك جىن ئاكىڭىز خىزمەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىكەن، ھەممىمىز سىزنىڭ زېرىكىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمىز، چىقىپ ئويناڭ! ئىقتىسادىي جەھەتتە، قانچىلىك دېسىڭىز بىز بار ...

— ۋاي، ۋۇي! مەنسى! — جۇ ۋېنفېڭ ئىشىكتىن كىرىپلا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى، — سەن بەك باي جۇمۇ، مېنى مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك رېستورانغا ماروژنى يېيىشكە تەكلىپ قىپسەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— پۇل جىق تۇرسا! سەن، باي بولساڭ تەڭ بەھرىمەن بولىمىز، دېمىگەنمىدىڭ؟

جۇ ۋېنفېڭ كۆتكۆچىگە ماروژنى بۇيرۇتتى.

— تۇنۇگۇن زىبۇزىننەت شىركىتىنى بۇلىغانمىدىڭ؟

— كەچكىچە يامان ئىشلارنىلا ئويلايسەن ـ ھە!

— ھە، راست! باي تاغا ـ ھاماڭنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ!

— نۇرغۇن نەرسىلەرنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىكەن.

— ھە، راست! نەۋرە ئاكاڭنى قايتىپ كېلىدۇ دەۋاتاتتىڭ، — جۇ ۋېنفېڭ بارماقلىرىنى ساندى، — ئۇ قايتىپ كەلگەندۇ! ئۇ قايتىپ كەلسە، مېنى نۇرغۇن يەرلەردە ئوينىتىدۇ دەۋاتمامتىڭ؟

— ئۇ خىزمەت مەستانىسى ئىكەن، قايتىپ كېلىپ ئەتىسىلا ئىشلەپ كەتتى، مېنى ئوينىتىدىغانغا نەدىكى ۋاقتى ئۇنىڭ!

— ئۇ بىر ئۆمۈر ئالدىراش يۈرمەيدۇ، يىگىتلەر توي قىلماي يۈرۈشتىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىراش ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن چوقۇم سەن بىلەن بولىدۇ.

— ئۇنداق قىلمايدۇ، ئويناتقۇسى كەلسە قىز دوستىنى ئوينىتار، — جۇاڭ مەنسى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۇھ تارتتى، ئىچى سىقىلغاندەك نەيچىنى ئىستاكانغا سېلىپ، تارتىپ چىقىرىپ ئولتۇردى، — ئۇ مېنى ئەزەلدىن ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرىدىكەن، ئىككىمىزنىڭ ئىشىدىن ئۈمىد قالماپتۇ!

— قورقما، بىر جۈپ قىز ـ يىگىتلەر، بولۇپمۇ كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قىز ـ ئوغۇللار دەسلەپتە بىر ـ بىرىنى «ئاكام»، «سىڭلىم» دېيىشىپ، كېيىن ئەر ـ خوتۇن بولۇشىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى بولارسەن؟

— ئەجەب شېرىن خىياللارنى قىلىپ كەتتىڭ! — مەنسى ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى كۆرگەندەك بولدى.

— ۋاھ! قارا، ئارقاڭدىكى قىزنىڭ كىيىمىگە!

مەنسى خۇشياقمىغاندەك ئارقىسىغا قارىدى، تەلىيىگە ئۇ قىز تاماكا چەككەچ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغانىكەن، مەنسى ئۇنى تەپسىلىي كۆزەتتى: ئۇ چېچىنى مودا قىلىپ قىسقا ياساتقان، ياراشتۇرۇپ گىرىم قىلغان، تاماكا چېكىش ھالىتىدىن كۆپنى كۆرگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇچىسىغا ياقىسى تۆۋەن ئويۇلغان چىپپىدە قىزىل كۆڭلەك كىيگەن، بەدىنى تولغان، رېستوراندىكى ئەرلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئىدى.

— مۇشۇنداق كۆڭلەك كىيىشكە جۈرئەت قىلالامسىلەر؟

— ھازىر شۇنداق كىيىنىش مودا! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنداق كىيگۈدەك شارائىتى يوق.

— سېنىڭ شارائىتىڭ بارغۇ!

— ئۇنداق كۆڭلەكلەرنى ھەرگىز كىيمەيمەن. مەن بىلەنلا قالمىغىنا! — مەنسى ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى، — خەقنى خىجىل قىلمىغىنا.

— ئۇ شۇنداق يۈرەكلىك بىلەن كىيىم كىيگەن تۇرۇقلۇق نېمىگە خىجىل بولىدۇ، قارا، ئۇ تېلىپۇنىزىيە ئارتىسىمۇ ياكى ...

— ئىشقىلىپ نوچى قىز ئىكەن!

— نوچى قىز دەمسەن؟ ئەمىسە سەن نېمىشقا ئۇنداق كۆڭلەكلەرنى كىيمەيسەن؟

— ئۇ چوڭ قىز ئىكەن، مەن تېخى تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇۋاتسام، ئوخشىمىغان ياشتىكىلەر ئوخشىمىغان كىيىملەرنى كىيمەمدۇ. بولدىلا، باشقىلارنىڭ گېپىنى قويۇپ، ئىسسىق قاتلىما يېمەمدۇق ...

ئۇ قىز بىردەم سىرتقا، بىردەم سائىتىگە قاراپ قويۇپ، تاقەتسىز تۇرۇپ، قولىدىكى تاماكىنى ئۆچۈرۈپ، كۈتكۈچىنى چاقىرىپ ھېسابات قىلدى.

قىزىل كۆڭلەكلىك قىز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا سورىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىرەرى مېنى ئىزدەپ تېلېفون قىلدىمۇ؟
— ياق خېنىم، تېلېفون كەلمىدى!
— ئۆلگۈر! قارا، يوغانچىلىق قىلىپ كەتكىنىنى، — ئۇ سومكىسىنى چۆرۈۋېتىپ ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى، لوڭقىدىن بىر تال ئەتىرگۈلنى ئېلىپ، گۈل بەرگىنى بىر ـ بىرلەپ يۇلغىلى تۇردى، تۇيۇقسىز چىرقىرىۋىدى، ئۆي خىزمەتچىسى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.
— خېنىم، نېمە لازىم؟
— گۈلنىڭ تىكىنى قولۇمغا كىرىپ كەتتى، قارا قولۇمغا!
— ئەتىرگۈلنىڭ تىكىنى بولىدۇ، مەن چىقىپ دورا ئەكىرەي.
— ھەي سەھرالىق، سەن ھازىر تىكەنسىز ئەتىرگۈللەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسەن؟ — ئۇ يەرگە تاشلىۋەتكەن ئەتىرگۈلنى ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى بىلەن دەسسىگىلى تۇردى، — بۇنىڭدىن كېيىن تىكىنى يوق ئەتىرگۈلنى ئال، بىلدىڭمۇ؟
— بىلدىم، خېنىم.
— ھىم ...

سۇلۇڭ جىن يىغىندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيىگە قايتتى.
— جىن ھامما! قورسىقىم ئېچىپ كورۇكىراپ كەتتى، كەچلىك تاماق ۋاقتى بولماپتۇ، يېگۈدەك نەرسە بارمۇ؟
— ماروژنى بار، سىز چۈشتىن كېيىن چاي ئىچمىگەنسىز؟
— چۈشتىن كېيىنلىك چاي دەيسىزغۇ، يىغىن ئاچتۇق، يىغىننى دەپ چۈشتىمۇ ئازراق پىرەنىك يېدىم. چۈشتىن كېيىنلىك چاي، ئاپلا، چاتاق بولدى! تېلېفون بەرمىسەم بولمىدى!
— نېمە بولغاندۇ، ماۋۇ بالىغا! — جىن ھامما ئۇنىڭغا تىكىلدى، — تورت يەمسىز؟
— نېمىدەپ يېمىگۈدەكمەن؟ ئىككى توغرام بېرىڭا، يەنە سېرىقماي بىلەن مېۋىلىك سۇتتىنمۇ بېرىڭ. جىن ھامما، ئۇلارنى

ئىچكىرى دەھلىزگە ئەكىرىپ بېرەمسىز، مەن تېلېفون قىلاتتىم.

— ئەتىدىن ـ كەچكىچە خىزمەتتىكىلا گېپىنى قىلغان، يېگەن نەرسىسى يا ھەزىم بولمىغان.

— بۇ قېتىم خاتالاشتىڭىز، مەن خۇسۇسىي ئىش بىلەن تېلېفون قىلىمەن، ئارام ئالىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىش، جىددىي ئىش ئەمەس.

— جىددىي ئىش بولمىسا، بايا نېمىشقا سەكرەپ كېتىسىز؟

— بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، ئۇنتۇپ قاپتىمەن! بىراق ئەپۇ سوراپ قويسىملا بولىدۇ.

— بىر قىزغا تېلېفون قىلامتىڭىز؟ خۇسۇسىي ئىش دېگىنىڭىزگە قارىغاندا، لايىقىڭىز ئوخشىمامدۇ؟ — بۇ نۆۋەت جىن ھامما جىددىيلەشكىلى تۇردى، — لايىق تاپتىڭىزمۇ؟ ئۇ كىم؟ نېمىشقا خانىمغا ئېيتمايسىز؟

— يېڭى تونۇشقان قىز. ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ئۇ لايىقىم ئەمەس! جىن ھامما، جىددىيلەشمەڭ، تېز ماڭا يەيدىغان نەرسە ئەكېلىپ بېرىڭا...

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا سۇڭ جىن شىرەدە بىرىنىڭ كەملىكىنى بايقىدى.

— مەنسى قېنى؟

— ئۇ بىر دوستىنىڭكىدە تاماق يەيدىكەن، — دېدى جىن ھامما، — تەتىل بولغاندىن بېرى بۈگۈن بىرىنچى قېتىم سىرتقا چىقىشى.

— مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەن، ئۇ دېمەتلىكلەرنىڭ تازا ئوينايدىغان ۋاقتى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە ئىچى سىقىلىدۇ!

— ئۇ راستىنلا يالغۇز قىزغا ئوخشايدۇ، يالغۇز زېرىكىدۇ.

— دېمىسىمۇ يالغۇز قىزغۇ! — سۇڭ خانىم يېنىك ئۇھ تارتتى، — ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قالغان.

— سىڭلىم جان ئۈزۈش ئالدىدا، مەن ئۇنىڭغا ئىككى ئىشقا ۋەدە قىلغان: جۇاڭ ئائىلىسىنىڭ مۈلكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولغانىدىم، بۇ ۋەدەمنى ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتىمەن؛ ئۇنىڭدىن سىرت، مەنسىگە ئوبدان قارايدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم.

— بىز ئەزەلدىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز، ئۇنى ئۆز قىزىمىزدەك كۆرۈۋاتىمىز، سۇڭ جېنىغا قانداق مۇئامىلە قىلساق، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز، ئەزەلدىن سۇڭ جېنىغا بىر خىل، مەنسىگە بىر خىل قارىمىدۇق.

— بىراق مەن ئېيتقان، مەنسى يالغۇز ئەمەس، چۈنكى بىزنىڭمۇ بىرلا ئوغلىمىز بار، نەۋرە ئاكا ـ سىڭىللار بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولىدۇ. بىراق مەنسى توققۇز يېشىدا سۇڭ جېن چەت ئەلگە ئوقۇشقا كەتتى، مەنسى يالغۇز قالدى، بىز ئۈچ قېرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدۇق، — دېدى سۇڭ خانىم.

سۇڭ ئەپەندى بىشىنى چايقاپ ئۇھ تارتتى.

— بۇ ۋەدىگە مەن ئەمەل قىلالمىدىم، كەچۈرۈڭ، سىڭلىم.

سۇڭ خانىم جىمىپ كەتتى، چۈنكى مەنسىنىڭ ئاپىسى ھايات چېغىدا يەڭگە بىلەن قېينسىڭلىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى.

— ھەممە سەۋەنلىك مەندە، ئىلگىرى مەن ياخشى ئوقۇمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولدۇم، — دېدى سۇڭ جېن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ.

— سەن خاتالىقىڭنى يۇدۇڭ، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا ئۇدا ئوقۇش مۇكاپاتى ئالدىڭ. سەن دېگەن ئىقتىساد ئىلمى دوكتۇرى.

— بىراق مەن دادامنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالماسلىقىغا سەۋەبچى بولدۇم، كەچۈرۈڭ ھاما.

— بۇ چوڭلارنىڭ ئىشى، سەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، — سۇڭ خانىمنىڭ نەزىرىدە ئوغلى نۇقسانسىز ئىدى.

— ئەمەلىيەتتە ھېلىمۇ كېچىكمەيسىلەر، بەگزادە قايتىپ

كەلدى، نەۋرە ئاكا ـ سىڭىللار جەم بولدى، بەگزادە نەۋرە سىڭلىسىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا بولىدۇ.

— جىن ھامام توغرا ئېيتىدۇ، ھېلىمۇ كىچىكمەيمىز. ۋاقتىم چىقسىلا ئۇنى ئوينىتىمەن، ئۇنىڭ ياشاش دائىرىسىنى كېڭەيتىمەن، — دېدى سۇلى جېن ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، — بىز ئۆيىمىزدە كاتتا تانسا يىغىلىشى ئۆتكۈزسەك بوپتىكەن!

— بولىدۇ! — سۇلى ئەپەندى ئالدى بىلەن قوشۇلدى، — ھەممىمىز ئۆز ھەلەكچىلىكىمىزدە يۈرۈپ كەتتۇق. ئائىلىمىزدە مېھمان چاقىرىپ نەغمە قىلمىغىلى ئۇزۇن بوپتۇ.

— مەن دوستلىرىمنى جىق چاقىرىپ، مەنسگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئۇنىڭ دوستلىرى كۆپەيسە زېرىكمەيدىغان بولىدۇ.

— بولىدىغان گەپكەن، — دېدى سۇلى خانىم، — ئائىلىمىز بەك جىمىپ كەتتى، كۆپچىلىك قانغۇدەك ئوينىۋالايلى.

— ئاپا، سىز مېنى نۇرغۇن تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولغانىدىڭىزغۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرايلى، كۆپچىلىك جەم بولۇپ، خۇشال ئوينايلى.

— ياق، بولمايدۇ! نەۋرە قېرىنداشلىرىڭغۇ مەيلى، بىراق چوڭ داداڭ، چوڭ ئاپاڭ، تاغاڭ، ھاماڭلار ... بۇنداق تانسا يىغىلىشلىرىنى ياقتۇرمايدۇ.

— ئۇلار باشقا ئۆيدە ئولتۇرسا بولىدىغۇ؟ — سۇلى جېننىڭ قورسىقى تويۇپ قاچىسىنى قويدى، — دەھلىز ياشلارنىڭ بولسۇن، بىز ئۇ يەردە تانسا ئوينىغاچ تاللا تاماق يەيمىز، سىرتتىكى گۈللۈكتە تۇرساقمۇ بولىدۇ. ئىچىدىكى دەھلىز، تاماقخانا، ئۆينىڭ كەينىدىكى بالكون چوڭلارنىڭ بولسۇن، چوڭلار ئۇ يەردە قارتا ئوينىسىمۇ، پاراڭلاشسىمۇ ... بولىدۇ، تاماقخانا بىلەن ئىچكى دەھلىزنىڭ ئالتە ـ يەتتە يېرىگە شىرە تەييارلاپ قويايلى، ئۇلار ئۇ يەردە جۇڭگوچە قورۇمىلاردىن يېسۇن.

— بۇ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش بولدى! — دېدى سۇلى ئەپەندى

www.uyghurkitap.com

ئىككى ئالىقىنىنى ئۆرۈپ قويۇپ، — جۇڭگونىڭمۇ بار، غەربنىڭمۇ بار، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوبدان بىرلەشتۈرۈلۈپتۇ. ياشلار چوڭلارغا، چوڭلار ياشلارغا تەسىر يەتكۈزمىگۈدەك، تانسىمۇ ئوينىلىدىكەن، قارتىمۇ ئوينىلىدىكەن، تاللا تاماق يېسىمۇ، جۇڭگوچە قورۇما يېسىمۇ بولغۇدەك.

— ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش بولدى. ھازىر ھەممە ئادەم گۆشسىز تاماق يەيدىغان بولۇپ كەتتى، يەنە ئىككى ـ ئۈچ شىرەلىك گۆشسىز تاماق تەييارلايلى، گۈللۈكتە كۆپرەك كاۋاپدان تەييارلايلى!

— چوڭ ئاپام گۆشسىز تاماقلارنى تەييارلىغانلىقىمىزنى ئاڭلىسا چوقۇم كېلىدۇ.

جىن ھامما بۇلارنى ئاڭلىغانچە قىزىقىپ قالدى، شۇ تاپتا توختاپ قالغان ماشىنىدەك ھەرىكەت قىلغۇسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى.

— بەك مۇرەككەپ بولۇپ كېتەرمۇ؟ بۇنىڭغا جىق پۇل كېتىدۇ.

— پۇلنى تاپقاندىكىن خەجلەش كېرەك، شىركەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىنىمۇ ياخشىلاش كېرەك، ئۆيىدىكىلەردىن پۇلنى قىسىپ، ئائىلىنىڭ پاراۋانلىقىنى ياخشىلىمىسا قانداق بولىدۇ؟ كېرەك يوق، ھەممە ئىشقا بىز بار، ئەمىسە يىغىلىشنى قاچان ئۆتكۈزىمىز؟

— ئەڭ تېز بولغاندىمۇ كېلەر ھەپتە ئۆتكۈزەيلى، ئۇ كۈنى مەن بىر كۈن ئىشلىمەيمەن، پۇخادىن چىققۇچە ئوينايمەن، ھېرىپ كەتسەم ئەتىسى ئىشقا بارمىساممۇ بولىدۇ.

— كۈننى سەن بەلگىلە، قاچان دېسەڭ مەن تەييار، چوقۇم ياخشى ئورۇنلاشتۇرايلى، بۇ ۋەزىپىنى مەنسىگە تاپشۇرايلى، بۇنداق قىلساق، ئۇ زېرىكىپ قالمايدۇ.

— كىچىك قىز ئوبدان ئورۇنلاشتۇرالامدۇ؟

— بىز بار تۇرساق، تەييارلىق ھەلەكچىلىكىدە ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ.

— مەنسى قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرسۇن، بىز تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزىمىز ئەمەسمۇ.

— مەنسى خېنىم قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتسا، نەدىمۇ ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بولسۇن؟

— ئېيىتسام قۇرۇۋسۇن، — سۇڭ جېن بېشىغا ئۇرۇپ قويدى، — كېرەك يوق، يىگىتلەرنى مەن تاپاي ...

جۇاڭ مەنسى راستتىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئاش - تاماقتىن سىرت، سورۇن ھازىرلاشتا جۇڭگوچە ۋە غەربچە دەپ ئايرىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆي ئىچى ھەم گۈللۈكلەرنىمۇ رەتلەشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ساۋاقداشلىرى ۋە سۇڭ ئائىلىسىدىكىلەر ياردەم قىلغان تەقدىردىمۇ بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولالمايتتى.

— تاغا، قارىغاندا مۇراسىم شىركەتلىرىدىن ئادەم تەكلىپ قىلمىساق بولمىغۇدەك، — دېدى مەنسى، — چوڭ ئىشلارنى ئۇلار قىلسۇن، كىچىك ئىشلارنى بىز قىلايلى.

— راست، شۇنداق قىلمىساق بولمىغۇدەك، تاماقنى ئالساق، ئۇلار رېستورانلار، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى رېستورانى، داڭلىق ئاشپۇزۇللاردىن ئادەم تەكلىپ قىلىپ كېلىدۇ، — سۇڭ ئەپەندى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

— سۇڭ جېن يەنە مۇزىكانتلارنى، داڭلىق ناخشىچىلارنى تەكلىپ قىلايلى دەۋاتقان، بىز ئۇ ناخشىچىلارنى تونۇمىساق، — سۇڭ خانىممۇ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، — چوقۇم مۇراسىم شىركىتىدىكىلەرنى تەكلىپ قىلمىساق بولمىغۇدەك.

— مەنسى، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماڭ، چوقۇم مېھمانلارنىمۇ، ئۆزىمىزنىمۇ خۇشال قىلىدىغان ئىشنى قىلايلى. قانداق ياخشى تەكلىپلىرىڭىز بولسا ئېيتىڭ.

— ئەمىسە مەن بىر پىلان يېزىپ چىقىپ، سۇڭ جېن ئاكامغا كۆرسىتەيمۇ؟

— بولىدۇ، ئېرىنمىسىڭىز شۇنداق قىلىڭ.

www.uyghurkitap.com

— ئېرىنمەيمەن، ئۆيىمىزگە كۆندە مېھمان چاقىرىپ يۈرمىسەك! — مەنسى پىلان يازغىلى چىقىپ كەتتى.

— يەنىلا سۇڭ جېنىنىڭ ئامالى بار ئىكەن، قاراڭلار، مەنسىنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكىنىگە! — سۇڭ خانىم خۇشال بولۇپ مەنسىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

— سىز خۇشال بولمىدىڭىزمۇ؟ — سۇڭ ئەپەندى خوتۇنىغا چاقچاق قىلدى.

— سىز خۇشال بولۇۋاتىسىز، دائىم جىيەنىڭىزنىڭ ئىچى پۇشۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىڭىز، ئەمدى ئۇنىڭغا ئىش تېپىلدى!

— قىزىڭىز دەڭ، سىز ئۇنى ئۆز قىزىمىزدەك كۆرىمىز دېمىگەنمىدىڭىز. سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

مەنسى پىلانىنى يېزىپ سۇڭ جېنغا بەرگەندى، سۇڭ جېنىنىڭ ئۇنى كۆرگۈدەك ۋاقتى چىقمىدى ھەم ئۇنىڭغا ئارىلاشقۇسى كەلمىدى، بىراق دادىسى ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بۇ يىغىلىشنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسىتىنىڭ بىرى جاۋاڭ مەنسىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، ئۇنى خۇشال قىلىش ئىكەنلىكىنى سەمىگە سالدى.

سۇڭ جېن كەچلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ مەنسى يازغان پىلانىنى كۆرۈپ چىقتى ھەمدە چىقىرىۋېتىشكە تېگىشلىكىنى چىقىرىۋېتىپ، قوشۇشقا تېگىشلىكلىرىنى قوشتى.

سۇڭ جېن ئەتە ئەتىگەندە يەنە ئىككى قېتىم مۇدىرىيەت يىغىنى ئاچماقچى بولسىمۇ، مەنسى بىلەن پىلان توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىشكە ۋاقىت ئاجراتتى.

— پىلانىنى كۆڭۈل قويۇپ، ناھايىتى ئوبدان، تەرتىپلىك تۈزۈپسىز، بۇنداق پىلان تۈزەلىشىڭىزنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم، مەن سىزنى كىچىك چاغلاپ قاپتىمەن. كەلگۈسىدە سودا بىلەن شۇغۇللانسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى سۇڭ جېن، — ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش نىيىتىڭىز بارمۇ، قايسى كەسىپتە

ئوقۇغىنىڭىز بار؟
— ئادۋوكات بولغۇم بار ئىدى، بىراق نۇتۇقتا ئانچە ياخشى ئەمەس.
— نۇتۇقنى مەشىق قىلسىڭىز بولىدۇ، سىز تېخى كىچىك، ئالدىڭىزدا نۇرغۇن چېنىقىش پۇرسىتى بار.
— بىراق تاغام، دادىڭىزنىڭ تىجارەت ئىشىغا سۇك جېن ياردەم قىلالماي قالسا، ئۆزىڭىز ۋارىسلىق قىلىڭ، دېگەنىدى. قارىسام، سۇك جېن ئاكا، سىز ئۇنىڭغا ۋاقىت ئاجرىتالمىغۇدەكسىز، شۇڭا مەن سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇيمىكىن دەۋاتىمەن، — دېدى مەنسى. سۇك ئەپەندى، مەنسى بىلەن سۇك جېن توي قىلىپ قالسا، ئىككى شىركەتنى بىرلەشتۈرسە، سۇك جېنىنىڭ يېتىشىپ كېتەلىشىدە گەپ يوق، دەپ ئويلىغانىدى، بىراق سۇك جېن مەنسىنى سىڭلىسى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى، دېمەك، ئۇ بۇ تويغا قوشۇلمايدۇ.
— ئويدان ئويلاپسىز، قاراڭ، ماۋۇ يازغانلىرىڭىزدىن كەلگۈسىدە سودا ئەھلى بولۇپ چىقىشىڭىز بىلىنىپ تۇرىدۇ.
مەنسىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، ئۇ ئۆزىنىڭ كەسىپ ئەھلى، نوچى ئايال بولۇپ چىقىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇ پەقەت سۇك ئائىلىسىدە قېلىپ، سۇك جېنىنىڭ خوتۇنى بولۇشنىلا ئويلايتتى.
— يازغان پىلانىڭىزغا كەلسەك، كىرىم - چىقىم خام چوت جەدۋىلى ماڭا بەك ياقتى، ھەربىر تۈرنى ئېنىق يېزىپسىز، بۇنى كۆرگەن ئادەم جەمئىي قانچىلىك پۇل كېتىدىغانلىقىنى، نېمىلەر چىقىم قىلىنىدىغانلىقىنى قاراپلا بىلەلەيدۇ.
— بۇنى يازمىسام بولمايدۇ، چۈنكى سىز ئىقتىساد كەسپىدە ئوقۇغان، شۇڭا ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلىدىم، خام چوت جەدۋىلى يۈزدە يۈز توغرا.
— شۇنداقمۇ؟ بەك ياخشى بوپتۇ! — سۇك جېن خۇشال بولۇپ مەنسىگە قارىدى، — سودىگەرلەر ئۈچۈن خېرىدارنىڭ

www.uyghurkitap.com

قەلبىنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بىراق، بۇنداق پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى خام چوت جەدۋىلىنى تۈزۈشكە سەل كەڭ قوللۇق قىلمىساق بولمايدۇ، چۈنكى تانسا مۇراسىمى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. تىجارەت قىلغاندا سەل چىڭ بولۇش كېرەك، چىقىم خام چوتتىن ئېشىپ كەتكەندە، پايدىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

— سۇڭ جىن ئاكا، بۇ پىلان تەستىقلاندىمۇ؟

— تەستىقتىن ئۆتتى! — سۇڭ جىن پىلان دەپتىرىنى ئۇنىڭغا بەردى، — بىراق مېنىڭ يەنە بىر تۈرنى قوشقۇم كېلىۋاتىدۇ.

— نېمىنى قوشىمىز؟

— تانسا مۇراسىمىغا لاتارى تارتىش تۈرىنى قوشايلى، چەت ئەللىكلەر لاتارى ئويۇنىغا بەك قىزىقىدۇ.

— بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرمۇ قىزىقىدۇ. بىراق مۇكاپات بۇيۇمىغا كېتىدىغان خىراجەتنى تاغامدىن ياردەم سورىساق بولغۇدەك.

— بۇنى مەن چىقىراي! بىزنىڭ شىركەت بىرنەچچە خىل ماركىدىكى كۈندىلىك بۇيۇملارنى سېتىش تىجارىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىۋاتىدۇ، زاۋۇتىمىزدا يەنە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئويۇنچۇق، كۋارتىز سائەت ۋە تەنھەرىكەت كىيىملىرى ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ، بۇلار بولامدۇ؟

— بولىدۇ! ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنىڭ رادىئولۇق سائىتىمنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ھەم ئەرزان، ھەم چىرايلىق، تىزىپ قويۇشقا بولىدۇ.

— ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئامەت تىلەيمەن! ...

مەنسى جۇ ۋېنفېڭنى ياردەمگە چاقىردى، گەن يۇلىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن ياپونىيىدىكى ساياھىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ قايتىپ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى.

جۇ ۋېنفېڭنىڭ ئاكىسى سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋېتتى، ئۇ ئەزەلدىن جۇاڭ مەنسىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ جۇ ۋېنفېڭدىن

ئۆزىنىمۇ سۇلۇك ئائىلىسىگە ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— يىغىلىشنى مۇراسىم شىركىتىدىكىلەر ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولغانغۇ؟ سىلەر نېمىگە پايپاسلاپ كەتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى سۇلۇڭ خانىم مەنسىدىن.

— تاغام ئىككىمىز دېيىشىپ قويغان، چوڭ ئىشلارنى ئۇلار ئورۇنلاشتۇرىدۇ، كىچىك ئىشلارنى بىز قىلىمىز.

— كىچىك يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغانغا شۇنچە جىق ئادەم پايپېتەك بولۇپ كېتىۋاتىسىلەر، كېيىن سۇلۇڭ جېن خوتۇن ئالسا، سىز ياتلىق بولسىڭىز قانچىلىك ئادەم كېتەر؟

— هاما، ساۋاقداشلىرىم كىرىپ - چىقىپ دەم ئېلىشىڭىزغا دەخلى قىلىۋاتامدۇ؟

— ياق، ياق، هەرگىز ئۇنداق ئىش يوق. ئۆيىمىز جىمجىت ئىدى، ئۇلار كېلىپ ئاۋات بولۇپ قالدى، — سۇلۇڭ خانىم مەنسىنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويدى، — بىرنەچچە كۈندىن بېرى سىزمۇ خۇشال كۆرۈنىسىز!

— ئالدىراش بولۇپ كەتتىم! خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغانغا نەدىكى ۋاقىت؟

— نېمىشقا بالدۇرراق ئويلاشمىغان بولغىيتتىم، تەتىل قويۇپ بەرگەندىلا ساۋاقداشلىرىڭىزنى ئۆيگە ئەكېلىپ قوندۇرۇپ قالغان بولساق، سىز بىلەن ئوينىسا، زېرىكىپ كەتمەيتتىڭىز كەن، — دېدى سۇلۇڭ خانىم بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۆيلەر بىكار تۇرۇۋاتىدۇ، هەر قېتىمدا بىر شىرە تاماقنى تۆت - بەش ئادەم يەپ بولالمايدىكەنمىز.

— هاما ...

— ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئېيتىڭ، تاماقنى مۇشۇ يەردە يېسۇن، كەچ قالسا قونۇپ قالسۇن، جېن هاما سىلەرگە ئۆي راسلاپ بېرىدۇ.

— ئۇلار خىجىل بولىدۇ، تاماق يېيىشكىمۇ ئۇنىماسمىكىن.

— ئۇڭاي گەپقۇ، سىلەر غەربچە تاماقلارغا ئامراق، ئۇلارغا

ئاشخانىدىلا غەربچە تاماق ئىچىپ بەرسەك بولغۇدەك! ئۇلار بىز بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن تارتىنسا كېرەك.

— هاما، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ ...

— چۈشىنىمەن، مېنىڭمۇ ياش ۋاقتىم بولغان. مەنمۇ چوڭلار بىلەن بىر شىرەدە تاماق يېيىشتىن تارتىناتتىم. ئۆزۈڭلار بىرگە تاماق يېسەڭلار خۇشال ئولتۇرىسىلەر!

— رەھمەت هاما!

— ئەخمەق قىز! — سۇڭ خانىم مەنسىنىڭ چاچلىرىدىن سىلىدى، — بۇ ئىش بۇرۇنراق كاللامغا كەلمەپتۇ.

— هاما، ئەسلىدە ئارىمىزدا ئوغۇل بالا يوق ئىدى، ئۇ جۇ ۋېنفېڭنىڭ ئاكىسى جۇ ۋېنلۇڭ، ئۇ كېلمەمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ!

— كېلىۋەرسۇن، كىمنىڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ كەلگۈسى بولسا كېلىۋەرسۇن، بۇ يەر مۇناسىپ بولمىسا، سۇڭ جىن يىغلىش ئۆتكۈزىدىغان كۈنى ئوغۇللارنىڭ ئاز بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ يۈرەتتى، — سۇڭ خانىم مەنسىنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قېقىپ قويدى، — ئۇنتۇپ قالماڭ، بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، هامىڭىز بىر رايوندىكى بالىلارنى ئەكەلسىڭىزمۇ خاپا بولمايدۇ. قىز - ئوغۇل بولسىمۇ مەيلى. دوستلىرىڭىزنى چاقىرىڭ، مەن جىن هامىغا ئېيتىپ قوياي، سىلەرگە ئۇسسۇزلۇق ئاچقىپ بەرسۇن.

ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئوچۇقچىلىقتا بىر قاتار ئەينەكلىك ماجياڭ جوزىسى قويۇلدى، ياز كۈنى چۈشلۈك تاماق يەيدىغان ئورۇنغا ئەڭ چوڭ جوزا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مەنسى ئۈچ دوستى بىلەن سوغۇق ئىچىملىكنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، ئۆي ئىچىدە هاۋا تەڭشىگۈچتىن سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى، چوڭ دېرىزىدىن سىرتتىكى گۈل، مېۋىلىك دەرەخلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— مەنسى، هاماڭ سېنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن - هە! — دېدى گەن يۇلىڭ.

— ئۇنىڭ تاغىسى ئۇنىڭدىنمۇ بەك كۆيۈنىدۇ! — دېدى جۇ

ۋىنفىلىڭ تاۋۇز سۈيىدىن قىنىپ سۈمۈرۈپ.

— ئەمەلىيەتتە غوجىدار جىن ھامما بەكرەك كۆيۈنىدىكەن، — دېدى جۇ ۋىلۇڭ. ئۇ بۇ يىل 19 ياشتا ئىدى، كومپيۇتېر كەسپىدە ئوقۇيتتى، ئۇ ئەسلىي ئىنتايىن شوخ بالا ئىدى، جۇاڭ مەنسىنى كۆرۈپلا مۇلايىم بولۇۋالدى.

— سۇڭ ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن ماڭا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇ مېنىڭ ئۆز ئۆيۈم.

— سەن نېمىشقا تاغاڭنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېرىسەن؟ — دەپ سورىدى يۈلىڭ. ئىلگىرى جۇ ۋىنفىڭ سۇڭ ئائىلىسىگە كېلىپ باققان، يۈلىڭنىڭ تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى.

— خەقنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان گەپلەرنى قىلمىغىنا!

— بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئۇزۇن يىل بولۇپ كەتتى، ئۇ چاغدا كىچىك بولغاچقا، خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى، — مەنسى قولىدىكى ئىستاكاننى شىرەگە قويدى، — دادام قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدى، 30 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ داڭلىق سودىگەر بولغان، سودا قىلىش، پۇل تېپىشتىن باشقا ئىشقا قىزىقمايتتى، ماشىنا مۇسابىقىسىگە خېلى ھەۋىسى بار ئىكەن، بىراق مەن تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاپامنى ئەنسىرەتمەسلىك ئۈچۈن، مەن ئۈچ ياشقا كىرگەندىن كېيىن مۇسابىقىگە قاتناشماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ، بىراق مەن ئىككى ياشقا كىرمەي تۇرۇپ مۇسابىقە مەيدانىدا قازا قىلىپتۇ.

ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— ئاپام دادام بىر - بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن، دادام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئاپام كېسەلچان بولۇپ كېتىپتۇ، ئۈچ - تۆت ياش ۋاقتىمدا ئاپاممۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن مەن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن.

— داداڭنىڭ ئۆيىدىكىلەر يوقمۇ؟

— بار، ھەممىسى چەت ئەلدا، بوۋام گوللاندىيىدە، ئاپام مېنىڭ كىچىك تۇرۇپ چەت ئەلگە چىقىشىمنى خالىمايدىكەن.

ئۇنىڭ ئۇستىگە دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ سودىسىنى تاغام قىلىۋېتىپتۇ. تاغام ئاپامنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن؛ ئاپام بىلەن ھاممامۇ ئىنتايىن ياخشى ئۆتەتتىكەن، شۇڭا ئۇلار مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىۋالغان، — مەنسى ساۋاقداشلىرىغا تەسەللى بەردى،

— مەن ئۇچۇن كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ، مەن بۇ يەردە ئىنتايىن ئوبدان تۇرىۋاتىمەن، ئۇلار ماڭا سۆڭ جېن ئاكامغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئانىلار بايرىمى، ئاتىلار بايرىمىدا باشقىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بىللە يۈرگىنىنى كۆرسەم كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى، بىراق ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدىم.

— سېنى جېن ھامما بېقىپ چوڭ قىلغانمۇ؟

— ھەئە! جېن ھامما ئەسلىدە سۆڭ جېن ئاكامنىڭ ئىنىكئانىسى ئىكەن، مەن كەلگەندە، سۆڭ جېن ئاكام 12 ~ 13 ياشتا بولغاچقا، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ھاجەتسىز ئىكەن، شۇڭا جېن ھامما مېنىلا باقتى. سۆڭ جېن ئاكام ئىككىمىزنى ئۇ بېقىپ چوڭ قىلغان. شۇڭا، ئۇ بىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

— بىزنىڭ سېنىڭ ئۆيۈڭدە يۈرگىنىمىزگىمۇ بىرنەچچە كۈن بولدى، سۆڭ جېن ئاكاڭنى كۆرمىدۇققۇ؟ — دەپ سورىدى گەن يۈلىڭ.

— ئۇ بەك ئالدىراش! شىركەتتە يېڭى تۈزۈملەرنى ئورناتماقچىكەن.

— ئۆيگە تاماققا قايتمىدىغاندۇ؟

— ئاخشاملىرىمۇ سودا توغرۇلۇق كېلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن ئالىدىغان پايدىسى كۆپ. ئۇنىڭ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشكىدەكمۇ ۋاقتى يوق، شۇڭلاشقا يىغىلىش ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتىمىز، شۇنداق قىلساق، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن بىر كۈندىلا كۆرۈشەلەيدۇ!

— مەنسى، ئەتىلگە قويۇپ بېرىشتىن ئاۋۋال، سەن مۇشۇ تەتىلدىن باشلاپ زېرىكمەيدىغان بولدۇم، نەۋرە ئاكام ئەمدى

كەتمەيدۇ، ماڭا ھەمراھ بولىدۇ، دېگەنىدىڭ. سەن يەنە ئۇنى بولغۇسى ئېرىم دەۋاتاتتىڭغۇ ...

— مەن قاچان ئۇنى بولغۇسى ئېرىم دېدىم، — مەنسىنىڭ يۈزى ئوت ئېلىپ كەتتى، ئۇ جۇ ۋېنلۇڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، ئىستاكاننى ئېلىپ، قوغۇن سۈيىنى بولۇشىغا سۈمۈردى.

— ئاكا، سەن سۇڭ ئائىلىسىنىڭ رەڭدار كارپ بېلىقلىرىنى كۆرمەكچىدىڭغۇ، ئاۋۇ ياققا قارا، ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە بىر كۆلچەك بار، بېلىقلار ئاشۇ كۆلچەكتە، بېرىپ كۆرۈپ باق!

— ھازىر كۆرگۈم يوق، — جۇ ۋېنلۇڭنىڭ مەنسى بىلەن سۇڭ جېنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىپ باققۇسى بار ئىدى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قېلىش پۇرسىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلەلەيتتى.

— بارە! — جۇ ۋېنفېڭ قاپىلىق سەدەپ مېغىزنى ئۇنىڭغا ئېتىپ بەردى.

جۇ ۋېنفېڭ جۇ ۋېنلۇڭنى بىرنېمىلەرنى قىلىپ كەتكۈزۈۋەتتى.

— سۇڭ جېن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قەيەردىن - قەيەرگىچە بولۇۋاتىدۇ؟

— سۇڭ جېن ئاكام ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بىر يەرگە بېرىشىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىدىم. جىن ھامامام دائىم قۇلىقىمغا پىچىرلاپ: «سىلەر كىچىككىڭلاردىن بىرگە چوڭ بولغان ھەم نەۋرە ئاكا - سىڭىللار، خۇدا قوشقان قوشماقلار...» دەيدۇ، تاغامۇ قوش تۇغقان بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھاماممۇ قارشىلىق بىلدۈرمىدى، سۇڭ جېن ئاكام بەك ياخشى، يىگىت دېگەن ئالدىمدا تۇرسا، باشقىلارنى نېمە قىلارمەن، دەپ ئويلايمەن.

— بۇ ياخشى ئىش ئىكەن، مۇبارەك بولسۇن! — دېدى گەن يۈلىڭ.

— يوق گەپنى قىلمىغىنا! — جۇ ۋېنفېڭ گەن يۈلىڭنىڭ

قولىغا ئۇرۇپ قويدى، — سۇلۇ جېن قايتىپ كېلىپلا ئۇنى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئاكا ـ سىڭىللار قانداقمۇ توي قىلالىسۇن؟

— نېمە دەيدىغانسەن؟

— مەن سەت، كىچىك ۋاقتىمدا ھەم سېمىز، ھەم ئاپئاق ئىدىم. بەئەينى مانتىغا ئوخشايتتىم، سۇلۇ جېن ئاكام مېنى ياراتمايدۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ قىزلارنىڭ تېرىسى ئاق بولسا نېمىدەپ بولمىغۇدەك؟ سەن شۇنداق زىلۋا تۇرماسەن، كىم سېنى سېمىز دەيدۇ، سېنى سېمىز دېسە، جۇ ۋېنفېڭ ئىككىمىزنى نېمىمۇ دەر؟ سېنىڭ فىگۇراڭ تازا ئۆلچەملىك. نەۋرە ئاكاڭنىڭ كۆزى يوق ئىكەن.

— مەن ئىككى يىلدىن بېرى ئورۇقلاپ قالدىم، ئىككى يىل ئاۋۋال سۇلۇ جېن ئاكام قايتىپ كەلگەندە مەن مانتىدەك ئىدىم، تۇنجى تەسىرات مۇھىم ئىكەن، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا شۇنداق تەسىر بەرگەن ئوخشايمەن. بۇنى ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولمايدۇ!

— ئىسسىت! ئىسسىت! — گەن يۇلىڭ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى، — ھەي! ئۇنىڭ چەت ئەلدە لايىقى بارمۇ يوق؟

— يوق! — دېدى مەنسى كەسكىن قىلىپ، — ئۇ چەت ئەللىك قىزلارنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چەت ئەلدە ناھايىتى ئالدىراش ئۆتۈپتۇ، تىرىشچان بولغاچقا، ھەر يىلى مۇكاپات ئېلىپ ئوقۇپتۇ، ئۇنىڭ مۇھەببەتلىشىدىغانغا نەدىكى ۋاقتى؟

— قايتىپ كەلگەندىن كېيىنچۇ؟

— تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى! ھەر كۈنى خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، پۇل تېپىشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ!

— شەھىرىمىزدە چىرايلىق قىزلار ساماندەك، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپلا قالسا، ۋاھ! بىر كۈندىلا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ!

— سۇلۇ جېن ئاكام ئۇنداق رومانتىكلاردىن ئەمەس!

— نەۋرە ئاكاڭنىڭ راستىنلا لايىقى بولمىسا ساڭا پۇرسەت

بار ئىكەن.

— ئۇنداق خىياللارنى قىلالمايمەن ...

— ئۇنىڭغا نېمە بولاتتى، سەن چىرايلىق، ساڭا يىگىت چىقماي قالمايدۇ، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — باشقىسىنى قويۇپ ئاكامنى دەيلى، ئۇ مەنسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، دائىم مېنى ئارىغا سالماقچى بولىدۇ.

— ھەي، جۇ ۋېنلۇڭنى دەمسەن، ئۇ مايمۇننىڭ ئۆزىغۇ ... — گەن يۈلىڭ سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— ئاكام شوخ بولغىنى بىلەن قوپال ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەنسىگە بەك ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىدۇ، بوي ـ تۇرقىمۇ جايىدا، يەنە كېلىپ ئۇ دېگەن مۇھەببەت مەستانىسى، — جۇ ۋېنفېڭ گەن يۈلىڭگە تىكىلدى، — ئاڭلىسام باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان ئادەم شۇ ئادەمگە شۇنچە ئامراق بولىدىكەن، گەن يۈلىڭ، ئاكامغا كۆزۈڭ چۈشۈپ قالدىمۇ، قانداق؟

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ — گەن يۈلىڭ ئاچچىقىدا گېپىنى تاپالماي قالدى، — ئۇنىڭغا كۆزۈم چۈشۈپ قاپتۇمۇ ... مەن ... مەن ئاشۇنداق ... بىر مايمۇننى ياقتۇرۇپ قالارمەنمۇ؟ سەن ...

— بولدى قىلىڭلار، تالاشماڭلار، — مەنسى دەرھال ئۇلارنى ئايرىدى، — ئارام ئېلىپ بولغان بولساڭلار ئىشىمىزنى قىلايلى.

جۇ ۋېنفېڭ چىقىپ ئاكىسىنى چاقىردى.

— گېپىڭلار تۈگىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇ ۋېنلۇڭ جىددىي تەرزدە.

— ھەئە.

— مەنسى بىلەن سۈڭ جېننىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ئىكەن؟

— نېمە مۇناسىۋىتى؟ — جۇ ۋېنفېڭ ئاكىسىغا كۆزىنى چەكچەيتتى.

— سۈڭ جېن ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرى ئەمەسمىكەن؟

— ئەمەس!

www.uyghurkitap.com

— خۇداغا شۈكۈر! — جۇ ۋېنلۇڭ خۇشال بولغىنىدىن چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— نېمانچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭ؟

— ئەمدى ماڭا پۇرسەت كەپتۇ. قانچە دېگەنبىلەن مەن سۇڭ جېندىن كىچىك، شارائىتىممۇ ناچار ئەمەس، گەپ سېنىڭ ماڭا ياردەم قىلىش ـ قىلماسلىقىڭدا قالدى.

— ساڭا ياردەم قىلمىغان بولسام...

— نېمە ئىش بولدى، چاپسان ئېيتقىنا!

— ھېچنېمە بولمىدى، — جۇ ۋېنفېڭ گەن يۇلىڭنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشنى خالىمىدى، ئېيتىپ قويسىلا، جۇ ۋېنلۇڭ ئازار يەيتتى، ھەممەيلەننىڭ تەڭلا خاپا بولۇشۇپ قېلىشىنى خالىمىدى، — چاپسان بول، مەنسى بىزنى ساقلاپ قالدى.

ئاكا ـ سىڭىل ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ۋېنفېڭ، سەن ئەتە چىقىپ گۇللۇك قەغەز ئېلىشقا مەسئۇل بول، ئەڭ چىرايلىقىنى ئال!

— سۇڭ جېن ياردەم قىلماقچى بولغان مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تېخىچە ئەكەلمىدىغۇ؟

— ھەي ـ ي! — مەنسى ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۇردى، — ئۇ بەك ئالدىراش، مېنىڭ كاتىپى بىلەن ئالاقىلىشىشىمنى ئېيتقاندى، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان! ھازىرلا تېلېفون قىلاي...

بىر ئازدىن كېيىن مەنسى قايتىپ كىردى.

— مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تەييارلاپ قويۇپتۇ، ئەكېلىپ بەرسىلا بولىدىكەن. ئەتە باشقا ئىشىمىز بولمىغاندىكىن ئەتىگەندە بېرىپ ئەكېلىۋالامدۇق؟

جۇ ۋېنلۇڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ماقۇل بولدى.

— سۇڭ جېن ئاكام تانسا كېچىلىكىدە ئوغۇللار ئاز بولۇپ قالدى، دەيدۇ، سىلەر ئوغۇللارنى ئېلىپ كېلەلەمسىلەر؟

— ئاكام مەن بىلەن تانسا ئوينىسا، نەۋرە ئاكاڭنىڭ بەربىر

لايىقى يوق ئىكەن، سەن تانسا كېچىلىكىنىڭ ئاساسلىق ساھىبخانىسى، ئۇ سېنىڭ جۈپۈڭ بولىدۇ، — جۇ ۋېنفېڭ گەن يۈلىڭغا قارىدى، — پەقەت سېنىڭلا جۈپۈڭ يوق، باشقا ئوغۇللارنى ئەكېلەلمەيسەن!

— مېنى ھەرگىز ئوسال قىلالمايسەن، ئۇنتۇپ قالما، ئىككى ئاكام چەت ئەلگە چىقىپ كەتكىنىنى بىلەن، نەۋرە ئاكىلىرىم جىق، مەنسى، ئېيتە، ساڭا قانچىلىك ئوغۇل لازىم؟

— سۆڭ جېن ئاكام پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىشىمنى ئېيتقانىدى، بىراق بەزىلىرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى، قايتىپ كەلگەنلەر ياكى يۇقىرى يىللىقتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىمەن، ھېسابلاپ باقسام ئوتتۇزدەك بولغۇدەك!

— گەن يۈلىڭ، سېنىڭ ئوتتۇز نەۋرە ئاكاڭ يوقتۇ؟ — دېدى جۇ ۋېنفېڭ، — خاتىرجەم بول، مەنسى، مېنىڭمۇ نەۋرە ئاكا ـ ئىنىلىرىم جىق، ئوغۇللارنى ئەكېلىشنى گەن يۈلىڭ ئىككىمىزگە تاپشۇر!

— مۇھىمى نەۋرە ئاكا ـ ئىنىلىرىڭ تانسا ئويناياالامدۇ؟ بىز ئۇلارنى تانسا ئويناشقا تەكلىپ قىلىمىز، ھەرگىزمۇ ئەزىز مېھمان قاتارىدا چاقىرمايمىز!

— تانسا ئويناياالمايدىغانلىرىنى چاقىرمايمىز، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ بېشىنى چايقاپ، — چوقۇم دېگىنىمىزنى قىلىمىز!

— توفى! — گەن يۈلىڭنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— سىلەر سوقۇشۇۋاتامسىلەر؟ — دەپ سورىدى جۇ ۋېنلۈڭ ئۇلارنىڭ بىنورمال ھالىتىنى كۆرۈپ.

گەن يۈلىڭ بىلەن جۇ ۋېنفېڭ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— بىز ئەزەلدىن سوقۇشمايمىز، مۇنازىرە قىلغاندىمۇ مۇشۇنداق قىزىرىشىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىغۇ؟

— شۇنداق، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ گەن يۈلىڭنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ، — قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇشقاق كۆرۈپ قالما...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2

بۈگۈن ھەممىدىن خۇشال بولغىنى جۇاڭ مەنسى بولدى. چۈنكى، بۈگۈن سۇڭ جېن خىزمەتكە بارمىدى، ئۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن بىرگە ناشتا قىلدى (ئادەتتە بەك ئالدىراش بولغاچقا، ناشتا قىلمايلا خىزمەتكە كېتىپ قالاتتى)، ناشتىدىن كېيىن مەنسى ئۇنىڭغا ئارقا ھويلىنى، گۈللۈكنى، كاۋاپ پىشۇرۇش ئورنىنى... كۆرسەتتى، سۇڭ جېن بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ھەممىسى مۇراسىم شىركىتىنىڭ تۆھپىسى دەڭا! — دېدى مەنسى.

— پەقەت شىركەتنىڭلا تۆھپىسى ئەمەستۇ؟ سىزنىڭ كۆزىڭىزمۇ خېلى مال تونۇيدىكەن، ئاپام سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىزنىمۇ ئوبدان قاراشتى، دەيدۇ.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەم ئېلىشتا، بىكار يۈرسىمۇ يۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇلارنى ئەجەب كۆرمىدىمغۇ؟

— ئۇلار تونۇگۈن ئۆيلىرىگە كەتتى، ياسىنىپ ـ تارىنىپ كېلىدۇ.

— سىزچۇ؟ — سۇڭ جېن مەنسىگە قارىدى، — سىز قانداق كىيىم كىيىشنى ئويلىشىۋاتىسىز؟

— ھاممام ماڭا ئىككى كۆڭلەك تىكىپ بەردى، بىرىنى چۈشتىن كېيىن كىيىمەن، يەنە بىرىنى تانسىدا كىيىمەن، — دېدى مەنسى كۈلۈپ تۇرۇپ، بۈگۈن ئۇ تانسا كېچىلىكىنىڭ باش ساھىبخانىسى، سۇڭ جېن ئۇنىڭ تانسا جورىسى، ئۇ بۈگۈن سۇڭ جېنىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارىشىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنى تىلەيتتى.

— ئايال ساھىبخانا چوقۇم چىرايلىق ياسىنىشى كېرەك، — سۇڭ جېن توختاپ سائىتىگە قارىدى، — ئەتىگەندە سۇغا چۆمۈلمىگىنىگە ئۇزۇن بوپتۇ، مېھمانلار بۇنچە بالدۇر كېلىۋالماس - ھە؟

— باغاقتا سائەت تۆتتە دەپ يازغان، ئۇلار سائەت بەشتە ئاران كېلىدۇ، جۇ ۋېنفېڭلار چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، چۈنكى بىزنىڭ يەنە قىلىدىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىمىز بار.

— بىر - ئىككى سائەت سۇغا چۆمۈلسەك تەسىرى بولماس؟

— تېخى بالدۇر، ھېچ ئىشقا دەخلى قىلمايسىز، — بىر ئىش مەنسىنىڭ ئېسىگە كەلگەندەك بولدى، — ئىككىمىز بىرلىكتە؟

— ھەئە! ئاپام سىزنى مەكتەپ سۇ ئۈزۈش چېمپىيونى دەيدۇ، بۈگۈنكى بوش ۋاقتىمىدىن پايدىلىنىپ سىز بىلەن بىر مۇسابىقىلىشىپ باقاي، — سۇڭ جېننىڭ تەستە ۋاقتى چىققانىدى، ئۆزىمۇ خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك قىلاتتى، ئۇ مەنسىگە قولىنى ئۇزاتتى، — مەن بىلەن مۇسابىقىلىشەمسىز؟

مەنسى سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئالىقىنىغا ئۇرۇپ، مۇسابىقىلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىيىم ئالماشتۇرۇشقا كىرىپ كەتتى.

مەنسى پەلەمپەيدە جىن ھامما بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— بايا مۇراسىم شىركىتىدىكىلەر سىزنى ئىزدەپ تېلېفون قىپتۇ.

— راست! ئۇلار چۈشتە چىراغلارنى سىناق قىلىشقا كەلمەكچىدى.

— بىراق ئۇلار بىر سائەتكىچە بارىمىز دەيدۇ، يەنە ئاشخانىدىكىلەر سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، رېستوراندىكىلەر بىر قىسىم تاماقلارنى ئەكېلىپ بوپتۇ.

— نېمانچە بالدۇر؟ — مەنسى پەلەمپەيگە قارىدى، سۇڭ جېن ئاللىقاچان كىيىم ئالماشتۇرغىلى كىرىپ كەتكەنىدى.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ بىز تېخى تاماق دۇملەيتتۇق، ئاشپەزنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتىدۇ، تېز بېرىپ قاراپ بېقىڭلا!

— بىراق مەن ...

خىزمەتچىلەر چىقىپ تولۇلىدى:

— جىن هاما، ئۇلار يەنە گۆشلەرنى ئەكەپتۇ ...

— ئاشپەزگە ئېيتىپ قوي، مەنسى خېنىم ئىككىمىز هازىرلا كىرىمىز ...

ئاشخانىدىكى ئىشلار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاۋۋال ئۆيدىكى ئاشپەزلەر چۈشلۈك تاماققا تەييارلىق قىلىدىغان بولدى، مەنسى ئاشخانىدىن چىقىپ، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى تەرەپكە يۈگۈردى، سۇڭ جېن سۇ ئۈزۈۋاتاتتى.

— سۇڭ جېن ئاكا! — مەنسى كۆلچەك يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ توۋلىدى.

— مانا مەن! — سۇڭ جېن سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ يۈزىنى سۈرتتى، — تېخىچە كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرماپسىزغۇ؟

— كەچۈرۈڭ، سۇڭ جېن ئاكا. مۇراسىم شىركىتىدىكىلەر كېلىدىغان بوپتۇ، سىز بىلەن سۇ ئۈزەلمەيدىغان بولدۇم، يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن ئىشقا كىرىشىپ كېتىمەن.

— كېرەك يوق، مۇھىم ئىشنى قىلىڭ.

— بىراق سۇ ئۈزۈش پۇرستى تەستە كەلگەنىدى، — مەنسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى ھەم سەل ئۇمىدسىزلەندى، چۈنكى بۇ ئىككىسى بىرگە بولىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىدى، — مېنىڭ راستتىنلا سىز بىلەن سۇ ئۈزگۈم بار ئىدى.

— كېلەر قېتىم، مەن چوقۇم سىزگە جەڭنامە يازىمەن.

— كېلەر قېتىم يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن كېلەر؟

— پات ئارىدا كېلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بوش ۋاقتىم كۆپ بولىدۇ، — سۇڭ جېن مەنسىگە قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، سۇ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

سائەت توت بولماي سۇڭ ئائىلىسى قاينام - تاشقىنلىققا

چۈمدى، مەنسىنىڭ يېقىن ساۋاقداشلىرى بالدۇر كېلىپ بولغانىدى، سۇڭ جېننىڭ تاغا، هاممىلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بالدۇرلا كېلىشۋالدى.

مەنسى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى: ئۈچىسىدىكى كالتە كۆڭلىكىگە هال ئەتىرگۈلنى پار قىلىپ تاقىغان، پۇتىغا هال رەڭ پەس پاشنىلىق ئاياغ، كالتە ئاق پايپاق كىيگەنىدى.

جۇ ۋېنلۇڭ ئۇنى كۆرۈپلا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگىنى بىلەن، ياشلىق باهارى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ساهىبجامالىلارنى ياخشى كۆرەتتى.

مەنسى ئۇنىڭ ماختاشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى، ئۇ پەقەت سۇڭ جېننىڭ دىققىتىنى تارتىشنى ئويلايتتى، بىراق سۇڭ جېن ئۇنى كۆرمىدى، ئۇنى تۇغقانلىرى ئورىۋالغان، هەتتا نەۋرە ئاكا-هەدىلىرىمۇ كەلگەنىدى، ئۇ ئۇلارغا هەدەپ باش لىڭشىتىپ، كۈلۈمسىرەپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇراتتى...

— تۇغقانلىرىڭلارمۇ ئاز ئەمەسكەن، — دېدى جۇ ۋېنلۇڭ.

— شۇڭلاشقا بۇ يىغىلىشنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، ئەگەر سۇڭ جېن ئاكام ئۆيمۇئۆي بېرىپ كۆرۈشىدىغان بولسا، يېرىم ئاي خىزمەت قىلمىسا بولىدۇ!

— نەۋرە ئاكا-نەۋرە هەدەڭلار ئەجەب چوڭكىنا؟

— هاممام ئۆينىڭ ئەڭ كىچىكى. تاغام ئاپامنى هېسابقا ئالمىغاندا ئەڭ كىچىكى، شۇڭا بەزى ئەۋرىلەرنىڭ يېشى مەندىن ئانچە كىچىك ئەمەس. يەنە مېنى چاقىرىۋاتىدۇ ھە، مانا...

چۈشتىن كېيىنلىك چاي داستىخىنى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن بەزىلەر قارتا ئويناشقا، بەزىلەر شاهمات ئويناشقا باشلىدى، يەنە بەزىلەر پاي چېكى بازىرىدىكى چەت ئەل پۇلى توغرۇلۇق پاراڭلاشسا، بەزىلەر ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناشقا كىرىشىپ كەتتى... سۇڭ جېن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، جۇاڭ مەنسىگە دېدى:

— هېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئۆلۈپ قالاي دېدىم، ئارام

ئېلىۋالمىسام بولمىدى!

— ھەممىسىنىڭ سىزنى كۆرگۈسى كەپتۇ، ئۇلار دائىم كېلىپ تۇرمايدۇ، بىر يىلدا نەچچە قېتىملا كېلىدۇ.

— يالغان ھىجىيىپ، ئاغزىم مايماق بولۇپ قالاي دېدى، قولۇمدىن تارتىپ ئۇزارتىۋەتتىمۇ، قانداق؟

— ھېلىمۇ بايىقى مالىمانچىلىق ئۆتۈپ كەتتى!

— مالىمانچىلىقتىن تويمىدىڭىزمۇ؟ سائەت ئالتىدىن ئاشقاندا، شىركەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى كەلدى! — سۆڭ جىن چوڭلار بىلەن كۆرۈشىدىغان بولغاچقا، كەچلىك مۇراسىم كىيىمى كىيىمگەن، پەقەت كاستۇم - بۇرۇلكىلا كىيگەنىدى، — بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، قۇلاقلىرىم بىردەم تىنچلانسۇن.

ئۇ مېھمانلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى، كەچلىك تاماق سائەت سەككىزدە تارتىلىدۇ، ئۇ بۇنى خىزمەتچىلەرگە تاپىلىمىسىمۇ بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئارام ئېلىۋالالايدۇ.

بىراق جىۋاڭ مەنسى ئارام ئالالمايتتى، ئۇ بۈگۈنكى يىغىلىشنىڭ ئاساسلىق ساھىبخانىسى، چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇ بولمىسا بولمايدۇ. بولۇپمۇ كەچلىك تاماقتا ھەم جۇڭگوچە تاماق، ھەم غەربچە تاللا تاماق تارتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ بولمىسا بولمايتتى.

تەلىيىگە جىن ھاما، جۇ ۋېنفېڭ، گەن يۇلىڭلەردەك ياخشى ياردەمچىلىرى بار ئىكەن.

سائەت يەتتىدە ئۆينىڭ ئىچى - سىرتىدىكى چىراغلارنىڭ ھەممىسى ياندۇرۇلدى.

سائەت يەتتە يېرىمدا، مەنسى جىن ھامىنىڭ زورلىشى بىلەن ھۇجرىسىغا كىيىم ئالماشتۇرغىلى كەتتى.

— بايا بەگزادە كىيىملىرىڭىزنى ماختىمىدىمۇ؟

— ياق! بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە شۇنداق قىلغاندۇ.

— يىگىتلەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ نازىنىنلارنى كۆرگەندە كۆزلىرى ئويناپ كېتەتتى.

— بەلكىم مەن ئانچە نازىنىن بولمىسام كېرەك! — مەنسى ئۇھ تارتتى.

— سىز نازىنىن بولمىسىڭىز، نازىنىنلار قانداق بولىدۇ؟ ئۇ بەلكىم سىزنى كىچىك بالىدەك ياسىنىۋاپتۇ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. بەگزادە سىزدىن توققۇز ياش چوڭ، ئۇ بەلكىم سىزنى بەك كىچىك كۆرگەن بولسا كېرەك، — جىن هاما ئۇنىڭ چېچىنى تاراپ تۈگۈپ قويدى.

— جىن هاما، سىز دائىم چېچىمنى مۇشۇنداق تۈگۈپ قويىسىز - ھە؟

— مۇشۇنداق چاچ مودا، بۇ دېگەن ياۋروپا پوسونى، ئەينەككە قاراپ بېقىڭ، شۇ تاپتا تېلېۋىزوردا چىقىۋاتقان كىيىم مودېللىرىدىن نەرىڭىز كەم؟

جۇاڭ مەنسى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ جىن هاما ئېيتقاندەك مودا بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— بۇ يىل چاچقا كېپىنەك، گۈل دېگەندەك نەرسىلەر تاقاش مودا بوپتۇ، چېچىڭىزنىڭ تۈگكەن يېرىگە ھال رەڭ كېپىنەك چازا تاقاپ قويسام تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتىڭىز، — دېدى جىن هاما.

— جىن هاما، بولدى ئۇنى تاقىماي، بەك ھەشەمدەرەم بولۇپ كەتسەم، ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆلكىسىگە قالماي يەنە.

— بۇ ھالقىنى تاقىۋېلىڭ، بۇ ھەم ئېسىل، ھەم نەپىس كۆرۈنىدۇ، كىچىك كىيىمىڭىزگە پار كەلگۈدەك.

— بولدىلا، ئۇنى تاقىماي، قۇلىقىمدىكى بىرلىيانت ھالقامۇ شۇنچە پارقىراپ تۇرمامدۇ.

— ئۇپا سۈرۈشكە چوقۇم ئۇنىمايسىز، ئازراق ماي، قىزىل ئەڭلىك، لەۋ سۈرۈخلاردىن سۈرۈۋېلىڭ، تېخىمۇ چىرايلىق، بويىغا يەتكەن قىزدەك كۆرۈنىسىز.

— ياق، بولدى، جىن هامما! ساۋاقداشلىرىم ماي سۈرمەيدۇ، باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇپ كەتمەي، — دېدى مەنسى كۈلۈمسىرەپ، — راستىنىلا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى گىرىم قىلمايدۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، مەڭزىڭىز قىپقىزىل بولغاندىكىن ئەڭلىك سۈرمىسىڭىزمۇ مەيلى، لەۋ سۈرۈقىنى بولسىمۇ سۈرۈۋېلىڭ.

— نەرسە يەپ قالسام لەۋ سۈرۈقىنىمۇ قوشۇپ يەۋېتىپ قالماي. قاراڭ، كالپۇكۇم ئۆزىمۇ شۇنداق قىزىل تۇرمامدۇ.

— شۇنداق قىزىم! تېگىدىن چىرايلىق دېگەن شۇ ـ دە! بوپتۇ ئەمىسە! ئىشقىلىپ بۈگۈنكى سورۇندا سىزدەك چىرايلىق قىزنى تاپقىلى بولماس، — جىن ھامما مەنسىگە ياردەملىشىپ كىيىمنى كىيدۈردى.

جۇاڭ مەنسى بۈگۈن ھال رەڭلىك كەچلىك مۇراسىم كىيىمى كىيدى. كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى تۈز ئويۇلغان، قاپارتما يەڭ، بېلى چىپ، ئېتىكى كەڭ ھەم كۆپۈپ تۇراتتى، ئۈستىگە ھال رەڭلىك ئەتىرگۈل تىكىلگەن، شۇنداق سۆلەتلىك كۆرۈنەتتى.

— ۋاي — ۋۇي، بەك چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، بەك چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، ئۇپا سۈرمەيمۇ مۇشۇنداق ئېچىلىپ كېتىدىكىنە؟ خانىمنىڭ كۆزى بار ئىكەن جۇمۇ، بەك چىرايلىقنى تاللاپتۇ، مانا ماۋۇ ھال رەڭلىك ئاياغنى كىيىۋېلىڭ!

— جىن ھامما، پاشنىسى بەك ئېگىزكەن، — مەنسى پۇتىنى تارتىۋالدى.

— مۇشۇنىمۇ ئېگىز دەمسىز؟ خەقلەر بۇنىڭدىنمۇ ئېگىزلىرىنى كىيىپ يۈرۈۋاتامدۇ؟ بۇنى كۆڭلىكىڭىزگە پار قىلىپ بۇيرۇتقان.

— ئىككى جۈپنى بۇيرۇتۇپتۇ ـ دە! — ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن مەنسىنىڭ بۇنچە بالدۇر ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىش كاللىسىدىن ئۆتمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بويىمۇ ئېگىز تۇرسا!

— مەنسى خان قىز، سىز بەگزادىدىن پاكار تۇرسىڭىز!



www.uyghurkitap.com

— مەن ئەمدىلا 17 ياشقا كىردىم، تاغا ـ هاممامىلار مېنى يەنە ئۈسىسىز دەيدۇ.

— شۇنداق! بېگىم بويىڭىزنى ئۈسىدۇ دەپ پەرەز قىلىدىغاندۇ، لېكىن سىز هازىر ئۇنچىلىك ئېگىز بولمىسىڭىز؟

— جىن هامما، هازىر ئۇنچىلىك ئېگىز بولمىسام، ئاستا ـ ئاستا ئۈسىمەن، — مەنىسى كۆلۈپ قويۇپ، پەس پاشنىلىق ئايىغىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

— قاراڭ، خېنىم، بۇگۈن سىز بەگزادە بىلەن تانسا ئوينايسىز، ئۇ سىزدىن خېلىلا ئېگىز تۇرسا …

— ئۇنچىۋالا پەرقلىنىپ كەتمەسمىز؟

— ئىشقىلىپ خېلى پەرقلىنىسىلەر، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىسىڭىز ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەسلىكىڭلار مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزلارغا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ بەك يارىشىدۇ هەم رەسىدە كۆرۈنىدۇ، كىچىك قىزلاردەك سەكرەپ ـ تاقلاپ يۈرەلمەيسىز، باشقىلارغىمۇ ئىككىڭلار گۇلى گۇلىگە كەلگەندەك كۆرۈنىسىلەر!

جىن هاممىنىڭ بۇ سۆزى مەنىسىگە خېلى تەسىر قىلدى، ئۇ ئۆزىنى سۇڭ جېنغا لايىق ئەمەستەك هېس قىلدى، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بالىلىقى تېخى كەتمىگەنىدى.

ئۇ ئاخىر ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنى كىيىپ ئاۋايلاپ مېڭىپ باقتى، جىن هاممىنىڭ ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلىپ قاراپ كەتتى.

مەنىسى پەلەمپەيدىن چۇشۇۋاتقاندا جۇ ۋېنلۇڭ ۋە گەن يۈلىڭنىڭ نەۋرە ئاكا ـ ئىنىلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى … ئۇلارلا ئەمەس، مېهمانخانىدىكى بارلىق يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى.

— ۋاه، مەنىسى بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟

— مەلىكىنىڭ ئۆزىغۇ!

— ۋاه، ئېسىلزادە ـ دە، ئۇ.

— نېمىدېگەن چىرايلىق قىز بۇ!

— يۈلىڭ، سەن نېمىشقا بۇنداق چىرايلىق دوستۇڭنىڭ

بارلىقىنى ئېيتمىدىڭ؟

— سەن راستىنلا نەۋرە سىڭىللىقا يارىمىغۇدەكسەن...

— ھېلىمۇ كېچىكمەيسەن، ئۇنىڭ يىگىتى يوق!

— ئاكا! — دەپ چاقىردى جۇ ۋېنفېڭ، — چاققان بېرىپ، مەنسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ چۈش...

جۇاڭ مەنسى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، بىراق ئۇنىڭغا كېرىكى سۇڭ جېنىنىڭ ماختىشى ئىدى، سۇڭ جېن قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ چوڭ قىزلاردەك كۆرۈنۈپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالارمۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى سۇڭ جېننى ئىزدەيتتى، بىراق سۇڭ جېن كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ تېخىچە مۇراسىم كىيىمىنى كىيىپ بولمىغاندىمۇ؟ تاماق تارتىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى.

جۇ ۋېنفېڭ بىلەن گەن يۈلىڭ مەنسىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ كەتتى، تويۇقسىز جۇ ۋېنفېڭ توۋلىۋەتتى:

— ھەي، مەنسى، قارىغىنا، ئاۋۇ قىزنى بىز كۆرگەنمۇ؟

— كىمنى دەيسەن؟

ئۇچىسىغا ياقىسى تۆۋەن ئويۇلغان قارا كۆڭلەك كىيىپ، مەيدىسىگە سېرىق تاۋاردىن ياسالغان ئەتىرگۈل تاقىغان بىر قىز مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكى بەدىنىگە چىپ كەلگەن، مۇرىسى ئوچۇق بولغاچقا، ئۇ قىز تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ چېچىنى قىسقا ياساتقان، يارشىملىق گىرىم قىلغان، ئۇزۇن ساڭگىلايدىغان قارا ھالقا تاقىغان، يۈز تېرىسى پارقىراپ تۇراتتى.

— مەنسى، — جۇ ۋېنفېڭ مەنسىنىڭ بىلىكىنى نوقۇدى، — ئېسىمگە كەلدى، ھېلىقى كۈنى بىز ئۇنى رېستوراندا كۆرگەن، شۇ كۈنىمۇ ئۇ مۇشۇنداق جەلپ قىلارلىق ياسىنىۋاپتىكەن.

— ئۇ بىزدىن خېلىلا چوڭدەك قىلىدۇ، — دېدى گەن يۇلىڭ.
— سۇڭ جېن ئاكام شىركىتىدە بۇنداق ساھىبجامالنىڭ بارلىقىنى ئېيتمىغانىدى.
— ئۇ كىم بولغىيتتى؟
كۆپچىلىك ئۇنىڭ كىمنىڭ تونۇشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئاق رەڭلىك مۇراسىم كىيىمى كىيگەن سۇڭ جېن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوغۇق كۈلۈپ قويدى.
— ھە! ئەسلىدە، ئۇ نوچى قىز ئىكەن، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، — سۇڭ جېن ئاكاڭ چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن تىجارەتتىكى تونۇشلاردىن.
— ئۇنداق ئەمەسمىكىن، — گەن يۇلىڭ ھىجايدى، — قاراڭلار ئۇ سۇڭ جېننى قولتۇقلىۋاپتۇ.
— ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ مەنسىنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنىڭ قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپ، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، — ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمىدى، سۇڭ جېنمۇ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويمىدى.
— كەچۈرۈڭلار، سۇڭ جېن ئاكام مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، — مەنسىنىڭ كاللىسى پىرقىراپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا بۇ جەلپكار قىزنىڭ پەيدا بولۇشىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇ بۈگۈنكى يىغىلىشنىڭ قىز ساھىبخانىسى، سورۇننىڭ يۈزىنى قىلىشى كېرەك.
سۇڭ جېننىڭ چىرايىدىن كۈلكە يىغىپ تۇراتتى، ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ، مەنسىنىڭ قولىدىن تارتىپ، يېنىدىكى قىزغا دېدى:
— مانا بۇ مانتا بولىدۇ، بۈگۈنكى يىغىلىشنى ئۇ ئۆزى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇردى.
— بۇ قىزنى قانداقمۇ مانتا دېگىلى بولسۇن؟ — قىز سۇڭ جېنغا ناز قىلىپ قاراپ قويدى، — مانتا دېسىڭىز سېمىز، ئاپئاق

بىر قىز كۆز ئالدىمغا كەلگەندى، ئۇ ئازراقمۇ سىزنىڭ ئەمەس، ئەمما شۇنداق چىرايلىق قىز ئىكەنغۇ؟

— ئۇ ئىلگىرى ئاپئاق، سېمىز ئىدى. بۇ قېتىم قايتىپ كەلسەم، نازاكەتلىك، لاتاپەتلىك بىر قىز بولۇپ كېتىپتۇ، — سۇلۇك جىن ئالدىراپ چۈشەندۈردى.

— ھە! ئەسلىدە مۇشۇنداق چىرايلىق نەۋرە سىڭلىڭىز بولغاچقا، مېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك كۆرۈشۈشكە بارماي، بارسىڭىزمۇ كېچىكىپ بېرىپ يۈرۈپتىكەنسىز - دە! — دېدى قىز ئاغزىنى دومسايتىپ.

— خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مەن ئۇنى كىچىكىمدىن نەۋرە سىڭلىم ئەمەس، ئۆز سىڭلىمدەك كۆرۈپ كەلدىم، ئىشەنمىسىڭىز ئۇنىڭدىن سوراڭ، — سۇلۇك جىن سەل جىددىيلەشكىنى تۇردى، ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا بۇنداق جىددىيلىشىپ كەتمەيتتى، — مەن سىزگە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەندىمغۇ، نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيسىز؟

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، نېمانداق جىددىيلىشىسىز؟ — دېدى قىز دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، — قاراڭ سىزنى، ئۆز سىڭلىڭىزنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويمىدىڭىز.

— ئۇنىڭ ئىسمى جۇاڭ مەنسى، — سۇلۇك جىن ئۇلارنى تونۇشتۇردى، — بۇياق دوستۇم خۇا جىڭجىڭ بولىدۇ.

— خۇا خېنىم، سىزنى قىزغىن قارشى ئالىمەن!

— تۈزۈت قىلىپ كەتمەڭ، مېنى جىڭجىڭ دەۋېرىڭ! — قىز قىزىل لاك سۈرگەن ئىنچىكە قوللىرىنى مەنسىگە ئۇزاتتى، مەنسىمۇ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىپ:

— مانتا دەۋېرىڭ ... — دېدى.

— مانتا دېمەڭ، نېمىدېگەن سەت چاقىرىش بۇ! — خۇا جىڭجىڭ دەرھال مەنسىگە تۈزىتىش بەردى.

— مەنسى، جىڭجىڭمۇ كېلىپ بولدى، تاماقنى

تارتامدۇق؟ — دېدى سۇڭ جىن.

— مەن بېرىپ جىن هاماماغا ئېيتىپ قوياي. كەچۈرۈڭ، خۇا خېنىم!

— راستىنلا مېنى ساقلاۋاتامتىڭلار؟ — خۇا جىڭجىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇڭ جىنغا قارىدى.

— باشقىلار كەلگىلى نەۋاخ. سىزنى ئالغىلى باراي دېسەم، ئۇنىڭغا ئۇنىمىدىڭىز.

— مېھمانلىرىڭىزنىڭ جىقلىقىنى بىلگەچكە، بۇ يەردىن كېتىپ قالسىڭىز بولماس دەپ، سىزگە كۆيۈنۈپ شۇنداق دەپتىمەن، — خۇا جىڭجىڭ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى، — دادا - ئاپىلىرىڭىز قېنى؟ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇشۇم كېرەكمۇ؟

— ئۇلار باشقا ئۆيدە چوڭلار بىلەن قارتا ئويناۋاتىدۇ، ئادەم جىق يەرگە كىرسىڭىز تەمتىرەپ قالارسىزمىكىن؟ ئۇلارنىڭ تامىقى بىزنىڭكىدىن كەچرەك تارتىلىدۇ، ئۇلار قارتىلىرىنى ئويناپ بولۇپ چىققاندا، مەنسىگە ئېيتىپ ئۇلارنى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرتاي، — سۇڭ جىن ئۇنىڭغا بىر رومكا شامپاننى ئۇزاتتى.

سۇڭ جىن خۇا جىڭجىڭنىڭ قېشىدىن كېتەلمەي قالدى، ئۇلار تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇردى.

جۇاڭ مەنسى جۇ ۋېنفېڭلار بىلەن بىرگە غىزالاندى.

— سۇڭ جىن ئاكاڭ تازىمۇ كاززاپ نېمىكەن، — سۇڭ جىننىڭ ھەرىكىتى گەن يۈلىڭگە ياقمىدى.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ — مەنسىنىڭ كېلىدىن باشقا نەرسە ئۆتمەي، سالات يەپلا ئولتۇردى.

— ئۇ چەت ئەلدە سەككىز يىل ئوقۇپ كېلىپ، ئەزەلدىن قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ باقمىدىم، دەۋاتاتتى، بۇ يەرگە كېلىپ نەچچە ئاي بولار - بولماي تازىمۇ جەلپكار قىز بىلەن ئارىلىشىۋېتىپتۇ.

— سۇڭ جىن ئاكام خۇا خېنىمنى دوستۇم دەپ تونۇشتۇردى، يۈرگىنىم دېمىدى، — دېدى مەنسى، شۇ تاپتا ئۇ سۇڭ جىننى

www.uyghurkitap.com

ئاقلاپ مۇشۇنداق دەۋاتامدۇ ياكى ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق دەۋاتامدۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

— خۇۋا جىڭجىڭ راستىنىلا ئۇنىڭ يۇرگىنىمۇ، ئەمەسمۇ تېخى بىلەلمىدۇق. بىراق سۇڭ جېنىنىڭ ئۇنىڭ قېشىدىن كېتەلمىگىنىگە قارىغاندا بۈگۈنكى تانسا كېچىلىكىدە ئۇ خۇۋا جىڭجىڭ بىلەن تانسا ئوينىغۇدەك، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، — ئاكا، سەن مەنىسگە ھەمراھ بولۇپ تانسا ئوينا.

— بولامدۇ، مەنسى! — دەپ سورىدى جۇ ۋېنلۇڭ.

— بولىدۇ! — مەنسى زورىغا كۈلۈپ قويدى، — بىراق مەن بۈگۈن ساھىبخانا بولغاندىكىن، خىزمەتچىلەرنى قىلمىسام بولمايدۇ، ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرۈپ، تانسا ئوينىيالامدىم - يوق؟

— ھەي! سۇڭ جېن ئاكاڭ سېنى يەنە چاقىرىۋاتىدۇ، خۇۋا جىڭجىڭنىڭ قېشىدىن كېتەلمەيلا قالدا!

مەنسى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، جىن ھاما بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— بەگزادىنىڭ قېشىدىكى قىز كىمكەن؟

— خۇۋا خېنىمكەن، سۇڭ جېن ئاكامنىڭ لايىقى ئىكەن.

— لايىقى دەمسىز؟ ئۇنداق ئەمەس، — دېدى جىن ھاما كەسكىنلىك بىلەن، — بەگزادە ھەرگىز بۇنداق قاملاشمىغان قىزلارغا يېقىن يولىمايدۇ!

— قاملاشمىغان قىز دەمسىز؟ — مەنسىنىڭ ئەتىگەنكى خۇشاللىقى قاپاقلارغىدۇر غايىب بولغان، كەيپى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى.

— قارىماسىز كىيگەن كىيىمىگە، تۆشلىرىنى، مۈرىلىرىنى ئېچىپ قويۇپ غادىيىپ تۇرۇشلىرىغا، شۇ تۇرقىدا ئۇنى ياخشى قىز دېگىلى بولامدۇ؟

— جىن ھاما! ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى بۇ يىل مودا بولۇۋاتقان كەچلىك مۇراسىم كىيىمى.

— ئەمىسە سىز نېمىشقا ئاشۇنداق كىيىم بۇيرۇتمىدىڭىز؟

— مەن تېخى كىچىك، ئۇ دېگەن مەندىن چوڭ ھەم چىرايلىق!

— چىرايلىق دەمسىز؟ سىز ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە چىرايلىق.

— سۇڭ جېن ئاكام ئۇنىڭ شۇ ھالىتىنى ياخشى كۆرىدىكەن، — مەنسىنىڭ بۇرنى ئېچىشىپ، بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى.

— ھىيلىگەر تۈلكە! بەگزادىنى ئازدۇرۇپ يۈرۈپتۇ ـ دە، — دېدى جىن ھاما ئاچچىقلىنىپ، — شۇنچە گەپ قىلسام ئاڭلىمىدىڭىز، قاراڭ خەققە، يۈزلىرىنى نېمىلەرچە بويىۋالغان، ئەتىرنىمۇ بولۇشىغا چېچىپتۇ، ئاشۇنداق قىلسا، ئەرلەرنى جەلپ قىلماي قالامدۇ؟ ئازراق لەۋ سۈرۈخ سۈرۈۋېلىڭ دېسەممۇ ئۇ نىمىدىڭىز. بەگزادە سىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ ئەمەس، سىزنى بەك كىچىك چاغلاۋاتىدۇ. تۈفى! بەگزادە ھەرگىز ئۇنداق قىزلارنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇ ئۇزۇن چاچ، كۆزلىرى يوغان، ئاپئاق، پاك ھەم ئەدەپلىك قىزلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇچۇ! چېچى قىسقا، كۆزلىرى كىچىك، تېرىسىمۇ ئانچە ئاق ئەمەس ئىكەن. پاكلىقىغا كەلسەك، ئۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇ چىرايىدا كىيسىپ ئېيتمەنكى، ئۇ چوقۇم يۈزى ئېچىلىپ كەتكەن قىز.

— قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەر مۇشۇنداق قىزلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ تېرىسى ئاق بولمىغىنى بىلەن ئۇلارنى ساغلام تېرىلىكلەر دەپ قارايدۇ.

— بەگزادە ئۇنداق قىزلارنى ياقتۇرمايدۇ.

— جىن ھاما، — دېدى مەنسى، — ئادەم چوڭ بولغانسېرى ھامان ئۆزگىرىدۇ، مەن بەك ئالدىراش، كېيىن پاراڭلىشايلى.

— نېمىگە شۇنچە ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز؟

— سۇڭ جېن ئاكام تاغام ـ ھاماملارنى باشلاپ كېلىپ، خۇا جىڭجىڭ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ، دەيدۇ.

— نېمە دەيسىز؟ بېگىم بىلەن خانىم ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشەمدىكەن؟ — دېدى جىن ھاما نارازى بولۇپ، — دېدىمغۇ

ئۇنىڭ تېگى پەس دەپ، تەربىيە كۆرمىگەن نېمىكەن، ئۇ خانىم بىلەن بېگىمنىڭ ئالدىغا بارماي، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈدەكمۇ؟

— جىن هاما، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، بۇ سۇڭ جىن ئاكامنىڭ كۆرسەتكەن يولى، بۇگۈن چوڭلار بەك جىق كەلدى، خۇا خېنىم بۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم كەلگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنداق ـ مۇنداق باهالارنى بېرىشى تۇرغان گەپ، شۇڭا سۇڭ جىن ئاكام ئۇنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق دېدى.

— هەي! مەنسى خېنىم، سىز نېمىشقا ئۇ قىزنىڭ دېپىنى چالىسىز؟ ئۇنىڭغا ئازراقمۇ كۇنداشلىق قىلمامسىز؟ سىز بەگزادىنى ياخشى كۆرەتتىڭىزغۇ؟

— ئۇنىڭغا كۇنداشلىق قىلىش هوقۇقۇم يوق، — مەنسىنىڭ چانىقى ياشقا تولدى، — سۇڭ جىن ئاكام قايتىپ كېلىپلا مىنى ئۆز سىڭلىسى دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق مەن ئۇنىڭ لايىقى يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇنى ...

— سىز بەگزادىگە ئارتۇقچىلىقىڭىزنى كۆرستىش كويىدا يۈردىڭىز، — جىن هاما مەنسىگە ئىچى ئاغرىپ مەڭزىنى سىلىدى، — چىرايىڭىز تاتىرىپ كەتتى! قورقماڭ، سىزگە يەنە پۇرسەت كېلىدۇ، بەگزادە بىلەن ئۇ قىزنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

مەنسى بېشىنى چايقاپ، ئىچكىرىكى ئۆي تەرەپكە ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

مۇراسىم باشلانمىغان، مەنسى سۇڭ ئەپەندى بىلەن سۇڭ خانىمنى تاپتى.

— سۇڭ جىن ئاكامنىڭ لايىقى كەپتۇ، سىلەر بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن.

— سۇڭ جىننىڭ لايىقى بارمىكەن؟ بىز ئەجەب بىلمەيدىكەنمىزغۇ؟

— هوي! سۇڭ جىن ئاخىر بىرىنى تېپىپتۇ ـ دە! — سۇڭ

خانىم خۇشال بولغىنىدىن قاشلىرى ئويناپ كەتتى.

— نەدىكى قىزكەن ئۇ؟ سۇك جىن چەت ئەلدە نەچچە يىل يۈرۈپ لايىق تاپمىغان، قايتىپ كېلىپ تونۇشۇپ قاپتىمۇ؟ — دېدى سۇك ئەپەندى.

— قەيەردە تونۇشقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىسىز؟ ئوغلىمىز 26 ياشقا كىردى، ھازىرغىچە لايىقى يوق، ئۇنى راھىب بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈرەتتىم، ئۇنىڭ لايىق تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ، لاتارى بېلىتى ئېلىپ مۇكاپات چىققاندىنمۇ بەتتەر خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن. مەنسى، ئۇ قىز قەيەردە؟

— گۇللۇكتىكى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ يېنىدىكى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ.

— يۈرۈڭ، تېز! — سۇك خانىم ئېرىنىڭ قولىدىن تارتتى، — تېز بېرىپ كېلىنىمىزنى كۆرۈپ باقايلى!

ئۇلار خۇشاللىقىدا گۇللۇككە قاراپ ماڭدى، سۇك خانىم مەنسىنىمۇ قولىدىن تارتىپ ماڭدى.

سۇك ئەپەندى بىلەن سۇك خانىم خۇا جىڭجىڭنى كۆرسە چوقۇم، بۇ قىز نېمانداق غەيرىي كۆرۈنىدۇ، نېمانداق بەدىنىنى ئېچىپ يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ.

بىراق ئۇلار ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى.

سۇك ئەپەندى ئۇنى دۇرۇس قىز ئەمەس دەپ قارىدى، ئۇ ئەزەلدىن نازاكەتلىك قىزلارنى كېلىن قىلىشنى ئويلايتتى، جىيەنى مەنسى ئۇنىڭ نەزىرىدە كېلىن بولۇشقا ئەڭ لايىق ئىدى.

سۇك خانىم ئۇنداق قارىمىدى، ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ ھەممە نېمىسى گۈل كۆرۈنۈپتۇ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ، ئوغلى ياخشى كۆرگەن قىزنى ئۇمۇ ياخشى كۆرۈشى كېرەك، گەرچە بۇ قىز مودىغا بېرىلىپ مۇشۇنداق ياسىنىۋالغان بولسىمۇ، سۇك ئائىلىسىگە كېلىن بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ئۆزگەرتىۋالسا بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— بۇلار مېنىڭ ئاپام ـ دادام، — سۇڭ جىن ئاپىسىنى قۇچاقلاپ ئۇلارنى تونۇشتۇردى، — بۇ مېنىڭ دوستۇم خۇا جىڭجىڭ خېنىم بولىدۇ!

— تاغا، هاما، ياخشىمۇسىلەر! — خۇا جىڭجىڭ كۇلۇمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

— خۇا خېنىم قاچان كەلدىڭىز؟ — سۇڭ خانىم ئۇنى كۆزەتكەچ كۇلۇمسىرەپ سورىدى، — بالام، نېمىشقا بىزگە بۇرۇنراق خەۋەر قىلمىدىڭ؟

— جىڭجىڭ كىلىپلا سىلەر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانىدى، بىراق سىلەر چوڭلار بىلەن قارتا ئويناۋاتقان بولغاچقا، تۇنجى قېتىمدا ئۇنداق جىق چوڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دېگەنىدىم. ئاپا، بۇنى سىزمۇ چۈشىنىسىزغۇ؟

— چۈشىنىمەن، بالام، قىزلارنىڭ يۈزى تۆۋەن، هازىر كۆرۈشسەكمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ، خۇا خېنىم ...

— هاما، مېنى جىڭجىڭ دەپ چاقىرىۋېرىڭ.

— جىڭجىڭ، ئوغلۇم بىلەن تونۇشقىنىڭىزغا ئۇزۇن بولدىمۇ؟ — سورىدى سۇڭ خانىم.

— سىلەر ساۋاقداشمۇ؟ — سۇڭ ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلگۈسى كەلدى.

— بېگىم، خانىم، — بۇ چاغدا جىن هاما ئۇلارنى چاقىرىپ كىردى، — مۇراسىم باشلىنىپ كەتتى، كىچىك بېگىم سىلەرنى ساقلاۋاتىدۇ.

— مانا هازىرلا بارىمىز، ئۇچىنچى تاغام ئەزەلدىن ئادەم ساقلىمايدۇ، — سۇڭ ئەپەندى خانىمىنى تارتتى.

— جىڭجىڭ، يۈرۈڭ، بىز بىلەن بىرگە تاماق يېمەمسىز؟ — سۇڭ خانىم جىڭجىڭنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— هاما، بىز هېلىلا تاماق يەپ بولدۇق.

— ئەمىسە خوش، سەل تۇرۇپ كۆرۈشەيلى!

سۇڭ ئەپەندى، سۇڭ خانىم ۋە جىن هامىلار تاماقخانىغا

كىرىپ كەتتى، سۇڭ جېن سەل ئىككىشىپ خۇا جىڭجىڭدىن سورىدى:

— دادام - ئاپاملار خۇشخۇي كىشىلەرمىكەن؟

— ھامام مېنى ياقتۇرۇپ قالدى، تاغام ئانچە چىراي ئاچمىدى، قارىغاندا مېنى ياقتۇرمىسا كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز، دادامنىڭ ئەزەلدىن گېپى ئاز، سىزنىڭ بۇ ئۆيگە تۇنجى كېلىشىڭىز، ئۇلار تېخى خۇشال بولۇشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى، — سۇڭ جېن مەنىسىدىن سورىدى، — تانسا باشلاندىمۇ؟

— باشلىنىپ بولغاندۇ، مۇزىكانتلار كەلگىلى نەۋاخ.

— ناخشىچىلاردىن كىملەرنى چاقىردىڭلار؟ — دەپ سورىدى خۇا جىڭجىڭ.

— چاڭ جياڭ كېلىدىكەن!

— نېمىشقا ئۇنى چاقىرتقانسىلەر؟ ئۇ قېرىپ قالدى، ئاۋازىمۇ ياخشى ئەمەس. مەن شياۋ گۇڭنى ياخشى كۆرەتتىم، نېمىشقا ئۇنى تەكلىپ قىلمىدىڭلار، ئۇ ناخشىنى شۇنداق ياخشى ئېيتىدۇ، ئۆزىمۇ شۇنداق كېلىشكەن يىگىت ئىدى!

— شياۋ گۇڭ ھازىر داڭلىق ناخشىچى ئىكەن، ئىككى يىلغىچە بىزگە تەگمىگۇدەك، ئۇنى كىشىلەر ئۈچرەت بىلەن ناخشا ئېيتقۇزىدىكەن، مۇراسىم شىركىتىدىكىلەر ئۇنى تەكلىپ قىلالمايدىكەن.

— تولىمۇ ئەپسۇس، — دېدى خۇا جىڭجىڭ تىلىنى چېكىپ.

— مۇزىكىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ تانسا باشلىنىپتۇ!

— بىزمۇ چىقىپ تانسا ئوينايلى! — خۇا جىڭجىڭ خۇشال بولۇپ، سۇڭ جېن بىلەن زالغا چىقىپ تانسا ئوينىدى.

مەنىسى ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ تۇنۇگۇن ئاخشام تولىمۇ ھاياجانلانغان، تانسا ئويناش، لاتارى تارتىش دېگەنلەرنى ئويلاپ، خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي قالغانىدى، بىراق بۈگۈن بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە مۇھىم بولماي قالدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆزىنى تەۋرەنمە ئورۇندۇققا تاشلىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتاتتى.

خۇا جىىڭجىڭنىڭ سۇڭ جېنىنىڭ لايىقى ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى، ئۇنداق بولمىسا ئۇ ھەرگىز ئۇنى ئۆيگە چاقىرمايدۇ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەنمۇ تونۇشتۇرمايدۇ.

قارىغاندا ئۇلار توي قىلغۇدەك، خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭ نەۋرە يەڭگىسى بولغۇدەك.

ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟ مەنسى سۇڭ جېنىنى نەچچە يىلدىن بېرى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ كەلگىنىنى بىلەن بىرىنچىدىن سۇڭ جېن بۇنى بىلمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سۇڭ جېن ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا خىيانەت قىلمىدى، قايتىپ كېلىپلا ئۇنى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتتى، شۇنداق ئىكەن مەنسىنىڭ ئارزۇسى پۇچەك قالدى.

مەنسى بۇنى خۇا جىڭجىڭدىن كۆرمەسلىكى كېرەك، سۇڭ جېن ئۇنى ياخشى كۆرمەسلىكىمۇ مۇمكىن، خۇا جىڭجىڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ باشقا قىزلار بار ئەمەسمۇ، ئۇ بەربىر مەنسىنى لايىقى ھېسابلىمايدۇ.

— مەنسى ئاۋۇ يەردىكەن! — جۇ ۋېنلۇڭ دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى، — مەنسى، ھېچنېمە بولمىغانسىز؟

— تانسا باشلىنىپ كەتتى، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟

— چوقۇم ئاشۇ خۇا جىڭجىڭ ئۇنى رەنجىتىپ قويدى، — دېدى گەن يۇلىڭ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — ئۇ كېلىپلا سۇڭ جېنغا چاپلىشىۋالغان، مەنسىنىڭ چىرايى ئېچىلمىغىنى بىكار ئەمەس!

— خۇا جىڭجىڭ ئۆزى يالغۇز كەلگەن، بۇ يەردە سۇڭ جېن ئاكامدىن باشقا ھېچكىمنى تونۇمىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرمەي قانداق قىلىدۇ؟ — دېدى مەنسى.

— سەن خۇا جىڭجىڭدىن خاپا بولمايۋاتقانسەن؟

— جۇاڭ مەنسى بېشىنى چايقىدى، بەلكىم بۇ ئىش كاللىسىدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك.

— سۈك جېىندىن رەنجىگەن بولسا كېرەك، ئۇمۇ نەۋرە سىڭلىسى بىلەن كارى بولماي، نەدىكى قاملاشمىغان بۇزۇق چىراي بىرنېمىنى تېپىۋاپتۇ!

— سۈك جېن ئاكامدىن رەنجىپ نېمە قىلىمەن، ئۇ مېنى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرىمەن دەپ بۇرۇنلا ئېيتقان. ئۇ 26 ياشقا كىردى، لايىق تاپمىسىمۇ بولمايدۇ، — دېدى مەنسى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمەلىيەتتە خۇا جىڭجىڭمۇ چىرايلىق، جەلپكار قىز، يىگىتلەر مۇشۇنداق قىزلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ھەي، غەلىتە ئىشقۇ ـ بۇ! — گەن يۇلىڭ ھەيران قالدى، — بىز سېنى ئاچچىقىدا باشقىلارغا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان چېغى دەپتۇق. ئەگەر ھېچقانداق ئىش كۆڭلۈڭگە كەلمىگەن بولسا، بۇ يەردە نېمىشقا يالغۇز ئولتۇرىسەن؟

— ئەتىگەندىن بېرى پايپاسلاپ يۈرۈپ چارچاپ قاپتىمەن، بىردەم تىنچ ئارام ئالاي دېدىم، گەن يۇلىڭ، بۇنىڭغىمۇ بولمامدۇ؟ — دېدى مەنسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە يۈرۈڭ، چىقىپ تانسا ئوينايلى، — دېدى جۇ ۋېنلۇڭ، — ئىچىدە تانسا بەك قىزىپ كەتتى.

— يۈرۈڭلار! چىقىپ تانسا ئوينايلى، بىردەمدىن كېيىن لاتارى تارتىسىلەر! — مەنسى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتىن لىككىدە تۇرۇۋېدى، جۇ ۋېنلۇڭ ئۇنى يۆلىۋالدى.

ئۇلار چوڭ مېھمانخانىغا كىرگەندە، سۈك جېن بىلەن خۇا جىڭجىڭ تانسا ئويناۋاتاتتى.

— نەۋرە سىڭلىڭىز كىردى، — دېدى خۇا جىڭجىڭ مەنسى تۇغرۇلۇق بىر ئىشتىن خەۋەردار بولماقچى بولۇپ، — نەۋرە سىڭلىڭىزنىڭ يىگىتى قايسى؟

— ئاۋۇ يىگىتلەرنى دەۋاتامسىز؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاكىسىدەك قىلىدۇ.

— ئۇنىڭ يىگىتىچۇ؟

— ئۇنىڭ يىگىتى يوق، — دېدى سۈك جېن، — ئۇ تېخى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىچىك، ئەمدى 17 گە كىردى.

— 17 ياشنىمۇ كىچىك دېگىلى بولامدۇ؟ مەن 12 ياشقا كىرمەستىنلا يىگىتلەر كەينىمگە كىرگەن.

— ئۇ سىزگە ئوخشىمايدۇ!

— دۇنيادا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەم يوق، بىراق ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق ھەم يېقىشلىق قىز ئىكەن!

— ھەر ئىككىڭلار چىرايلىق. بىراق سىز ئىش كۆرگەن قىز، ئۇ سەل مۇتەئەسسىپ، گۆدەكلىكى يوقالمىغان. ئۇ بەك ياۋاش، بەك جىمغۇر، ئاپامدىن ئاڭلىسام، ئۇ مەكتەپتىن كېلىپلا دەرس تەكرارلايدىكەن، ساۋاقداشلىرى بىلەن ناھايىتى ئاز ئارىلىشىدىكەن.

— سىز مېنى ياۋاش ئەمەس دېمەكچىمۇ؟ — دېدى خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭغا قاراپ.

— نېمىشقا ئۇنداق دېگۈدەكمەن، — سۇڭ جېن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ قويدى، — سىز دېگەن چوڭ، بويىغا يەتكەن قىز، يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىشىڭىز كېرەك. يىگىتلەر بىلەن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرگەنلىك شوخ دېگەنلىك ئەمەس.

— مەن ئۇنىڭغا بىر يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ قويايمىكىن دەۋاتىمەن.

— كىمنى تونۇشتۇرىسىز؟

— ھازىرچە سىزگە ئېيتمايمەن، بىراق كېيىن ئېيتىمەنكى، ئۇ يىگىت نەۋرە سىڭلىڭىزنىڭ يېنىدىكى كىچىك باللاردىن مىڭ ياخشى.

— ئۇ زادى كىم؟ راستلا شۇنداق ئوبدان يىگىتمۇ؟

— قاراڭ، جىددىيلىشىپ كەتكىنىڭىزنى!

— ئەلۋەتتە جىددىيلىشىمەن ـ دە! مېنىڭ پەقەت شۇ بىرلا سىڭلىم بار تۇرسا، ئۇ ئىنتايىن پاك قىز، مەن باشقىلارنىڭ ئۇنى بوزەك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن.

— مەن نەۋرە سىڭلىڭىزنى بوزەك قىلىدىغان يىگىتلەرنى

تاپارمەنمۇ؟ — دېدى خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننى سەل ئىتتىرىپ، — بوپتۇ، ماڭمۇ ئىشەنمىگۈدەكسىز.

— نېمىشقا سىزگە ئىشەنمىگۈدەكمەن! خاپا بولماڭ، بولامدۇ؟ — سۇڭ جېن دەرھال ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى.

— سىز زادى مەن نەۋرە سىڭلىڭىزگە تونۇشتۇرغان يىگىتكە قارشى تۇرامسىز، قارشى تۇرمامسىز؟

— قارشى تۇرمايمەن. بىراق ئۇ ئەمدىلا 17 ياشقا كىردى، مۇھەببەتلىشىدىغانغا تېخى بالدۇرمىكىن دەيمەن.

— قانداقسىگە بالدۇر بولىدۇ؟ — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېنغا بەدىنىنى ياقتى، — 16 ياشتا بالىلىق بولغانلارمۇ بارغۇ؟

ئىككىيلەن تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن تانسا ئوينىدى.

سائەت ئون بىرىمدا لاتارى بېلىتى تارتىش باشلاندى، ئاۋۇ تەرەپتىكى چوڭلار تارقالغانىدى، سۇڭ ئەپەندى بىلەن سۇڭ خانىم بۇ ياققا كەلدى.

سۇڭ جېن مەنسىنى ئىزدىدى.

ئۇ مەنسىگە بىر ۋاراق مۇكاپات قەغىزى بىلەن بىر سوۋغاتنى بەردى، بۇ سوۋغا بۇگۈن بېرىلىدىغان مۇكاپاتلارغا ئوخشىمايتتى.

— بۇ مۇكاپاتنى لاتارى مۇكاپات ساندۇقىغا سالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئوقۇپ بېرىڭ!

— 48 - نومۇر؟

— ھەئە، بۇ 48 - نومۇرنىڭ سوۋغىتى.

— خۇا خېنىمغا بېرەمدۇق؟

سۇڭ جېن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئۇنى بىر خۇشال قىلىپ قويايلى. بۇگۈنكى سوۋغاتلارنى ئۇ قايتۇرمايدۇ، لاتارى تارتىشنىمۇ خالىمىسا كېرەك. بۇ ئۇ ياخشى كۆرىدىغان فرانسىيە ئەتىرى، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مانتا، ياق، مەنسى!

— سۇڭ جېن ئاكا، مۇكاپات بۇيۇمىنىڭ ھەممىسىنى سىز تەمىنلىگەن بولغاچقا، بىز لاتارى بېلىتى تارقىتىشقا سىزنى

www.uyghurkitap.com

رىياسەتچىلىك قىلالمىدىكەن دېگەن. مۇكاپاتنىمۇ سەل تۇرۇپ ئۆزىڭىز تارقىتىسىز!

— قانداق بولار؟ — سۇڭ جېن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — ئىككىمىز بىرلىكتە تارقاتايلى، بولامدۇ؟ جىڭجىڭنىڭ مۇكاپاتىنىمۇ سىز تارقىتىڭ، بولمىسا ئۇ مېنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان دەپ قالىدۇ.

— بولىدۇ، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن!

بۈگۈنكى مۇكاپات بۇيۇمى كۆپ ئىدى، ھەممە ئادەمگە دېگۈدەك مۇكاپات چىقتى.

تانسا كېچىلىكى خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئاياغلاشتى.

سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى. ئۇ خۇا جىڭجىڭنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ بەردى.

— كىرىپ بىرەر ئىستاكان قەھۋە ئىچىپ چىقمامسىز؟ — دېدى خۇا جىڭجىڭ.

— بۈگۈن بەك كەچ بولۇپ كەتتى، باشقا بىر كۈنى كېلەي!

— سىز بۈگۈن بەك چارچىدىڭىز، قايتىپ ئارام ئېلىڭ، — خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويىدى، سۇڭ جېنمۇ جىڭجىڭنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويىدى، ئۇ جىڭجىڭ گۇللۇككە كىرىپ كەتكەندىلا ئۆيىگە قايتتى.

خۇا جىڭجىڭ دەھلىزگە كىرگەندە، ھەممە چىراغ يېنىق ئىدى، ئۇ خىزمەتچىدىن سورىدى:

— ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلدىمۇ؟

— بېگىم بىلەن خانىم مېھماندارچىلىقتىن سائەت 11 دىن بۇرۇن كېلىپ بولغان، ئىككىنچى بەگزادە تېخى قايتىپ كەلمىدى.

— يەنە شۇ خۇا شاڭچيەن، ھەر كۈنى كەچتە ئۇ ھەممىسىدىن كەچ كېلىدۇ!

— يەنە كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ — مودا كىيىنگەن بىر يىگىت ماشىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئوينىتىپ كىرىپ كەلدى.

— سېنى تىللاۋاتىمەن، ئەتىدىن ـ كەچكىچە سىرتتا يۈرگەن.

— تەتىل تۇرسا! پۇخادىن چىققۇچە ئۇيىنىۋالمىسام قانداق بولىدۇ؟

— كەچكىچە ئاشۇ قىلىن قىزلار بىلەن يۈرگەن، ئەخمەق!

— مېنىڭ قىز دوستلىرىم جىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قېلىنلىرىمۇ، تارتىنچاقلىرىمۇ بار، ما جياليې شۇنداق ياخشى قىزغۇ؟ سەنمۇ بەك ئۇماق دەيتتىڭغۇ؟ — ئۇ ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلىۋىدى، سىيرىلىپ بېشى ئورۇندۇقتا، بەدىنى يەردە يېتىپ قالدى.

— ئىشقىلىپ ئۇ قىزلارنىڭ بىرەرىمۇ ساڭا ماس كەلمەيدۇ!

خۇا شاڭچېيەن خۇا ئائىلىسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئەتىۋارلىنىپ يامان چوڭ بولغان بالا ئىدى، ئۇ بۇ يىل 20 ياشتا، 10 ـ ئايدا ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىقىدۇ، ئەقىللىق، ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدىغان، ئەركىن، ئويۇنچى بالا. تەقى ـ تۇرقىمۇ قاملاشقان، بۇغداي ئۆڭ، ساغلام، قاۋۇل يىگىت ئىدى.

ئۇنىڭ شارائىتى ئوبدان بولغاچقا ئۇنىڭغا كۆز تاشلايدىغان قىزلارمۇ خېلى بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ بېشىغا كەلگەن ئامەتنى قەدىرلىمەيتتى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئويناپ يۈرۈپ، بالا تېرىپ، ئۇستىگە ئالماي، خىيالىغا كىرىپ چىقماي يۈرەتتى.

— سېنىڭ سۆڭ جېنىڭمۇ بەك كېلىشكەنلەردىن ئەمەسقۇ؟ — دېدى ئۇ ھەدىسىگە رەددىيە بېرىپ.

— ئۇ ئانچە كېلىشكەن بولمىغىنى بىلەن، مىجەزى بەك ياخشى، قارىساڭلا ئۇنىڭ سالاپىتىنى كۆرەلەيسەن! — خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ ئۇنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى، — مەن ساڭا بىر قىزنى تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.

— سەن ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويىمساڭمۇ قىز دوستلۇرۇم ئازمىدى؟

— ئۇنداق جىق قىزنى نېمە قىلىسەن؟ ئەڭ ياخشىسى بىلەن تونۇشۇشۇڭ كېرەك، مەن ساڭا تونۇشتۇرماقچى بولغان قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن ياخشى.
— ئۇ كىم؟
— سۇك جېنىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى.
— بولدى، تونۇشتۇرماي قوي! — ئۇ قولىنى شىلتىپ قەتئىي رەت قىلدى، — مەن ئۇنداق مىجەزى ياخشى سالاپەتلىكلەر بىلەن ئارىلاشماي قوياي!
— سەن ئۇنى سۇك جېنغا ئوخشاش دەپ قالدىڭمۇ؟ — خۋا جىڭجىڭ كۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، — ھەدەڭ قانداق ئادەم؟ مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ ئىشەنمەمسەن؟
— سۇك جېنىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى مەلىكىلەردەك ئەمەستۇ؟
— توغرا ئېيتتىڭ. ئۇ راستتىنلا مەلىكىنىڭ ئۆزى. بۈگۈن سۇك جېنىنىڭ ئۆيىدىكى يىغىلىشتا ئۇنى كۆردۈم، ئۇ ھال رەڭ مۇراسىم كىيىمى كىيىپتۇ، ئاپئاق، يۇمران تېرىسى، ئۇزۇن چېچى، يوغان كۆزلىرىنى كۆرسەڭ، ئىچىڭ كۆيىدۇ، ئۇ ما جىيالىيېدىنمۇ كىچىك، ئەمدى 17 ياشقا كىرىپتۇ.
— شارائىتى شۇنچە ياخشى قىزنىڭ لايىقى بولماي قالامتى؟
— خاتالاشتىڭ! ئۇ تېخى بىرەر يىگىت بىلەنمۇ ئارىلىشىپ باقماپتۇ.
— ئۇنىڭ چوقۇم بىرەر چاتىقى بار، بولمىسا يىگىتلەر ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالماي قالامدۇ؟ بېشىمغا بالا تېرىۋېلىشنى خالىمايمەن جۇمۇ!
— ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرگەن يىگىتلەر نۇرغۇن ئىكەن، بايىلا تېخى نۇرغۇن يىگىتلەر ئەتراپىدىن چۆرگىلەپ كېتەلمەي قالدى. ئۇ بەك پاك، بەك جىمغۇر قىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئائىلىسىدىكىلەرمۇ بەك قاتتىق تۇتقاچقا، بىرەر يىگىت بىلەن ئارىلاشماي يۈرۈپتۇ.
— ھەدە! — دېدى خۋا شاڭچيەن كېرىلىپ، — بەك ھېرىپ كەتتىم، ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى.
— ئۇ قىز بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىمامدىم؟

— كېيىن بىر گەپ بولار! — ئۇ راستتىنلا ئالدىرىمايدىغان يىگىت ئىدى، ئادەم ئوڭاي قولغا كەلگەن نەرسىنى قەدىرلىمەيدىكەن، — سۇڭ جىن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشقانچە بىزگىمۇ تونۇشۇش پۇرسىتى كېلىپ قالار.

— ھەي، سىنى ...

— خەير - خوش، ياخشى چۈش كۆر!

— ئەجەب ئوبدان ئويلايدىكەنسەن، ھىم!

— مەن يەنىلا مەنسى خېنىمنى ئەڭ ياخشى قىز دەپ قارايمەن: ئۇ ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن، مۇلايىم، چىرايلىق قىز، — دېدى جىن هاما.

— مەنمۇ مەنسىنىڭ كېلىنىم بولۇشىنى ئويلايتتىم، سۇڭ جىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسا، كېلىن بىلەن پېتىشمايدىغان ئىشلارمۇ بولمايتتى. بىراق كىم بىلەن توي قىلىشنى ئۇ ئۆزى بەلگىلەيدۇ، بىز ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالساقمۇ بولمايدۇ، — دېدى سۇڭ خانىم.

— ئۇنىڭ هاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ تارتىۋالمامدۇق؟

سۇڭ جىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، سۇڭ خانىم بىلەن سۇڭ ئەپەندى دەھلىزدە ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدا جىن هاممۇ بار ئىدى.

— دادا، ئاپا، جىن هاما، يېرىم كېچە بولۇپ كەتسىمۇ ئۇخلىماپسىلەرغۇ؟

— سىنى ساقلاپ ئولتۇردۇق!

— گەپ بولسا ئەتە قىلساڭلارمۇ بولاتتىغۇ؟ ئەتە يەكشەنبە تۇرسا؟

— بۇ ئىش بەك مۇھىم، — دېدى سۇڭ ئەپەندى، — ئەتىگىچە ساقلىيالمايمىز!

سۇڭ جىن بۇ ئۇچەيلەننىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سورىدى:

— خۇا جىڭجىڭ توغرۇلۇقمۇ؟

سۇڭ خانىم باش لىڭشىتتى.

— قارىغاندا، ئۇلتۇرمىسام بولمىغۇدەك! — سۇڭ جىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، — جىن هامما، ماڭا بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ بەرسىڭىز بوپتىكەن.

— يېرىم كېچىدە چاي ئىچسىڭىز بولمايدۇ، مەن سىزگە ئادەمگىياھ چېچىكىدە چاي دەملەپ قويغانىدىم.

— بەك ئەتراپلىق ئويلاپسىز، ها ـ ها!

— سەنمۇ بىلىسەن، بىز سېنى بىرەر لايىق تاپسىكەن، دەيمىز، يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بىزنىڭمۇ كېلىنلىك بولغۇمىز بار، — سۇڭ خانىم ئۇنىڭدىن سورىدى، — بىراق سەن لايىق تاپقان تۇرۇقلۇق بىزگە ئېيتمىساڭ قانداق بولغىنى. سەن ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى مەن سەندىن سورىسام، ئوقۇيمەن دەپ ئالدىراش يۈرۈپ ئۇ ئىشلارغا ۋاقتىم چىقمىدى دېدىڭ.

— ئاپا، ئامېرىكىدا راستتىنلا ۋاقتىم چىقمىغان، قىزلار بىلەن بىرگە تاماق يېگەن يەرلىرىم بار شۇ.

— شۇنداق تۇرۇقلۇق، قانداقسىگە شۇلاردىن تاپماي، خۇا خېنىمنى تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ ئەپەندى.

— مەن قايتىپ كەلگەن كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئايرودرومدا تونۇشۇپ قالغان.

— شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئوغلىمىزنىڭ ساۋاقدىشى ئەمەسلىكىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغان، ئۇ ھەرگىزمۇ ئوقۇغان قىز دەك قىلمايدۇ!

— سىلەر مېنى چوقۇم دوكتۇر قىزلار بىلەن توي قىل دەمسىلەر؟

— بىلىم سەۋىيىسى مۇھىم ئەمەس، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ مەيلى، بىراق ئائىلىسىنى، تەربىيە

كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمىسەك بولمايدۇ.
— دادا، سىزنىڭچە ئۇ قىز قوپالمىكەن؟
— ئۇنداققۇ ئەمەسكەن.
— ئۇنىڭ كىيىنىشىگە قاراپ شۇنداق دەۋاتامسىز؟ دادا، ئەگەر ئاپام شۇنداق دېگەن بولسا، بۇنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق يىغىلىشلارغا جىق قاتناشمىغان. سىز دائىم بۇنداق يىغىلىشلارغا بارىسىزغۇ، ئۇ يەردە قىزلار، خانىملارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇنداق كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئۇ پەقەت مودا قوغلىشىپ مۇشۇنداق كىيىنگەن.
— مەن ئۇنىڭ كىيىمىنى دېمىدىم، تۇرقىغا قاراپ دەۋاتىمەن. بىراق ئۇ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، سالاپەتلىك كىيىملەرنى كىيىشى كېرەك ئىدى.
— ئۇ ئالايىتەن سىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى كەلمىگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز توي قىلىشقا پۈتۈشمىگەن. مەن ئۇنى بۈگۈنكى يىغىلىشقا تەكلىپ قىلغان، ئۇنىڭ سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن بولىدىغان ئىشقۇ؟ سىلەر ئۇنى ياقتۇرمىدىڭلارمۇ؟
— بىزنىڭ ياقتۇرۇش ـ ياقتۇرماسلىقىمىز مۇھىم ئەمەس، نىكاھ ئىشىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، — دېدى سۇلۇڭ خانىم، — بىز سېنىڭ ھېسسىياتىڭغا بېرىلىپ ئىش قىلىپ، ئالدىنىپ قېلىشىڭدىن، خەقنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ كېتىشىڭدىن ئەنسىرەيمىز.
— نېمە تۇزاق؟ — سۇلۇڭ جىن بارغانسېرى قايمۇقۇپ كېتىۋاتاتتى.
— سەن تېخى ياش ھەم ئوبدان ئائىلىدە چوڭ بولدۇڭ. ئۇ قىزلار سېنى ئازدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، — سۇلۇڭ ئەپەندى بېشىنى چايقاپ ئۇھ تارتتى، — بىلمىدىم، سېنى كىملەر، قەيەرلەردە ئاشۇنداق قىزلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ يۈرىدىكىن؟
— قانداق قىزلارنى دەۋاتىسىز، دادا، سۆزۈڭلارنى ئەجەب

چۈشىنەلمىدىمغۇ؟ — سۈك جىن ئىككى قولىنى يايدى.

— بايىقى پاھىشەنى دەيدۇ، — دېدى جىن ھاما سۈك ئەپەندىنىڭ ئۇ ئىسمىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، — كۆرمىدىڭىزمۇ، يۈزلىرىنى نېمىلەرچە بويۇۋالغان، كىيىملىرىچۇ تېخى ...

— ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگىنىڭگە قانچە كۈن بولدى؟ خىزمىتىڭ شۇنچە ئالدىراش تۇرسا، خىزمەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرسەڭ، شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ سېنى قانداق قىلىپ ئۆزىگە رام قىلىۋالدى، ئۇ خېلى ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن گەپ، — دېدى سۈك ئەپەندى، — راست، خۇا خېنىم ھەقىقەتەن چىرايلىق، جەلپكار، لاتاپەتلىك ھەم تولغان قىز ئىكەن، ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئەرلەر بولمىسا كېرەك، بىراق بەك نازلىق قىز ئىكەن ...

— بېگىم، ئۇنى بىر ئېزىتقۇ دېيىش كېرەك، — جىن ھاما گەپ قىستۇردى.

— ئوغلۇم، بىزنى بەك مۇتەئەسسىپ دەپ قالما، خوتۇن ئالساڭ مەسۇمەلەرنى ئال دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ، — دېدى سۈك ئەپەندى.

— قانداق قىزلار مەسۇمە ھېسابلىنىدۇ؟ ئۇ ئامېرىكىدا ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، دادىسىنىڭ بۇ يەردىمۇ، ئامېرىكىدىمۇ، چوڭ قۇرۇلۇقتىمۇ زاۋۇتى بار؛ ئائىلىسىدىمۇ ئادەم كۆپ ئەمەس ئىكەن، ئاتا ـ ئانىسى ۋە بىر ئىنىسى بار ئىكەن، ئىنىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ، ئائىلىسىمۇ ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىكەن.

— خۇا خېنىمنىڭ دادىسىنىڭ زاۋۇتى بارمىكەن؟ — سۈك ئەپەندى ئالدىراپ سورىدى، — دادىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟

— خۇا جۇڭگۇاڭ، دادا، سىز ئۇنى كۆرمىگەن، بەلكىم ئىسمىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز؟

— خۇا جۇڭگۇاڭ دېگىنىڭ خۇسۇسىي زاۋۇت ئىگىسى، مەن ئۇنى كۆرگەن، ئۇ بەستىلىك ئادەم، ئاۋازىمۇ تازا ياڭراق، خۇبپىلىققۇ دەيمەن؟

— خۇا جىڭجىڭنىڭ يۇرتى خۇبېيدىن ئىكەن.

— ئۇنداقتا، خۇا خېنىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان قىز ئىكەن - دە، — سۇڭ خانىم ئىررىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، — ئائىلىسىمۇ ياخشى ئىكەنغۇ؟

— يامان ئەمەس، لېكىن بىزدەك باي ئەمەس، — سۇڭ جېن تېخىچىلا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايۋاتاتتى، — سىلەر ئۇنىڭ زادى قەيىرىدىن رازى ئەمەس؟

— رازى بولمىغانلىق ئەمەس، ياخشى قىزكەن، راستلا ياخشى قىز ئىكەن، — دېدى سۇڭ خانىم ئالدىراپ، — بۇ سېنىڭ لايىقىڭنى تۇنجى قېتىم ئۆيگە باشلاپ كەلگىنىڭ بولغاچقا، بىز بەك چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپتۇق.

— گەرچە ئۇ مەلىكىلەردەك بولمىسىمۇ، ھەرھالدا خېلى چىرايلىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىستىلى، ئەخلاق - پەزىلىتى ئىنتايىن ياخشى، مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كېچىكىپ باردىم، ھەتتا بارمىغان چاغلىرىممۇ بولدى، ئۇ مېنىڭ خىزمەت بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، مېنى بەك توغرا چۈشىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان قىز بولغان بولسا، مەنمۇ مۇشۇنداق ئالدىراش ۋاقتىمدا مۇھەببەتلەشمىگەن بولاتتىم، ئۇ راستىنلا تېپىلغۇسىز، ئېسىل قىز، — سۇڭ جېن خورسىنىپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى، — بىلمەن، ئۇنىڭ كىيىنىشى كۆزۈڭلارغا سىغمىدى، ماڭىمۇ بەك غەلىتە كۆرۈندى، كېيىن ئۇنىڭغا بۇنداق كىيىنىپ يۈرمەسلىك توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىمەن.

— ئۇغۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، مۇشۇنداق كىيىنىش مودا ئىكەنغۇ! — دېدى سۇڭ خانىم ئالدىراپ، — ئۇنداق ئەخلاقلىق قىزلارنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئارتۇق تەلەپ قويماسلىق

كېرەك!

— دادا، ئاپا، باشقا ئىش يوقتۇ؟ مەن كىرىپ ئۇخلاي!

— باشقا ئىش يوق، كىرىپ ئۇخلا. ۋاقتىڭ يەتكەندە، ئۇنى ئۆيگە ئەكەپ تۇر ... — سۇلۇ خانىم ئوغلىنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېرىگە تىكىلدى، — بىرلا تەرىپىگە ئېسىلىپلاۋالىدىكەنسىز! سىزمۇ شۇ، جىن هاما، تاس قالدىڭىز، خۇا خېنىمنى جالاپ دەۋەتكىلى، بولمىسا، سۇلۇ جېن سىزنى هەرگىز كەچۈرمەيتتى!

— كەچۈرۈڭلار، بېگىم، خانىم! — جىن هاما ساراسىمىگە چۈشتى.

— مەن ئەزەلدىن خەققە توغرا باها بېرەتتىم، بۇ نۆۋەت كۆزۈم تورلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى سۇلۇ ئەپەندى، — ئۇنىڭ چىرايى مەسۇمەلەرگە ئوخشمايدۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇ راستىنلا هېچقانداق نۇقسانسىز قىزمۇ، تېخى؟

— ئادەمگە سىرتىغا قاراپ باها بەرمەسلىك كېرەك - دە! — سۇلۇ خانىم ئېرىگە ئاچچىق قىلدى.

— خاپا بولماڭ، قىسقىسى مەن ئوغلۇمنى دەپ مۇشۇنداق قىلغانىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن هېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايمەن. ئۇ كىمنى ياخشى كۆرسە شۇنى ئالسۇن، ئەڭ ياخشىسى، سىز گەپ قىلماي نەۋرىڭىزنى بېقىپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن!

## 3

خۇا جىڭجىڭ سۇڭ ئائىلىسىگە تېلېفون قىلىۋېرىدىغان بولدى.

سۇڭ خانىمۇ ئۆزىنىڭ «گۇناھىنى يۇيۇش» ئۇچۇن، خۇا جىڭجىڭنى دائىم ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلىدىغان بولدى.

يەكشەنبە كۈنلىرى خۇا جىڭجىڭ كۆپ ھاللاردا سۇڭ ئائىلىسىدە بولىدىغان بولدى، چۈنكى، سۇڭ جېن يەكشەنبە كۈنى ئاساسەن ئىشلىمەي، ئۆيدە ئاتا ـ ئانىسىغا ھەمراھ بولاتتى.

بىر كۈنى، جۇاڭ مەنسى سۇ ئۇزۇش كۆلچىكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، خۇا جىڭجىڭ ئۇنى چاقىردى.

خۇا جىڭجىڭنىڭ ئۇچىسىدا قىپقىزىل سۇ ئۇزۇش كىيىمى، بەدىنىنىڭ سەكسەن پىرسەنتى ئوچۇق، كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلاتتى.

— مەنسى، سۇ ئۇزۇش كىيىمىڭىزنى كىيىپ چىقىپ، بىز بىلەن بىرگە سۇ ئۇزمەمسىز؟ — ئۇنىڭ مەنسى بىلەن يېقىنلاشقۇسى بار ئىدى.

— مەن تېخى ئەتىگەندىلا سۇ ئۇزگەن، — دېدى مەنسى، ئۇ خۇا جىڭجىڭنىڭ مۇشۇ ئائىلىگە كېلىش بولىدىغانلىقىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى، سۇڭ ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن ئۇنى سۇڭ جېنىنىڭ لايىقى دەپ قارايتتى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇ رېئاللىققا باش ئەگمىسە بولمايتتى، — مەن ھەر كۈنى سۇ ئۇزۇپ بولۇپ ناشتا قىلىشقا ئادەتلەنگەن، سەل تۇرۇپ سۇڭ جېن ئاكام سىز بىلەن بىرگە سۇ ئۇزۇشكە چىقىدۇ.

— ئادەم كۆپ بولسا قىزىيدۇ ئەمەسمۇ؟

— بولدى، مەن سىلەرگە دەخلى قىلماي. ئەنە، سۇڭ جېن ئاكام كەلدى!

— سىز نېمىشقا ئۇنى سۇڭ جىن ئاكا دەپ چاقىرىسىز؟ — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جىننى قولىدىن تارتماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى، — خۇددى بىر ئاكىڭىز باردەك. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ مۇشۇ بىرلا نەۋرە ئاكىڭىز بار ئىكەنغۇ، ئۇنى ئاكا دەپ چاقىرسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ! — دېدى سۇڭ جىن قولىنى جىڭجىڭغا ئۇزىتىپ، — ئاكا دەپ چاقىرسا ئوڭاي ئەمەسمۇ؟

— بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئاكا دەپ چاقىراي، — مەنسى ئۇلارغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوش ئېيتىپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— قاراڭ، ئۇ بەك يالغۇزسىراپ قاپتۇ، — دېدى خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، — ھەر قېتىم كەلسەم ئۇ ئۆيدە بار، بىرەر قېتىممۇ سىرتقا چىققىنىنى كۆرمىدىم.

— ئۇ ئاندا ـ ساندا قىز ساۋاقداشلىرى بىلەن كىنو كۆرۈشكە، سىرتتا تاماق يېيىشكە بارىدۇ. بىراق ئۇ يەنىلا ئۆيگە ئامراق.

— ئۇ بىرەر يىگىت بىلەن ئارىلاشقان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرۈپ يالغۇزلۇق ھېس قىلمايتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلمىسەم بولمىغۇدەك، بولدىلا، بىز ئاۋۋال سۇ ئۈزەيلى، ئىككىمىز كېپىنەكسىمان ئۈزۈپ مۇسابىقىلىشىپ باقامدۇق؟

— كېپىنەكسىمان دەمسىز؟ مەن ئۇنداق ئۈزۈشنى بىلمەيمەن.

— مەن سىزگە ئۆگىتىپ قويىمەن!

— ئەلۋەتتە سىز يېڭىسىز ـ دە، بۇ ئادىللىق بولامدۇ...

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سۇڭ جىن خۇا جىڭجىڭنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى.

— كېلەر يەكشەنبە كۈنى سىز بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ، — دېدى جىڭجىڭ.

— زىيان تارتىدىغان ئىش بولمىسىلا چوقۇم بارىمەن.

— مەنىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىڭ!
— ئۇ دادا - ئاپىلىرىڭىزدىن خىجىل بولىمەن دەپ ئۇنىماسمىكىن.
— شەنبە كۈنى ئاپام دادام بىلەن بىرگە شاڭخەيگە كېتىدۇ، ئۆيدە چوڭلار بولمىسا ...
— بولىدۇ! ئۇنى چوقۇم ئېلىپ بارىمەن، بولمىسا ئۇ ئۆيدە زېرىكىپ قالغۇدەك.

يەكشەنبە كۈنى، خۇا جىڭجىڭ ئىنىسى خۇا شاڭچيەننى ئۆيدىن سىرتقا چىقارغۇزمىدى.
— ھەدە، مەن ما جياليې بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، — دېدى خۇا شاڭچيەن.
— سەل تۇرۇپ سۇڭ جېن نەۋرە سىڭلىسىنى باشلاپ كېلىدۇ.
— ھەدە، سەھەرلىقتەك گەپ قىلمىغىنا، بولامدۇ؟ ماڭا ئادەم چىقمايدۇ دەپ قېلىۋاتامسەن؟ — دېدى خۇا شاڭچيەن تاقەتسىزلىنىپ.
— مېنى سەھەرلىق دەپ ھاقارەتلەيسىنا؟ مەن دېگەن مودىنىڭ ئەڭ ئالدى جۇمۇ! — خۇا جىڭجىڭ ۋارقىراپ كەتتى، — بولدى، بىز ئادىل كېلىشەيلى، ئەگەر جۇاڭ مەنىسى كۆڭلۈڭگە ياققۇدەك بولسا سىرتقا چىقما، كۆزۈڭگە سىغمىغۇدەك بولسا چىقىپ ما جياليېرىڭنىڭ قېشىغا بار، بولامدۇ؟
— ئۇلار قاچان كېلىدۇ؟ مېنى بىر - ئىككى سائەت ساقلا دېسەڭ ئۇنىڭغا تاقەت قىلالمايمەن جۇمۇ!
— بىر سائەتكىچە كەلمىسە، بولدى يولۇڭغا كېتىۋەر، — خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى، — كېلىشتۇق ئەمىسە!
— قىز بالا دېگەننىڭ ئەجەب ئىشى جىق بولىدىكەن، — خۇا شاڭچيەن ئاخىر ھەدىسىگە قول بەردى.
بىراق ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، مۇزىكا ئاڭلىغاچ، ژۇرنال ۋاراقلاپ ئولتۇردى، سېرىق پەمىدۇر شىرنىسى ئىچتى.

ئۇ سائىتىگە قارىدى، ئۇنىڭ مەنسىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىغا بىر سائەتلەر بولۇپ قالغانىدى، ئۇ پاتنفونىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ماجىيالېيغا تېلېفون قىلماقچى بولۇپ ماڭغاندا، ماشىنا توختىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، ئەينەكتىن سىرتتىكى گۈللۈككە قارىدى.

سۇڭ جېن ماشىنىدىن چۈشتى، ئارقىسىدىن بىر قىز چۈشتى، ئۇ قىز ئۇچىسىغا تىزىغا كەلگۈدەك ئاق كۈلۈش كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلىكىنىڭ يېڭىگە ھال رەڭ ئەتىرگۈل تىكىلگەن، بەئەينى مەلىكىنىڭ ئۆزى ئىدى.

خۇا شاڭچيەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەيران قالدى! تېرىسى ئاپئاق، كۆزلىرى يوغان، چاچلىرى ئۇزۇن ھەم قارا، بىر قاراشتىلا نارەسىدە قىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

خۇا شاڭچيەن تېرىسى ئاق ھەم چىرايلىق، مەلىكە سۈپەت قىزلارنى بەك ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ ئىختىيارسىز مېھمانخانىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

خۇا جىڭجىڭ مەنسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئىنىسىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنىسىنى تونۇشتۇردى:

— بۇ بىزنىڭ كىچىك زومىگەر خۇا شياڭچيەن بولىدۇ، ئۇ ئەقىللىق ھەم كېلىشكەن، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يول قويىدۇ.

— ھەدە، ئادەمنى خىجىل قىلمىغىنا، مەنمۇ ئۆيدىكىلەرگە كۆيۈنمەمەنغۇ؟

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى خۇا جىڭجىڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — ئەمىسە مەن توغرا ئېيتىپتىمەنغۇ. مەنسى، يۈرۈڭ، چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى!

خۇا شاڭچيەن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئالدىراپ ماڭدى.

— ھەي، بىز تاماقخانىغا كىرىمىز! — دېدى خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىغا قاراپ، — يولۇڭدىن ئېزىپ قېلىۋاتامايدىغانسەن؟

— نېمىشقا ئېزىپ قالغۇدەكمەن؟ چاي ئىچىدىغان ۋاقىت بولدىغۇ؟

— سەن دوستۇڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانغا دېيىشىپ قويمىغانمىدىڭ؟ دېيىشىپ قويغان ۋاقتىڭدىن بىر سائەت ئېشىپ كەتتى، بارىدىغان يېرىڭگە ماڭمامسەن؟ ئەنە ئىشىك ئاۋۇ تەرەپتە. بىز بىلەن مېڭمۇېرىپ، ئىشىكتىن يىراقلاپ كەتمە!

— مەن سىرتقا چىقمەن دېمىدىم، مۇزىكا ئاڭلىغاچ سۇڭ جېن ئاكامنى ساقلاۋاتقىلى نەۋاخ!

— سۇڭ جېن ئاكاڭ مېنى دەپ كەلدى، ئۇ نەچچە قېتىم كەلگەندە، سەن ئالدىراش سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتاتتىڭغۇ، نېمىشقا تۇيۇقسىز ئۇنى ساقلاپ قالدىڭ؟

— مەن ساھىبخانىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىم كېرەك ـ دە، — خۇا شاڭچيەن ھەدىسىگە يالۋۇردى، — ھەدە، بولدى قىلە!

خۇا جىڭجىڭ يەنە كۇلۇپ كەتتى.

تاماقخانىغا كىرگەندە، خۇا جىڭجىڭ مەنسىنى شىرەگە تەكلىپ قىلدى، خۇا شاڭچيەن ئاستا كېلىپ مەنسىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

— ھەدە، سەن بىزنى تېخىچە تونۇشتۇرۇپ قويمىدىڭغۇ؟ — شاڭچيەن مەنسىگە بىردەم ـ بىردەم قاراپ قويياتتى.

— بۇياق جۇاڭ مەنسى خېنىم بولىدۇ، سۇڭ جېننىڭ نەۋرە سىڭلىسى. مەنسى، قېشىڭىزدىكى بۇ يىگىتنى بايا تونۇشتۇردۇم، ئۇ ئىنىم خۇا شاڭچيەن.

— ياخشىمۇسىز، مەنسى! — خۇا شاڭچيەن مەنسىگە قولىنى ئۇزاتتى.

مەنسى ئىلاجسىز ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ كۇلۇمسىرەپ قويدى.

خۇا شاڭچيەن خىجىل بولغىنىدىن قولىنى تارتىۋېلىپ، سۇڭ جېنغا قاراپ كۇلدى:

— مەن سۇڭ جېن ئاكامنىڭ بۇنداق مەلىكە سۇپەت نەۋرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىڭلىسى بار دەپ زادىلا ئويلىماپتىمەن!
— نەۋرە سىڭلىمنى بەك سەت دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟
— ئۇنداق ئويلىمىغان، بىراق ئۇ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن، ھەدەمنىڭ دېگىنىدەك بىرىنچى دەرىجىلىك كىچىك ساھىبجامال ئىكەن!
— ھەدەڭ بەك مەتو، ياخشىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا!
— مەن سىلەرنى ئويۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلاي، كېچىچە كۆرىمىز، — خۇا شاۋچيەن خۇا جىڭجىڭغا ئالىيىپ قارىدى.
— مۇنداق گەپنى قىلە، — خۇا جىڭجىڭ بېشىنى لىڭشىتتى، — بۇ گېپىڭ جايىدا بولدى!
خۇا جىڭجىڭ ئاخىر ئىنىسىنىڭ چىشىغا تېگىشتىن توختىدى، خۇا شاۋچيەن يېنىك ئۇھ تارتتى، ھەدىسى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ بىر يەرگە ئاپارغانىدى.
ئۇلار چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن بىرلىكتە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئوينىدى، خۇا شاۋچيەن ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناشقا ماھىر ئىدى، مەنسى ئۇنىڭدەك ئۇستا بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا خېلى ئوينىيالايتتى، خۇا شاۋچيەن ئۇنىڭغا بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتى.
كەچلىك تاماقتىن كېيىن خۇا شاۋچيەن راستىنلا ئۇلارنى تىياتىر كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى، ئۇلار تىياتىرخانىدىن چىققاندا سائەت بىر بولغانىدى، مەنسى ئۆيگە كەچ قايتىپ باقمىغاچقا، سۇڭ جېنغا ئۆيگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— شاۋچيەن سىزنى ئاپىرىپ قويسۇن، سۇڭ جېن مېنى ئاپىرىپ قويىدۇ، بولامدۇ؟ — دېدى خۇا جىڭجىڭ.
جۇاڭ مەنسى قارشىلىق بىلدۈرمەي، سۇڭ جېنغا قارىدى.
— جىڭجىڭنى ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن قايتساق بەك كەچ بولۇپ كەتكۇدەك، — دېدى سۇڭ جېن بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ.

جۇاڭ مەنسى گەپ قىلماي خۇا شاڭچيەننىڭ مۇسابىقە ئاپتوموبىلىغا چىقتى.

خۇا شاڭچيەن ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، ئىختىيارسىز مەنسىگە قارىدى:

— مەنسى، سىز ئادەتتە نېمە قىلىشقا ئامراق؟

— غالتەكلىك كانكى تېپىلىشنى، كىتاب كۆرۈشنى، تېلېۋىزور كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن.

— سىرتتىنچۇ؟

— كىنو كۆرۈشنى، ناخشا كېچىلىكلىرىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن.

— دېسكو ئويناشنىچۇ؟

— دېسكوخانىلارغا بېرىپ باقمىدىم.

— ئەتە مەن سىزنى دېسكوخانىغا ئاپىراي، بولامدۇ؟

— دېسكوخانىغا جىق ئادەم بارسا قىزىيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن كەچ قايتتىم، ئەتىمۇ كەچ قايتسام بولماس، كەچۈرۈڭ، بارالمايمەن.

— بوپتۇ ئەمىسە، بىز كىنو كۆرگىلى بارايلى. ئەتە چۈشتە سائەت بىردە سىزنى ئالغىلى باراي، ئىككىمىز بىرگە تاماق يەيلى، كىنو كۆرۈپ، كەچلىك تاماقنى يەپ، كەچ سائەت 11 دىن بۇرۇن ئۆيگە قايتسىڭىز بولار؟

— ئەتە مەكتەپكە بارىمەن، چۈشلۈك تاماقنى مەكتەپتە يەيمەن.

— ئوقۇش باشلاپ بولدۇڭلارمۇ؟ بىز تېخى باشلىمىدۇق.

— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمسىز؟

— ئۆكتەبىردە ئالىي مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىغا چىقىمەن!

— شۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ، يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرا تېخنىكومدىكىلەر ئوقۇش باشلاپ بولدى.

— سىز تېخى كىچىك ئىكەنسىز، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيسىزغۇ دەيمەن؟

— ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 7 - يىللىقىغا چىقتىم، كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمەن!

— يات ئارىدا مەكتەپداش بولۇپ قالغۇدەكمىز، سىز مېنىڭ شاگىرت سىڭلىم بولغۇدەكسىز.

مەنسى كۈلۈپ قويدى. ئۇ يىگىتلەرنىڭ قىزلارغا ئىچپەش تارتىشى جەھەتتە تەجرىبىسىز بولغاچقا، خۇا شاڭچيەننىڭ ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلىشىنى، ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشى، پاراڭلىشىشىنى ئەدەپ يۈزىسىدىن ياكى ھەدىسىنىڭ يۈزىنى قىلغۇاتقانلىقى دەپ چۈشەندى.

— قايسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟ — سورىدى خۇا شاڭچيەن.

مەنسى مەكتىپىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى.

— پاھ! ئۇ دېگەن داڭلىق قىزلار مەكتىپىغۇ، نەتىجىسى ياخشىلار ئۇ مەكتەپكە كىرەلەيدۇ...

سۈڭ جېن خۇا جىڭجىڭنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغۇچە يولدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز مەنسىگە تونۇشتۇرماقچى بولغان يىگىت شاڭچيەنمۇ؟

— ئۇ بولسا بولمامدىكەن؟ ئۇ ئەسكىمۇ؟ — خۇا جىڭجىڭ تېزلىكتە ئىنكاس قايتۇردى، — خۇا ئائىلىمىز سىلەرنىڭ سۈڭ ئائىلەڭلەردەك باي بولمىغىنى بىلەن، شاڭچيەن ئەقىللىق، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى. ئوغۇللار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولۇش!

— جىڭجىڭ، بىلىسىزغۇ، بىز بۇ تەرەپلەرنى ئانچە سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيمىز.

— شۇنداق، مەن بۇرۇنلا بىلىشىم كېرەك ئىدى، — خۇا جىڭجىڭ كۈلۈپ قويدى، — ئۇ ئىككىسىنىڭ يېشىمۇ ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن، شاڭچيەننىڭ تەقى - تۇرقى خېلى جايىدا. سىزمۇ ئۇنى قاملاشقان، تۇرگۈن بالا ئىكەن دەپ ماختىغانتىڭىز!

— ئۆزىغۇ قاملاشقان يىگىت، بىراق جىق قىزلار بىلەن ئارىلاشقان، سەل ئويۇنچىدەك قىلىدۇ، — سۇڭ جىبن قاملاشقان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى ئەر بولۇشى ناتايىن دەپ قارايتتى.

— ئۇ نەدە ئۇنداق جىق قىزلار بىلەن ئارىلىشىدۇ؟ ئۇ ئۆزى قاملاشقان بولغاچقا، قىزلار ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىكەن، — خۋا جىڭجىڭ ئىنىسىغا يان باسقىلى تۇردى، — ئۇنىڭ ئورنىدا شۇنداق كاپالەت بېرىمەنكى، ئۇ مەنسى بىلەن چىقىشىپ قالسا، باشقا قىزلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي ئۈزىدۇ.

— مەنسى بەك مۇلايىم، قورقۇنچاق، بىراق شاڭچيەننىڭ بەگزادىلەرچە مىجەزى ...

— ئۇ مەنسىنى ياخشى كۆرسە، ھەرگىز ئۇنىڭغا بەگزادە مىجەزىنى كۆرسەتمەيدۇ.

— ئۇنىڭ مەنسىنى ياخشى كۆرىدىغان- كۆرمەيدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز.

— ئەتىگەندىن بېرى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ شاڭچيەن ئۇنىڭ يېنىدىن كېتەلمەي قالدىغۇ؟ كېيىپ ئېيتىمەنكى ئۇ مەنسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. بىراق مەنسىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمىدىم.

— ئۇنىڭغا بىرنىمە دېمەك قىيىن، مەنسى تېخى كىچىك، يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىپ باقمىغان، شاڭچيەننىڭ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشلىرىنىمۇ چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن!

خۋا جىڭجىڭ سۇڭ جىبنغا چاپلىشىپ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى:

— سىز ئۇلارنىڭ ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك ماس كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلامسىز؟

— ئۇلار راستىنلا بەك ماس كەلگۈدەك!

— ئەمىسە سىز بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى تېپىشتۇرۇپ قويۇڭ، تۆتىمىز تازا تېپىشقۇدەكمىز.

— ئۇرۇنۇپ باقاي ...

www.uyghurkitap.com

جۇاڭ مەنسى، جۇ ۋېنفېڭ، گەن يۈلىڭ ئۈچى بىرلىكتە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتى، ئۇلار ھېلىلا دەرسخانىدا سۆزلەنگەن مەسىلە توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

تۇساتتىن، «غارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر ماشىنا توختىدى.

ئۇلار تەڭلا توختاپ قالدى.

— مەنسى! — ئۈچىسىغا گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن بىر يىگىت ماشىنىدىن چۈشتى.

ئۈچ قىز بىر - بىرىگە قاراشتى.

— خۇا شاڭچيەن، بۇ يەردە نېمە قىلىسىز؟ — سورىدى مەنسى.

— ئالايىتەن سىزنى ئالغىلى كەلدىم!

— ھە! ياق، بولدى رەھمەت، — مەنسى دەرھال رەت قىلدى، — بىز ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە مېترودا قايتىپ كۆنۈپ قالدۇق.

— مەن راستىنلا سىزنى ئالغىلى كەلگەن، بەك بالدۇر كېلىۋاپتىكەنمەن، بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈردۈم، — خۇا شاڭچيەن مەنسىگە يالۋۇرغىلى تۇردى، — ئالايىتەن سىزنى ئالغىلى كەلگەندىكىن يۈزۈمنى قىلىپ ماقۇل دەڭ، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي!

— بىراق مەن ...

— قارا، ئۇنىڭ ساڭا چاپلىشىۋالغىنىغا، سېنى ئاپىرىپ قويمىغۇچە بولدى قىلمىغۇدەك، تۆۋەن يىللىقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قاراۋاتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەت، بولامدۇ؟ — دېدى گەن يۈلىڭ ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ.

— بىراق؟

— گەن يۈلىڭ توغرا ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، سېنى ئاپىرىپ قويمىغۇچە ئۇنىمىغۇدەك، بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەڭ پۈتۈن مەكتەپتىكىلەر بىلىپ كېتىدۇ. قارا، مەكتەپ ئاپتوبۇسىغا چىقىدىغان سەي قىزچاقمۇ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، چاققان

ئۇنىڭ بىلەن كەت.

مەنسى خۇا شاڭچيەننىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ، ماشىنىنى تېز ھەيدەشكە بۇيرۇدى.

خۇا شاڭچيەن دەرھال ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

— سىزنىڭ ئۆيىڭىز تاغ چوققىسىدا تۇرسا، مىتروغا چىقسىڭىز ئۆيىڭىزگە بېرىپ بولالمايسىز.

— ھەر كۈنى يېرىم يولدا چۈشۈپ قېلىپ، ئاسما ماشىنىغا ياكى ئاپتوبۇسقا چىقىمەن.

— ماشىنىدا كەتسىڭىز بەك راھەت ئەمەسمۇ؟

— ياشلار راھەتكە بېرىلمەسلىكى كېرەك. مەكتەپ بىزگە جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش قىلىش توغرۇلۇق تەربىيە بېرىدۇ.

— سائەت تۆت بولۇپ قاپتۇ، بىرەر يەرگە بېرىپ چاي ئىچىپ كېلەيلى، بولامدۇ؟

— كەچۈرۈڭ، ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ.

— تەتىلدىن ئەمدى يېغىلغان تۇرساڭلار، تاپشۇرۇقمۇ يوقتۇ؟

— بۈگۈن بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، ئۆيگە بېرىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، شۇ يەرگە بارمىسام بولمايدۇ!

خۇا شاڭچيەننىڭ چىرايىدىكى بايىقى تەبەسسۇم ئۆچۈپ، كۆزلىرى چەكچەيدى.

— كەچۈرۈڭ!

خۇا شاڭچيەن ئۆزىنىڭ ئاۋارە بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكىگە ئاچچىقى كەلدى. بىراق قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇنى تاماق يېيىشكە مەجبۇرىي ئاپارسا، ئۇنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

— كېرەك يوق، مەن سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە دېيىشىپ قويمىغان تۇرسام، — ئۇ ئىلاجسىز مەنسىنى توغرا چۈشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى، — ئەتە، ئەتە سىز دەرستىن چۈشكەندە

سىزنى ئالغىلى كېلەي، ئىككىمىز بىرگە كىنو كۆرەيلى، بىرگە تاماق يەيلى.

— ياق، سىز ھەرگىز مەكتەپكە بارماڭ، تۇزۇمىمىز بەك چىڭ.

— مەن ھەرگىز سىزنى مەكتەپ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغۇزمايمەن. دەرستىن كېيىنكى ۋاقىت ئۆزىڭىزنىڭ خۇسۇسىي ۋاقتى، مەن مەكتىپىڭىزگە ئۇسۇپ كىرمىسەم.

— ئەزەلدىن يىگىتلەر مەكتەپنىڭ ئالدىغا ماشىنا ھەيدەپ كېلىپ، قىزلارنى ئەكىتىپ باقمىغان، ئوقۇتقۇچىلار كۆرۈپ قالسا كۆرگۈلۈكىنى كۆرستىدۇ.

— بىز ئوبدان ماسلاشساقلا بولىدۇ ئەمەسمۇ، مەن دەل ۋاقتىدا كەلسەم، سىز دەرھال ماشىنىغا چىقىۋالسىڭىز، دەرھال ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ قالىمىز، ھېچكىم كۆرمەيدۇ.

مەنسى گەپ قىلماي ئولتۇردى، شۇ تاپتا ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى، خۇا شاڭچيەننىڭ نېمە ئۇچۇن ئۇنى چوقۇم ئالغىلى كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى.

مەنسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن گەپ تەرگىشىپ ئولتۇرغۇسى كەلمىدى، خۇا جىڭجىڭنىڭ ئىنىسىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمىدى.

ماشىنا چوڭ توسمىغا كەلگەندە، مەنسى خۇا شاڭچيەنگە رەھمەت ئېيتىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ، گۈللۈككە كىرىپ كەتتى.

— سىزنى ئەكەپ قويغان كىشى كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى جىن ھاما.

— تۇنۇگۇن ئەكەپ قويغان يىگىت.

— سىز تۇنۇگۇن بەگزادە بىلەن بىللە قايتتىڭىزغۇ؟

— ياق، سۇڭ جىن ئاكام خۇا خېنىمنى ئاپىرىپ قويغىلى كەتتى، بىز قايتىپ كەلگەندە سىز ئۇخلاپ قاپتىكەنسىز.

— بۇ يىگىت بىلەن قەيەردە تونۇشۇپ قالدىڭىز؟ — جىن

ھامما مەنسىنى تارتىپ سورىدى، — ياسانچۇق يىگىتتەك قىلامدۇ، قانداق، ئۆزىغۇ كىيلىشكەن يىگىتكەن.

— ھېچ يەردە تونۇشمىدىم، ئۇ خۇا خېنىمنىڭ ئىنىسى خۇا شاگچيەن بولىدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىڭىز؟

— تۇنۇگۇن خۇا خېنىم سۇلى جېن ئاكام ئىككىمىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى، ئۆيىگە بارساق، ئىنىسى ئىككىسى يالغۇز ئىكەن، ئىنىسى بىزنى تىياتىر كۆرۈشكە، كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى، تاماقتىن كېيىن خۇا خېنىم ئىنىسىنى مېنى ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

— ئۇ خېنىمنىڭ يامانلىقىنى مەن بۇرۇنلا بىلگەن، ئۇ ئالدى بىلەن بەگزادىنى كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئىنىسىنى سىزگە تونۇشتۇرماقچى بوپتۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى سۇلى، جۇاڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى خۇا ئائىلىسى بىلەن تونۇشتۇرماقچىكەن.

— جىن ھامما، نىمىلەرنى دەۋاتىسىز، ھېچ چۈشەنمىدىم!

— بايا مەن ئۇنى ۋادەكتىن ئوبدان كۆزەتتىم، ئۇنىڭ سىزگە قاراشلىرى، گەپ قىلغان چاغدىكى چىراي ئىپادىسىدىن سىزنى كەلتۈرمەكچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، سىز بۇنى سەزمىدىڭىزمۇ؟

— مېنىڭ ھازىر ھېچقانداق يىگىت بىلەن ئارىلاشقۇم يوق، — مەنسى راست گەپنى قىلىۋاتاتتى، ئۇ بىرنەچچە يىل سۇلى جېننى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدى، يېقىندا خۇا جىڭجىڭ پەيدا بولدى، ئۇ مۇھەببەتتىن مەھرۇم قېلىشنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىغان، شۇڭا يەنىلا ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى.

ئەتىسى مەكتەپتە جۇ ۋېنفېڭ ۋە گەن يۇلىڭلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تاماق يېدى، جۇ ۋېنفېڭ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن ئاخىر يىگىتىڭنى مەكتەپكە باشلاپ كەپسەن.

— مەكتەپ مۇدىرى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، سېنى ئوقۇتۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقارمىسىغا چاقىرتىپ، تاناۋىڭنى ئوبدان تارتىپ قويىدۇ!
— ئۇ راستتىنلا مېنىڭ يىگىتىم ئەمەس!
— يوشۇرۇپ كەتمە، بىز دېگەن ئون نەچچە يىللىق ساۋاقداش، ئاكامنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، يىگىتىڭ بارلىقىنى ماڭا ئېيتىپ قويۇشۇڭ كېرەككۇ، ئاكام ساڭا بىكار ئاۋارە بولۇپ يۈرمەسلىكى كېرەك - دە!
— مەنسى ھەرگىز يوشۇرمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىۋاتقان بولسىمۇ يېقىندا تونۇشقان بولغىيتتى، بولمىسا، ئۇلار تانسا كېچىلىكى قىلغاندا، ئۇ يىگىتنى كۆرمەمتۇق! — دېدى گەن يۈلىڭ.
— ئۇ راستتىنلا مېنىڭ يىگىتىم ئەمەس، ئۇ خۋا جىڭجىڭنىڭ ئىنىسى.
— خۋا جىڭجىڭ؟
— ئۇ نەۋرە ئاكامنىڭ لايىقى!
— ھە! ھېلىقى جەلپكار قىزمۇ؟ — گەن يۈلىڭ دەرھال ئېسىگە ئالدى، — شۇ، ئۇنىڭ گەپ - سۆزى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ئىش كۆرگەن يىگىت ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، ھەدىسىنىڭ ئۆزى ئىكەن!
— ئۇمۇ قاملاشقان نېمىكەن، شۇنىسى بەك مودا ئىكەن، 60 - يىللاردىكى ئافېيلارنىڭ ئۆزىغۇ، — جۇ ۋېنفېڭ بېشىنى چايقىدى، — ئۇنىڭ كىم بولۇشى مۇھىم ئەمەس، سېنىڭ لايىقىڭ بولسىلا بولدى!
— ئۇ سېنى دەپ مەكتەپكە كەپتۇ.
مەنسى ئوسال ھالدا قالدى.
— سىلەرمۇ جىن ھامامدەك گەپ قىلىدىكەنلەرغۇ، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيسىلەر، ئۇ ماڭا قانداق يېقىنچىلىق قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بىلەن يۈرگۈم يوق، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقۇممۇ يوق!
— مەنسى شۇنداق دەۋاتقاندىكىن ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەك

بولمايدۇ، ئۇ ھەرگىز رەقىبىنىڭ ئىنىسى بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرمەيدۇ، — دېدى گەن يۇلىڭ، — تامىقىڭنى يە، مەنسى! دەرس ۋاقتى بولۇپ قالدى، بىز ساڭا ئىشىنىمىز.

دەرستىن چۈشكەندە، مەنسى جۇ ۋېنفېڭغا بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بولۇپ سىنىپتىن چىقىشىغا، گەن يۇلىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— مەن چىقىپ قاراپ باققانىدىم، خۇا جىڭجىڭنىڭ ئىنىسى يەنە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ!

— مەن ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كەتمەيمەن، مەن كۇتۇپخانىدا دەرس تەكرارلاپ، ئۇ كەتكەندىن كېيىن قايتاي.

— بىز سەن بىلەن بىللە كېتەيلى، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ.

— ئۇنداق قىلىۋەرسەڭمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن قانچە كۈن قۇتۇلالايسەن؟

— مەنسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن زادىلا كۆرۈشكۈسى يوق تۇرسا!

— مەن بىر ئامال تاپتىم! — دېدى گەن يۇلىڭ كۆز قارىچۇقىنى پىرقىرىتىپ، — بىز ئارقا ئىشىكتىن ماڭايلى، ئارقا ئىشىك تەرەپتىن مېڭىپ مېتروغا چىقساقمۇ بولىدۇ. ئارقا ئىشىك تەرەپتىكى چوڭ يولدا ماشىنا توختىتىشقا بولمايدۇ، ئۇ يەردە ھەرگىز سېنى ساقلىيالمايدۇ.

— بولىدىغان گەپكەن! بىز سەن بىلەن بىرگە ئارقا ئىشىكتىن ماڭايلى.

— سىلەرنى ئاۋارە قىلماي ئۆزۈم كېتىۋېرەي.

— تەكەللۇپ قىلىپ كەتمە، — جۇ ۋېنفېڭ ئۇنى قولتۇقلىۋالدى، — بىز دېگەن جان دوستلار تۇرساق!

— ھېلىقى خۇا فامىلىلىك ئۆيگە ئون نەچچە قېتىم تېلېفون قىلدى!

مەنسى ئۆيگە كىرىشىگە جىن ھاما سۆزلەپ كەتتى.

— نېمە ئىشى بار ئىكەن؟ — مەنسىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، — قاچان تېلېفون قىلسىمۇ مېنى يوق دەپ قويۇڭلار،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقۇم يوق.

— ئاڭلاڭ! تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى!

— مېنى تېخى كەلمىدى دەپ قويۇڭ! — مەنسى كىتابلىرىنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

— مەنسى خېنىم تېخى قايتىپ كەلمىدى! — دېدى جىن ھاما تۇرۇبكىنى ئېلىپ.

— فامىلەم خۋا، خۋا جىڭجىڭنىڭ ئىنىسى بولىمەن ...

— ھە! خۋا بەگزادە، مەن جىن ھاما بولىمەن، سۇڭ ئائىلىسىنىڭ غوجىدارى، بىر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— مەن سىلەرنىڭ مەنسى خېنىمنى مەكتەپكە ئالغىلى بارغاندىم، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئىككى سائەتتەك ساقلىدىم، ئاخىر بولماي دەرۋازىغا قارايدىغان ئادەمدىن سورىسام مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كېتىپ بولدى، دەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئوقۇغۇچىلار كۆپ بولغاچقا، كۆرمەي قالغان ئوخشايسىز.

— ئۇنىڭ ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقتى بولغاندۇ، ئۆيگە كېلىپ بولدىمۇ يا؟

— ياق، تېخى كەلمىدى!

— بىراق ئۇنىڭ دەرستىن چۈشكىنىگە بىر سائەت قىرىق بەش مىنۇت بولدى.

— ئۇ ماشىنا ئالمىشىپ كېلىدۇ، يولدا ماشىنا توسۇلۇپ قالدىمىكىن؟

— ئۇ ئادەتتە قانچىلەردە كېلەتتى؟

— بەش ـ ئالتىلەردە قايتىدۇ.

— ئەمىسە مەن ئۆيگە قايتىپ، ئالتىدە تېلېفون قىلاي، ئۇ كەلسە ماڭا ... ياق، ئۇ مېنىڭ تېلېفونۇمنى ساقلىسۇن!

جىن ھاما تۇرۇبكىنى قويۇپ غودۇردى:

— ھەدە ـ ئىنى ئىككىسى ئوخشاشلا ئادەمنى بىزار قىلىدىغۇ ...

سۆلۈڭ جىن خۇا ئائىلىسىگە تاماقتا كەلدى، خۇا شاڭچيەن تېلېفوننىڭ قېشىدا گەپ قىلماي ئولتۇراتتى.

— ھەي! نېمە بولدى ساڭا؟ يېقىندىن بېرى ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ؟

— ھەي! — خۇا شاڭچيەن ئىككى قولىدا بېشىنى قاماللىدى.

— نېمە بوپتۇ ئۇ ئالا قاناتقا، ئۇچماس بولۇپ قاپتىغۇ؟

— نەۋرە سىڭلىڭىزنى دەپ بارلىق قىزلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى! — خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىگە ئىچ ئاغرىتىپ قارىدى، — سىز يەنە ئۇنى ئالا قانات دەيسىز!

— كەچۈرۈڭ! ئۇقماي دەپ قويۇپتىمەن، بارلىق قىزلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ھالەتتىمۇ بۇنداق بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەكقۇ.

— سىز ئۇنى ئاشۇ قىزلارنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەمسىز؟ ئۇ سىزنىڭ نەۋرە سىڭلىڭىزنى دەپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدى!

— مەنسىنى دەپ دەمسىز؟ ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟

— ھېلىقى كۈنى مەن شاڭچيەنگە ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغاچ، كىنو كۆرۈپ كېلىڭلار دېسەم، مەنسى ئۇنىماپتۇ. ئەتىسى ئۇنى مەكتەپكە ئالغىلى بېرىپ تاماقتا تەكلىپ قىلسا، يەنە ئۇنىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شاڭچيەن ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا نەچچە كۈن مەنسىنىڭ مەكتەپتىن قايتىشىغا ئۇلگۈرۈپ مەكتەپكە ئالغىلى بېرىپتىكەن، مەنسى باشقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ھەر كۈنى ئۆيگە تېلېفون قىلسا، خىزمەتكارلار ئۇنى ئۆيدە يوق دەپتۇ. ئۇ دائىم ئۆيگە قايتماي، سىرتلاردا قونۇپ قالامدۇ؟

— ياق! مەنسى ياۋاش قىز، دەرستىن چۈشۈپلا ئۆيگە قايتىپ كېلىدۇ، سىرتلاردا يۈرمەيدۇ.

— ئۇ ھېلىلا ئۆيۈڭلارغا تېلېفون قىلىپ، مەنسىنىڭ ئۆيگە قايتمىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاشۇنداق ئولتۇرۇۋاتامدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— تېلېفوننى غوجىدارىڭلار جىن هامما ئاپتۇ، ئۇ دائىم ئۇنى ئۆيدە يوق دەپ يالغان ئېيتىپ يۈرمەس؟

— جىن هاممامنىڭ بىرلا ئەيىبى ئاغزى ئىتتىك، كۆڭلى تۈز، بىراق ھەرگىز يالغان ئېيتمايدۇ. مەنسىلەر يېقىندىن بېرى مەكتەپتە پائالىيەت قىلىۋاتقان بولسا، باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىدە مەشىق قىلىۋاتامدىكىن؟

خۇا شاڭچيەن يەنىلا بېشىنى قاماللاپ ئولتۇراتتى، ئۇ بىردەم ـ بىردەم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قوياتتى.

— سۇڭ جېن! — خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى، — ئېيتىڭا، شاڭچيەن زادى ئالا قاناتمۇ، ئەمەس؟

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ياخشى بالا.

— سىز ئۇنى قوللايمەن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن، دېگەندىڭىز، گېپىڭىزدە تۇرامسىز ـ ھە؟ — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننىڭ قولىنى سىلىكىدى، — سىز مېنى ئالداپسىز!

— مېنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇم بار، بىراق قانداق ياردەم قىلىشىمنى بىلمىدىم.

— سىز شاڭچيەننى ياخشى بالا دەپ قارىسىڭىز، ئۇ نەۋرە سىڭلىڭىزغا ماس كەلسە ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويمامسىز؟

— مەن مەنسىنى شاڭچيەننى ياخشى كۆر، دەپ زورلىيالمايمەن ...

خۇا شاڭچيەن تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى:

— ھەدە! مېنىڭ كەيپىم ياخشى ئەمەس، تاماق يېمەيمەن.

— شاڭچيەن، ئۆزۈڭنى ئۇنداق قىينىما، — خۇا جىڭجىن ئىنىسىدىن ئەنسىرەپ قالدى، — سۇڭ جېن، مەنسى هامان بىر يىگىت بىلەن يۈرىدۇ، شاڭچيەنمۇ يامان ئەمەس، ئۇنى نېمىشقا ياراتمىغۇدەك؟ كېيىن مەنسى يامان بالىلارغا يولۇقۇپ قالسا، چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ؟

— بولىدۇ! يەكشەنبە كۈنى ئۇنى بىزنىڭكىگە باشلاپ بېرىڭ، ئۇنى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويايلى، شۇنداق قىلساق، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تۇرۇشىغىمۇ قۇلايلىق بولىدۇ.

— شاڭچيەن، ئاڭلىدىڭمۇ، سۇڭ ئاكاڭ ساڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ! — خۇا جىڭجىڭ يەنىلا ئەندىشىدە ئىدى، — ئەگەر مەنسى ئۇنىڭغا قارىمىسا، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرسا ياكى سىرتقا چىقىپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن ...

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سۇڭ جېن مەنسىنى چاقىردى.

— بۈگۈن سىرتقا چىقمايدىغانسىز؟

مەنسى بېشىنى چايقىدى.

— سىز بىلەن پاراڭلاشماقچىدىم، بولامدۇ؟

مەنسى بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھاۋا بەك ئىسسىق ئىكەن، بىز چايخانىغا چىقايلى، — دېدى سۇڭ جېن مەنسىنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى كۆرۈپ.

ئۇلار چايخانىدا مېۋە يېگەچ پاراڭلاشتى.

— ئادەم چوڭ بولغاندا ھامان يات جىنسلار بىلەن دوست بولىدۇ، خۇددى مەن، خۇا جىڭجىڭدەك. بىرەر يىگىت بىلەن دوست بولۇشنى خالامسىز؟

— ياق! مەن تېخى كىچىك، يىگىتلەر بىلەن بەك بالدۇر ئارىلىشىشنى خالىمايمەن.

— يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىشىڭىزغا تېخى بالدۇر، ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنمۇ كېچىكمەيسىز، بىراق يىگىتلەر بىلەن دوست بولۇپ قويۇشىڭىز كېرەك!

— دوست بولغانلىقنىڭ ئۆزى ئارىلاشقانلىق ئەمەسمۇ؟

— بۇ ئىككىسى تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئارىلاشتى دېگەنلىك مۇھەببەتلەشكەن بىلەن باراۋەر، بىراق دوست بولۇش ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشمايدۇ. ئۇنىڭ قىز دوستىڭىز بىلەن پەرقى يوق، پەقەتلا جىنس پەرقى بار. ئەلۋەتتە، دائىم كۆرۈشۈپ تۇرغاندا ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، كېيىن مۇھەببەتلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، سىزنىڭچە شاڭچيەن قانداقراق؟

— ھېچقانداق ئەمەسقۇ؟

— سىز ئۇنى ئەسكى دەپ قارامسىز، سىز ئۇنىڭغا بەك ئۆچمۇ؟

— ئۆچ ئەمەس، بىراق ئۇ بىزنىڭ مەكتەپكە بارماسلىقى كېرەك، مەكتەپكە بارسا، ماڭا تەسىرى ياخشى بولمايدۇ.

— توغرا! مەن بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوياي، — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى، — شاڭچيەن باشقىلارغا يامان بالىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ يامان بالا ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالىدى. ئۇ ئىلگىرى راستىنلا نۇرغۇن قىزلار بىلەن ئارىلىشىپتىكەن، سىزنى دەپ ھەممىسى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپتۇ، ھەر كۈنى مەكتىپىڭىزگە سىزنى ئالغىلى بارىدىكەن، سىزگە تېلېفون قىلىدىكەن، ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىدىغان بوپتۇ، ئۇ بۇرۇنقى شاڭچيەن ئەمەس، بەك ياۋاشلاپ كېتىپتۇ!

— مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭا شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشەنمىدىم، بىز پەقەت ئىككى قېتىملا كۆرۈشكەن تۇرساق.

— ئۇ سىزنى ياخشى كۆرگەچكە ...

— بىراق ...

— بىراق سىز ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ باقمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

مەنسى بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىز ئۇنى ياخشى كۆرمىگەن بىلەن، ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈش ھوقۇقى بار. ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشى جىنايەت ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

مەنىسى ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن يەنە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ ئۆيىدە يالغۇز بەكمۇ زېرىككەندىكەن، مەن خىزمەت بىلەن ئالدىراش ھەم جىڭجىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ سىزگە ھەمراھ بولىدىغان ۋاقتىممۇ چىقمىدى، سىزنىڭ يالغۇزلۇقىڭىزغا قاراپ خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن، سىلەر ئىككىڭلار نېمىشقا دوست بولمايسىلەر؟

مەنسى سۇڭ جېنغا قارىدى، ئۇنىڭ سۇڭ جېندىن ئۇمىدى تېخىمۇ ئۈزۈلدى، ئۇ تېخىچە سۇڭ جېننى ياخشى كۆرەتتى:

— سىز راستىنلا ماڭا كۆڭۈل بۆلەمسىز؟ مەندىن ئەندىشە قىلامسىز؟

— ئەلۋەتتە كۆڭۈل بۆلىمەن. ئەگەر سىز خۇا شاڭچيەن بىلەن دوست بولۇشقا ماقۇل بولسىڭىز، تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتەتتىم.

— بولىدۇ، گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسام بولاي، بىراق ئادەتتىكى دوستلاردىن بولىمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، مەن سىزنى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىسىز دەپ زورلامتىم؟ — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ چېچىنى سىلىدى، ئۇنىڭ بۇ سەۋەبي سىڭلىسىغا ئامراقلىقى كېلىۋاتاتتى، — بىراق سىلەر داۋاملىق ئۇچرىشىپ يۈرۈپ مۇھەببەتلىشىپ قالساڭلار بۇمۇ ياخشى ئىش بولمامدۇ؟ سەل تۇرۇپ جىڭجىڭ ئۇنى بىللە ئەكېلىدۇ، سىز ئۇنىڭغا قىزغىنراق بولۇڭ، بولامدۇ؟

مەنسى ئەزەلدىن سۇڭ جېننىڭ تەلىپىنى رەت قىلمايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي خۇا جىڭجىڭ ئىنىسى بىلەن كەلدى، سۇڭ جېن شاڭچيەننى ئاتا ـ ئانىسىغا، جىن ھاممىغا تونۇشتۇرۇپ قويدى.

سۇڭ خانىم ئۇنى ماختاپ كەتتى:

— قاملاشقان يىگىتكەن، ھەدە ـ ئىنى ئىككىلىسى چىرايلىقلار ئىكەن.

سۇڭ ئەپەندى ئىپادە بىلدۈرمىدى، ئۇ خۇا جىڭجىڭغا قانداق

قارىغان بولسا، خۇا شاۋچيەنگىمۇ شۇنداق قاراشتا ئىدى.

جىن هاما شاۋچيەن بىلەن تېلېفوندا كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن، ئۇ بۇ بۇدۇشقاق يىگىتكە ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى.

تۇن پەردىسى تارتىلىشقا باشلىدى. ئۇلار سىتكا توپ مەيدانىغا بېرىپ سىتكا توپ ئوينىدى. كەچتە گۇللۇكنىڭ قېشىدىكى كۆل بويىدا كاۋاپ پىشۇردى.

سۇڭ خانىم ئىنتايىن خۇشال ئىدى، ئۇ سۇڭ ئەپەندىنىمۇ چاقىرىپ چىقتى. كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى سەلكىن شامالدا دىماغقا ئۇرۇلاتتى، ئۇنىڭغا قوشۇلغان يېنىك مۇزىكا رومانتىك تۈس بېغىشلايتتى.

خۇا شاۋچيەن مەنسى ئۇچۇن ئالايىتەن كاۋاپ پىشۇردى.

— ئوغۇل دوستى بولسا ياخشىمىكەن؟ — خۇا جىنجىڭ مەنسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— خۇا شاۋچيەن ئىككىمىز ئادەتتىكى دوستلار.

— نېمىشقا ئۇنى خۇا شاۋچيەن دەيسىز؟ شاۋچيەن دەۋېرىڭ. يەنە مېنىمۇ خۇا خېنىم دەۋەرمەڭ، مەن سىزدىن چوڭ، شاۋچيەندەك ھەدە دەڭ.

— ئەمىسە جىنجىڭ ھەدە دەي!

— نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك، ھەدە دېسىڭىز نېمىدېگەن ئاسان؟ — خۇاجىنجىڭ سۇڭ جىنىنىڭ ئۆردەك كاۋىپىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دېدى، — مەنسى مېنى خۇا خېنىم دەپ يات كۆرۈۋاتىدۇ.

— قاچانغىچە يات بولىدۇ؟ ئىسمىنى چاقىرىۋەرمەمدۇ؟ — سۇڭ جىن جىنجىڭنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ غىزا يېيىشكە باشلىدى.

— مەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولغاندىكىن، ھەدە دېيىشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— ھە! توغرا، ئىسمىنى چاقىرسا بولمايدۇ!

— بىراق ئۇ ھەدە دېيەلمەيۋاتىدۇ، يەنە بىر - ئىككى يىلدىن

كېيىنمۇ خۇا خېنىم دەيدىغان ئوخشايدۇ، — جىڭجىلىڭ تۈيۈقسىز بىر نېمىدىن ئەنسىرىگەندەك قولىدىكى تەخسىنى قويدى، — مەنسى مېنى ياخشى كۆرمەمدۇ يا، ئۇ مېنىڭ سىزنىڭ لايىقىڭىز بولۇشۇمنى خالىمامدۇ، قانداق؟

— مەنسى سىزنى نېمىدەپ ياقتۇرمىغۇدەك؟ — سۇڭ جېن مەنسىگە قارىۋىدى، مەنسى نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى، — مەنسى، سىز جىڭجىڭنى يامان كۆرمەيدىغانسىز؟

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سىزنىڭ لايىقىڭىز ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىدىغان تۇرساق، ئۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم كەلگەندىلا ئۇنى سىزنىڭ لايىقىڭىز دەپ بىلگەن.

— ئەمىسە نېمىشقا مېنى ھەدە دېمەيسىز؟ — دېدى جىڭجىلىڭ مۇلايىملىق بىلەن.

— بەلكىم مەنسى كۆنمىگەندۇر، — شاڭچيەن مەنسىگە يان باستى، — جىلىڭ ھەدە دەڭ! شۇنداق دېسىڭىز قۇلايلىقتۇ دەيمەن - ھە، مەنسى؟

مەنسى بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمەلىيەتتە نېمە دېسە بەربىر، — دېدى جىڭجىلىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ مېنى ياقتۇرماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق دېدىم.

— نەۋرە يەڭگە بولالماي قېلىشىڭدىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟ — دېدى شاڭچيەن.

— ھەي! مېنىڭ ئىنىم تۇرۇپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ — جىڭجىلىڭ شاڭچيەننى ئۇرماقچى بولدى.

— قاراڭ، ئۇلار نېمىدېگەن خۇشال! — سۇڭ خانىم بىلەن سۇڭ ئەپەندى يەنە بىر شىرەدە غىزا يەۋاتاتتى، — خۇا جىڭجىلىڭ ئىنىسىنى ئەكەپتۇ، ئۇلار تازا قاملاشقان ئىككى جۈپ بوپتۇ!

— خۇا شاڭچيەن دېگىننى ئانچە ياقتۇرمىدىم، تازا ئالاقاپ نېمىدەك قىلىدۇ، — سۇڭ ئەپەندى بېشىنى چايقىدى.

— سىز ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ ئالاقاپىلىقىنى نەدىن

بىلەتتىڭىز؟ — سوۋك خانىم ئېرىگە ئالايدى، — ئۇ ھەدىسىگە ئوخشاش مودا كىيىنىپ يۈرىدىكەن شۇ!

— ئوغۇللار يامان قىزلارغا يولۇقۇپ قالسا كارى چاغلىق. ناھايىتى كەتسە، پۇلى ۋە ھېسسىياتى نابۇت بولىدۇ؛ بىراق قىزلار يامان يىگىتلەرگە يولۇقۇپ قالسا، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى، — سوۋك ئەپەندى باشقىچە قاراشتا ئىدى، — مەنسى تېخى كىچىك، ئۇنىڭغا ئالدىراپ لايىق ئىزدىمىسەكمۇ بولىدۇ.

— سىز مەنسىنى يالغۇزسىراپ قالىدۇ، دەپ قارىمامسىز؟ ئوغۇل دوستى بولغانىنىڭ نېمە يامىنى، قاراڭ، ئۇ مەنسىگە شۇنداق كۆيۈنىدىكەن.

— ئۇنداق ئويلاپ كەتمەڭ، ئۇ نېمە ئىشلارنى پىلانلاپ قويدى، كىم بىلىدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ھەدىسى بار تۇرۇقلۇق ئۇنداق يامان ئىشلارنى قىلالماس؟ سوۋك جېن ئۇنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ دەيدۇ!

— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانىنىڭ ھەممىسى ياخشى بولامدۇ؟ تۇرقى ئىنسان، قىلىقى ھايۋان دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— بولدىلا، سىزگە گەپ قىلمىدىم. ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق دەۋېرىدىكەنسىز ...

— ھامما! — خوا جېڭجېڭ سوۋك خانىمنىڭ كاۋاپدان تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى، — نېمە يەيسىز، مەن ئېلىپ بېرەي.

— قورسىقىم تويدى، يەنە قانداق ياخشى نەرسىلەر بار، كۆرۈپ باقاي دەپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى سوۋك خانىم، — قارىسام پاراڭلىشىپ، كۈلۈپ قىزىپ كەتتىڭلار.

— ئادەم كۆپ بولسا قىزىپ كېتىدىغان گەپ!

— ئەمدى ئىنىڭىزنى پات - پات ئەكەپ تۇرۇڭ، مەنسىمۇ ئۆيدە يالغۇز زېرىكىپ قالىدۇ.

— سوۋك تاغام ئىككىڭلارنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىكەنمىز!

— نېمىگە ئاۋارە بولىسىز؟ ھەممىمىز مۇشۇنداق خۇشال ـ خۇراملىقنى ياخشى كۆرىمىز.

— ئاپا، راك كاۋپىدىن يەپ باقامسىز؟

— ھامما، بىز بىلەن بىرگە ئولتۇرۇڭا!

— بۇ راك ئاچچىق ئەمەستۇ؟ — سۇڭ خانىم ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— ئاچچىق ئەمەس، — دېدى خۇا شاۋچيەن، — تەمى شۇنداق ياخشى بوپتۇ!

— سىز قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسىز؟

— سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدا!

— نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى سۇڭ خانىم راك كاۋپىنى يەۋېتىپ، — بىزنىڭ مەنسىمۇ كەلگۈسىدە سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇيدۇ.

— مەن ئۇنى بۇرۇنلا شاگىرت سىڭلىم دېگەنىدىم.

— ھامما، مەن ئۇ يەرلەرگە كىرەلىشىم ناتايىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئالىي مەكتەپكە چىققاندا ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ!

— ئۇنداق تېز ئەمەس، — دېدى شاۋچيەن مەنسىگە قاراپ، — ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مەن بۇ يىل ئىككىنچى يىللىققا چىقىمەن، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرىمەن، سىز كېلەر يىللا ئالىي مەكتەپكە چىقىسىز.

— مەنسى ئالىي مەكتەپكە چىقسىلا، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بار بولدى، بەك ياخشى بولدى!

— سۇڭ تاغام ئۆزى يالغۇز قاپتۇ، ئۇنىمۇ چاقىرىپ كېلەمدۇق؟ — دېدى خۇا جىڭجىڭ ئارقىسىغا قاراپ.

— بولدى، ئولتۇرۇۋەرسۇن، — دېدى سۇڭ خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەيپىمىزنى بۇزىدۇ!

تاماقتىن كېيىن سۇڭ جېن مەنسىنى خۇا شاۋچيەننى گۈللۈكنى ئايلاندۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

www.uyghurkitap.com

ئىككىيلەن يانمۇيان ماڭدى، خۇا شاڭچيەن بىر دەم ــ بىر دەم مەنسگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراقلىقى كەلدى.

— مەن بىلەن دوست بولۇشقا ماقۇل بولغىنىڭىزدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم!

— دوست بولۇش دەپ قالدىڭىز، مېنىڭ بىرنەچچە تەلىپىمگە ماقۇل بولۇشىڭىزنى ئۇمىد قىلىمەن.

— قېنى ئېيتىڭ، چوقۇم ماقۇل بولىمەن، — خۇا شاڭچيەن كۆڭلىدە خۇشال بولدى، قىزلارنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتتا بىردەك بولۇش، سەممىي بولۇش، دائىم ئۆزىگە ھەمراھ بولۇش … نى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

— مەن دوستلۇقىمىزنىڭ ئۆگىنىشىمگە تەسىر يەتكۈزۈشىنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىمىز ئوقۇغۇچى، شۇڭا دۇشەنبىدىن جۈمەگىچە بىز ئەڭ ياخشىسى كۆرۈشمەيلى.

— نېمە! — خۇا شاڭچيەننىڭ ئۈستىگە سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك بولدى، — شەنبە ـ يەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىلا كۆرۈشەلەمدۇق؟

— شۇنداق! — مەنسى بېشىنى لىڭشىتتى، — مەن بالدۇر ئۇخلاپ كۆنۈپ قالغان، شۇڭا دەم ئېلىش كۈنلىرىدە سىرتقا چىقىپ قالساق، سائەت ئوندىن بۇرۇن ئۆيگە ئەكەپ قويىسىز.

— ئون دەمسىز؟ — خۇا شاڭچيەن تېخىمۇ سوۋۇغاندەك بولدى، — توققۇز يېرىمنىڭ كىنوسىغا كىرىپ قالساقچۇ؟

— ئەڭ ياخشىسى توققۇز يېرىمنىڭ كىنوسىغا كىرمەيلى.

خۇا شاڭچيەن يېنىك ئۇھ تارتتى، بۇ قىز بىلەن ئارىلىشىش نېمىدېگەن تەس. ئۇ يا بوۋاق بولمىسا، ئوندىن بۇرۇن ئۇخلىمىسا يىغلاپ تېلىقىپ قالىدىغان.

— يەنە بىر ئىش، بىشىدا ئېيتىپ قوياي، بىز پەقەت ئادەتتىكى دوستلار، شۇڭا بىر ـ بىرىمىزنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتمايمىز.

— ئۇچرىشىش جەريانىدا بىر - بىرىمىزگە مەيلىمىز چۈشۈپ قالسا، مەڭگۈ نورمال دوستلاردىن بولۇپ يۈرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس!

— شۇنداق! بىراق بۇ گەپلەرنى ئېيتىپ قويمىسام بولمايدۇ، — بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىنى جىن ھامما ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن، جىن ھامما خۇا شاۋچيەنگە ئانچە ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭ مەنسىگە يېنىكلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى، — كېيىنكى ئىشلارغا كېيىن بىرنېمە دەيلى، بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە بولمايتتى، خۇا شاۋچيەننىڭ مەيلىچە بولغاندا، ئۇ سۇڭ جېننىڭ ياردىمىدە بىر - ئىككى ئاي ئىچىدە مەنسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇنى مۇقىم لايىقى قىلىش، بىراق باشقا قىزلار بىلەن باردى - كەلدىنى ئۈزمەسلىك ئىدى. كىم بىلسۇن، مەنسى ئۇنىڭغا ئادەتتىكى دوست بولىمىز دەۋاتىدۇ.

— قوشۇلمامسىز؟ سۆزۈمگە خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — سورىدى مەنسى.

— ياق! مەن سىزگە ھەممىدە سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلايمەن دېدىمغۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، — خۇا شاۋچيەن ئالدىراپ ھىجىيىپ قويدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەگزادە مىجەزى تۇتسىلا، مەنسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈلۈپ قالاتتى.

بىراق خۇا شاۋچيەن بىر ئامال قىلىپ ئۇنى قايىل قىلىدۇ. سۇڭ جېن بىلەن خۇا جىڭجىڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلدى.

— بىز قاۋاقخانىغا ناخشا ئاڭلىغىلى ماڭدۇق، — دېدى خۇا جىڭجىڭ، — يۈرۈڭلار، بىللە بارايلى!

— ياخشىغۇ! — خۇا شاۋچيەن تەبىئىي ئىنكاس قايتۇردى.

— مەنسى، كېيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋالامسىز؟

— سائەت ئون بوپتۇ، — دېدى مەنسى سائىتىگە قاراپ، — يۈيۈنۈپ ياتقۇچە ئون بىر بولغۇدەك، سىلەر بىلەن بىللە

بارالمايدىغان بولدۇم. ئەتە ئەتىگەندە مەكتەپكە بارمەن.

— مەنسى بارمىسا مەنمۇ بارمايمەن، — دېدى خۇا شاڭچيەن ئىچىگە تارتىپ قويۇپ.

— مەنسى، بىللە بارايلىچۇ، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەڭ، — خۇا جىڭجىڭ مەنسىگە يالۋۇردى، — سىز بارمىسىڭىز ھەممىمىز ئېچىلالمايمىز، قاراڭ، شاڭچيەننىڭمۇ بارغۇسى كەلمەي قالدى.

— سۇڭ جېن ئاكا، — مەنسى سۇڭ جېنغا يالۋۇردى، — ناخشا ئاڭلاپ قايتىپ كەلگۈچە سائەت بىر ـ ئىككىلەر بولىدۇ، مەن بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمەن، ئۇبدان ئارام ئالمىسام دەرسلەرنى قانداق تەكرار قىلىمەن؟

— كېلەر قېتىم بارسۇن! ئۇ ئەزەلدىن بالدۇر ئۇخلايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەتە يەنە ئوقۇيدۇ ئەمەسمۇ، — سۇڭ جېن مەنسىگە يان باستى.

خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىگە قاراپ قويۇپ دېدى:

— مەنسى بارمىسا، ھەممىمىز بارمايلى. شاڭچيەن ئىككىمىزمۇ ئۆيگە بالدۇرراق قايتايلى.

— جىڭ ھەدە، سۇڭ جېن ئاكام ئىككىڭلار بېرىپ كېلىڭلار!

— ئەتە ئەتىگەندە يىغىن بار، ھەممىمىز بالدۇرراق ئارام ئالايلى، — سۇڭ جېن ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ ئالدىراش ئىدى.

خۇا جىڭجىڭ ئاچچىقتىن يىرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى، ئەپتىدىن سۇڭ جېنىنىڭ كاچىتىغا سالىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى.

بىراق ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى، ئۇ پەقەت سەۋر ـ تاقەت بىلەن سۇڭ جېننى قولدىن كەتكۈزمەي يۈرىدۇ، ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىشى كېرەك، ئۇ تېخى سۇڭ جېننى يۈزدەيۈز قولغا كەلتۈرۈپ بولغىنى يوق.

خۇا شاڭچيەن ئەزەلدىن ئويناپ كۆنۈپ قالغان، بولۇپمۇ قىزلار بىلەن كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ يۈرگەنىدى.

بىراق ئۇ مەنسى بىلەن تونۇشقاندىن بېرى، ئۇنىڭغا ياۋاشلىق

بىلەن كۆڭلىنى بەردى، ئۇ مەنسىنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولغان، ئۇنىڭ بىلەنلا ئارىلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيىن ئىش ئەمەس، بىراق ھەپتىدە ئىككى قېتىم كۆرۈشۈش، دۈشەنبىدىن شەنبىگىچە كۆرۈشمەسلىك، ئۆزى يالغۇز ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشكۇل ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تېخى يازلىق تەتىلدىن يىغىلمىغان تۇرسا.

خۇا شاڭچيەن ھەدىسىگە قېيدىغىلى تۇردى:

— بۇنىمۇ بىر قىز بىلەن يۈردى دېگىلى بولامدۇ؟ دۈشەنبىدىن شەنبىگىچە كۆرۈشمەيدىكەنمىز تېخى.

— ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇرساڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇ يا سېنى تېلېفون ئۇرماڭ دېمىسە.

— ھەر كۈنى تېلېفوندا ئۈچ - تۆت سائەت پاراڭلاشسا ئۇنىڭغىمۇ بولاتتى، بىراق ھەر قېتىم ئون مىنۇت بولا - بولمايلا تۇرۇپكىنى قويۇۋېتىدىغان تۇرسا!

— سەن ئۇنى ئۆزۈڭگە قارىتىۋال، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەش، شۇ چاغدا ئۇ سېنى بىر كۈن كۆرمىسە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولىدۇ.

— ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزھار قىلسام، ئۇنىڭدا قىلچە ئىنكاس بولمىدى.

— بۇ بەلكىم ئۇنىڭ كىچىكلىكىدىن، بىرەرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، شۇڭا سەن ئۇنى بىر مەزگىل سەۋرچانلىق بىلەن ساقلا.

— ساقلاشنىغۇ ساقلىيالايمەن، بىراق، دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزىمەن؟ ھەر كۈنى ئۆيدە ئولتۇرىۋەرسەم، ئىچىم سىقىلىپ ئاغرىپ قالمامدىم؟

— ئوقۇشۇڭلار باشلانسا، دەرسنىڭ ئالدىراشلىقىدا كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالىسەن.

— ئەمىسە ھازىر قانداق قىلىمەن؟ دەرس باشلاشقا يەنە يېرىم ئاي بار تۇرسا، — خۇا شاڭچيەن ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراپ

كەتتى، — ئىچىم سىقىلىپ ئۆلمەمدىم!

خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى:

— سەن نېمىشقا ما جيالىيى بىلەن چىقىپ ئويناپ كەلمەيسەن؟ گەرچە ئۇ مەنسىگە يەتمىسىمۇ، سەن ئۇنىڭغا ئامراققۇ!

— ئۇنىڭغۇ قاچانلا ئىزدەپ بارسام بولىۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇ ماڭا بەكمۇ ئىتائەت قىلىدۇ، — خۇا شاڭچيەننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، — مەن ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرسام بولامدۇ؟ بىراق سۇڭ ئاكام ماڭا ئالاكۆڭۈللۈك قىلسام مەنسى بىلەن ئارىلاشتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئەمەسمىدى؟

— سەن مەنسىنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسەن؟

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن! سىنىڭ ئېيتقىنىڭدەك ئۆمۈرۋايەت چىرايلىق، ياخشى بولالىسا، مەن ھەرگىز ئۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويمايمەن، ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرگىنىم كىرگەن، ئۇنى كەلتۈرمەي قويمايمەن، — خۇا شاڭچيەن ھەدىسىدىن سورىدى، — ما جيالىيى بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشۈپ يۈرسەم بولامدۇ؟

— چاندۇرماي كۆرۈشۈپ تۇرساڭ بولىۋېرىدىغاندۇ، سۇڭ جېن بىلەن مەنسى بىلىپ قالمىسىلا بولمىدىمۇ. چاندۇرماي يۈرسەڭ، ئۇلار نەدىن بىلەتتى؟ مەنسى سىنىڭ ھەر كۈنى نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىڭنى ھەرگىز سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ.

— سۇڭ ئاكام سىنى ئىزدەپ كەلگەندە ئۆيدە يوق بولۇپ قالسامچۇ؟

— ئۇنىڭغا سىنى مەكتەپكە يىغىنغا كەتتى دەيمەن ياكى توپ ئوينىغىلى كەتتى دەيمەن، ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا ھەرگىز تىنمايمەن!

— ھەدە، — خۇا شاڭچيەن ئېتىلىپ بېرىپ خۇا جىڭجىڭنىڭ قولىدىن تۇتتى، — سەن راستىنلا ماڭا ياردەم قىلالامسەن؟

— سەن تەرەپتە تۇرماي، مەنسى تەرەپتە تۇراتتىمىمۇ؟ — خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىنىڭ مەڭزىنى چىمدىپ قويدى، — سەن دېگەن مېنىڭ ئىنىم تۇرساڭ!

— ھەدە، — خۇا شاڭچيەن ھەدىسىگە يېقىن ئولتۇردى، — قارىسام، مەنسى سۇڭ ئاكىسىنىڭ گېپىنى ھەرگىز يىرمايدىكەن، سۇڭ ئاكامغا ئېيتىپ قويساڭ، مەنسى ماڭا سەل قىزغىنراق بولسا بولاتتى.

— بۇنى چوقۇم ئېيتىمەن، بىراق ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە، سۇڭ جېنغا چوقۇم ئېيتىمەن، ئۇ مەنسىنى ساڭا ياتلىق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ!

— ۋاھ! بەك ياخشى بولدى، — خۇا شاڭچيەن چاۋاك ئۇردى.

— سەن ما جيالىيېغا تېلېفون قىلىپ، كۆرۈشىدىغانلىقىڭنى ئېيت.

— بۈگۈن ئاپام ـ دادىلار مېھماندارچىلىققا كەتتى، مەنمۇ چىقىپ كەتسەم يالغۇز قالامسەن؟

— سۇڭ جېن بۈگۈن بىر ئامال قىلىپ ۋاقىت چىقىرىپ مەن بىلەن بىرگە تاماق يەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ماڭ، سەن بېرىپ كۆڭلۈڭنى خوش ئېتىپ كەل.

خۇا شاڭچيەن ما جيالىيېغا تېلېفون قىلىپ، ئون مىنۇتتىن كېيىن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاندىن خۇشال ھالدا ئۇستۈنكى قەۋەتكە كىيىم ئالماشتۇرغىلى چىقىپ كەتتى.

سۇڭ جېندىن تېلېفون كەلدى:

— جىڭجىڭ، كەچۈرۈڭ، بۈگۈن ئاخشام سىز بىلەن تاماقتا بىرگە بولالمايدىغان بولدۇم.

— نېمىشقا؟ — خۇا جىڭجىڭنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— فىرانسىيەدىن ئىككى زاۋۇت باشلىقى كەپتىكەن، دادام مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ قويماقچىكەن، ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يەيدىكەنمىز.

— بىراق سىز مەن بىلەن بىرگە تاماق يېيىشكە بالدۇر ماقۇل بولغانىغۇ؟ — دېدى خۇا جىڭجىڭ ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە دادام ـ ئاپاملار مېھماندارچىلىققا كەتتى، ئىنىم، ئۇ ... بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈن يىغىلىشىغا كەتتى، ئۆيدە

ئۆزۈم يالغۇز قالدىم.
— مەن ئۇ يەرگە بارمىسام بولمايدۇ، ئۇ يەرگە بارمىسام، مۇھىم ئىككى خەۋەرنى كەتكۈزۈپ قويىمەن، ئۇلارنى كەتكۈزۈپ قويسام، نۇرغۇن سودىدىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ.
— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟
— ئۆزىڭىز تاماق يەپ بالدۇرراق ئۇخلىمامسىز!
— سىز ... — خۇا جىڭجىڭنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. سىرتقا چىقىشقا تەييارلىنىپ بولغان خۇا شاڭچيەن ھەدىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— سىز ئەزەلدىن مېنى چۈشىنىسىز، خىزمىتىمنى تېخىمۇ چۈشىنىسىز، دائىم ماڭا كەسىپ ھەممىدىن مۇھىم دەپ رىغبەتلەندۈرىسىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق، مېنى ئۇ يەرگە بارماڭ دېمەيسىز، شۇنداققۇ؟ — تېلېفوندا سۇڭ جېنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
— ھەئە ... شۇ ...! — دېدى خۇا جىڭجىڭ ساپا ياستۇقىنى سىقىملاپ، چىشىنى چىشلەپ.
— دادام مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، مەن دەرھال ئۇ يەرگە باراي، قالغان گەپنى ئەتە تېلېفوندا دېيىشەيلى.
— خوش ئەمىسە! — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېنىنىڭ تۇرۇپكىنى قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاندىن تۇرۇپكىنى قويدى، ئاچچىقىنى قولىدىكى ساپا ياستۇقى، ئىستاكانلاردىن ئالغاندەك يەرگە تاشلىدى.
— ھەدە، سۇڭ ئاكام نېمە دەيدۇ؟ — سورىدى خۇا شاڭچيەن.
— ئەسلىدە ئىككىمىز بىرگە تاماق يېمەكچى بولغانىدۇق، ئەمدى بولغاندا ئىككى سودىگەر بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم دەيدۇ.
— تازا ئاچچىقىڭ كەپتۇ ـ دە! — دېدى خۇا شاڭچيەن.
— كەلمەمتى، كۆرمىدىڭمۇ، ئاچچىقىمنى مۇشۇ نەرسىلەردىن ئېلىۋاتىمەن، — خۇا جىڭجىڭ مېۋە قاچىسىنىمۇ يەرگە تاشلىدى.
— ئاچچىقىڭنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدىم، بىراق سەن بەكمۇ

ئۇنىڭ رايىغا باقىدىكەنسەن، ھە، ھە، خوش دەپ كەتتىڭ، ئۇنىڭغا ئاچچىقىڭ كەلگەن بولسا، نېمىشقا تىللىمايسەن؟ سېنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئېتىپ ئاچچىقىڭنى چىقارغانلىقىڭنى ئۇ يا كۆرمىسە!

— بۇلارنى تاشلىمىسام، ئاچچىقتىن ئۆلمەمدىم؟

— ئۇنى راسا تىللىغان بولساڭ، ئىككىڭچىلەپ سېنى ئالدىمايدىغان بولاتتى، ھەدە، بولدى، ئۇلارنى ئېتىۋەرمە، ئۇ خرۇستال ئىستاكانلارنى سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تۇرساڭ!

— ئۇنى تىللامدىمەن؟ تىللاپلا قويىدىغان بولسام، ئۇ مېنى چۈشەنمەيسىز، ئىشلىرىمنى چۈشەنمەيسىز، دەيدۇ، ئۇ مېنىڭ ئانچە زىغىرلاپ كەتمەيدىغان، غەرەز ئۇقىدىغان ئىككى ئالاھىدىلىكىم بولغاچقىلا مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۇ سېنىڭ چىرايىڭغا كۆيگەن بولغىيتتى؟

— ياق! مەن ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە، يالغۇزسىراپ تولىمۇ زېرىككەنىدىم، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنى ئۇ كەلمىدى، ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە، چاي ئىچىپ قايتتۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم كۆرۈشمەكچى بولغاندا، ئۇ دائىم كېچىكىپ كېلىدۇ، بەزىدە كەلمەي قالىدۇ، ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىپ، تىللىماقچى بولدۇم، بىراق ئۇ بۇلارنى قاپتىلىغا ئېلىپمۇ قويمايدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەپتىدىن سودىنىڭ ئېپىغا كىرىۋالغۇچە قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغاندەك قىلمايدۇ، بۇلارغا پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىمنى داۋاملاشتۇرالمىغۇدەكمەن.

— بولدى قىل، ئۆزۈڭنى قىينىما، ئۇ دېگەن چوڭ ئەركەك، خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى كىشى، باشقا يىگىتلەر بىلەنمۇ ئارىلىشىپ كۆرۈپ باقمامسەن؟

— مېنى باشقىلار بىلەن ئارىلاشقۇسى يوق دەمسەن؟ بۇرۇن ئارىلاشقانلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى تاشلىۋەتتى!

— سەندەك قىزلارنىڭ يىگىت تېپىشى قىيىن ئەمەسقۇ.

— يىگىت بولسىلا كۆپايە قىلمايدۇ، ياخشىراقىنى تېپىش كېرەك. يىگىتلەرنى چىكىپ تاللاپ، ياخشىسىنى ئايغۇچە سۆڭ جىنىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىق كېرەك.

— بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۈچۈن يىگىت ئىزدەيمەن. ئۇقۇش باشلانغاندىن كېيىن قايسى ساۋاقدىشىمنىڭ ئاكىسى ئەڭ ياخشى، بىر - بىرلەپ سۈرۈشتۈرىمەن! — نېمىلا دېگەنبىلەن خۇا شاڭچيەن ھەدىسىگە ھېسداشلىق قىلاتتى.

— رەھمەت ساڭا، بىراق سەن يەنىلا سۆڭ جىن بىلەن ئارىلىشىشىمنى خالايسەن.

— يوق گەپنى قىلمىغىنا، ئۇ سېنى بوزەك قىلىدۇ!

— ئۇ دېگەن مەنسىنىڭ نەۋرە ئاكىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدۇ.

— ھەي! تازىمۇ بىر! — خۇا شاڭچيەن مۇشتۇمىنى ئۈچۈردى، — مەن مەنسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن سۆڭ جىنىنى يولغا سېلىپ قويساڭ بولىدۇ.

— جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگىنە، ھۇ شەخسىيەتچى! — خۇا جېجېنىڭ ئىنىسىنىڭ يوتىسىغا ئۇردى، — تېز بول، ما جىيالىيېرنىڭ قېشىغا بار! كېچىكىپ قالدىڭ.

— كېچىكىپ قالسام نېمە بولاتتى، ئاچچىقلىنىدىغان بولسا، ئۇنىمۇ يولغا سېلىپ قويىمەن!

— ماڭە، زېرىكىپ ئولتۇرغۇچە ئويناپ كەل.

— سەنچۇ؟ بۈگۈن كەچلىك تاماقنى ئۆزۈڭ يالغۇز يەمسەن؟

— بۇ بىرىنچى قېتىم بولمىسا، سەن مەنسى بىلەن تونۇشماستا، ھەر كۈنى ئۆيگە قايتمايتتىڭغۇ. مەن ھەر كۈنى جىمجىت ئولتۇرۇپ، سۆڭ جىنىنى قانداق قىلسام قولدىن كەتكۈزۈپ قويىمەن دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇرىمەن، كەچ بولغاندا ئۇ چوقۇم ماڭا تېلېفون قىلىدۇ…

## 4

مەنسى بىلەن جۇ ۋېنفېڭ كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سىنىپتىن چىقتى.

گەن يۈلىڭ دائىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا چىقىپ كېتەتتى.

ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تەييارلىق سىنىپقا چىققۇچە بىر ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى: ھەر كۈنى ئەڭ ئاخىرقى سائەتلىك دەرستىن ئاۋۋال ئالدىنقى سائەتلەردە ئۆتۈلۈپ بولغان دەرسلەرگە مۇناسىۋەتلىك كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولاتتى، دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەن كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى سومكىسىغا سېلىپ، سىنىپتىن چىقىپ كېتەتتى.

— يېقىندىن بېرى ئاكامنىڭ كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ.

— دەرس باشلىنىپ بولسىمۇ كەيپى يەنە ياخشى ئەمەسمۇ؟ — سورىدى مەنسى.

— دەرس باشلىنىپ بولسا نېمىشقا كەيپى ياخشى بولغۇدەك؟ ئۇ يا ئالىي مەكتەپكە يېڭى كىرگەن بولمىسا، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ. ئۇلار پاراڭلاشقاچ مەكتەپ ھويلىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن ھەر كۈنى ئۆيدە زېرىكىپ ئولتۇرىدىغان ئىش بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەرس تەكرارلاش بىلەن ئالدىراش بولىدىغان گەپ، يەنە ساۋاقداشلار بىلەن بىرگە بولىدىغان تۇرسا.

— ئوغۇللار چوڭ بولغاندا، ئۇلار ئۇچۇن ئوقۇش ئانچە مۇھىم بولمايدىكەن.

— ئەمىسە نېمە مۇھىم ئىكەن؟

— قىزلار بىلەن ئارىلىشىش، مۇھەببەتلىشىش ئۇلار ئۈچۈن

مۇھىم بولۇپ قالىدىكەن.

— تۇۋا! — مەنسى بېشىنى چايقاپ كۈلدى، — ئۇلار نېمىدېگەن تېتىقسىز!

گەن يۇلىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، جۇ ۋېنفېڭغا دېدى:

— سەن ئاكاڭغا كەمپۈت قەرز بولۇپ قالغانمىدىڭ؟ ئۇ دەرۋازا ئالدىدا سېنى ساقلاۋاتىدۇ!

— مېنى ساقلاۋېتىپتىمۇ؟ ئۆيدە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — جۇ ۋېنفېڭ ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

جۇ ۋېنلۇڭ سىڭلىسىنى كۆرۈپ ئالدىراش سورىدى:

— جۇۋاڭ مەنسى قېنى؟

— ئۇ ئارقامدىن چىقىۋاتىدۇ. ئاكا، بۇ يەرگە كېلىپ قاپسەنغۇ؟

— مەنسىدىن سورايدىغان گېپىم بار ئىدى!

— ئۇ يىگىتلەرنىڭ ئۇنى مەكتەپكە ئىزدەپ كېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ.

— مەن سېنى ئىزدەپ كەلگەن بولاي، ئاكىسى سىڭلىسىنى ئىزدەپ كەلگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ، سەل تۇرۇپ مەن سىلەرنى چايخانىغا ئاپىرىمەن.

— سەن بەك ئابرۇيپەرەس جۇمۇ!

— ئىشقىلىپ مەكتەپنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ بىلەن گەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىسام بولمىغۇدەك، سەل تۇرۇپ ماڭا ياردەم قىل جۇمۇ!

— ماروژنى ئېلىپ بېرىدىغانسەن؟

— نېمە يېگۈڭ بولسا شۇنى ئېلىپ بېرىمەن.

— راستمۇ؟ — جۇ ۋېنفېڭ سەكرەپ كەتتى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مەنسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، — مەنسى، ئاكامنىڭ ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپى بار ئىكەن!

— نېمە گەپ ئىكەن، بىلدىڭمۇ؟

— بىلمىدىم، ئۇ بىزنى چايخانىغا ئاپىرىدىكەن، شۇ يەرگە بارغاندا بىلىسەن.

— ئەمىسە مەن كېتىۋېرەي! — دېدى گەن يۇلىڭ.

— بىز بىلەن بىرگە بارمامسەن؟

— بولدى، مەن كېتىۋېرەي. يىگىتلەر قىزلارنى ئىزدەپ كەلسە نېمە ياخشى ئىش بولاتتى؟ ئاۋارىچىلىكتىن باشقا ئىش يوق. ئەڭ ياخشىسى بالدۇرراق ئۆيگە بېرىپ يۇيۇنۇۋېلىپ تورت يەي!

جۇ ۋېنفېڭ ماروژنىنى يەپ بولۇپ، پلاستىنكا سېتىۋېلىشنى باھانە قىلىپ چىقىپ كەتتى.

— ۋېنفېڭنىڭ ئېيتىشىچە، سىز يېقىندا بىر يىگىت بىلەن ئارىلىشىۋېتىپسىز ـ ھە؟ — جۇ ۋېنلۇڭ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ قىزىرىپ كەتتى، — بۇ راستمۇ؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

— بىراق سىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىمەن دېمىگەنمىدىڭىز؟ — جۇ ۋېنلۇڭنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، — سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، سىزنىڭ لايىقىڭىز بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى ۋېنفېڭ سىزگە چوقۇم ئېيتتى. مەن سىزنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ھېچقانداق يىگىت بىلەن ئارىلاشمايدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، سىزنى شۇ چاغقىچە ساقلىماقچى بولغانىدىم. بىراق سىز سۆزىڭىزگە ئەمەل قىلماپسىز.

— ۋېنفېڭ مېنىڭ خۇا شاڭچيەن بىلەن ئارىلىشىشىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بولمىغانلىقىنى سىزگە ئېيتقان بولغىيتتى، بۇ ئىش پۈتۈنلەي نەۋرە ئاكامنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن بولغان، مەن ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۇرۇپ قويۇشنى خالىمىدىم، — دېدى مەنسى، — بىراق خۇا شاڭچيەن بىلەن ھەرگىز يۈرمەيمەن، ئۇ ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت ئادەتتىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتى، مەن ئۇنى پەقەت ئادەتتىكى دوستۇم دەپ قارايمەن!

— مەنسى، مەنمۇ سىزنىڭ ئادەتتىكى دوستىڭىز بولۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خالايمەن، سىز مېنى نېمىگىز دەپ قارىسىڭىز مەيلى، ماڭا خۇا شاڭچيەن بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلسىڭىزلا كۇپايە.

— بۇ ... — ئەمەلىيەتتە بىر خۇا شاڭچيەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن باش ئاغرىقى ئىدى، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشكۈلات ھېسابلىناتتى.

جۇ ۋېنفېڭ كېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىدا ئولتۇردى:

— سەن ئىشلارنى ئادىل بىر ياقلىق قىلساڭ بولارمىكىن، ئەگەر پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن تىرىشىپ ئوقۇش، يىگىتلەر بىلەن ئارىلاشماسلىق نىيىتىڭ بولسا، ئاكام سېنى چوقۇم ساقلايدۇ، بىراق سەن ھازىر خۇا شاڭچيەن بىلەن ئارىلىشىۋېتىپسەن، ئۇنداق ئىكەن، ئاكام بىلەنمۇ ئارىلىشىپ باقساڭ نېمىدەپ بولمىغۇدەك؟

— بىراق مەن دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە ...

— بىلىمەن، سىز دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيسىز، تېلېفوندىمۇ سۆزلەشمەيسىز، ئۇنىڭ مەكتەپكە سىزنى ئالغىلى كېلىشىگە تېخىمۇ قوشۇلمايسىز، — دېدى جۇ ۋېنلۇڭ دەرھال، — بۇلارنى بىلىمەن، مەنمۇ چوقۇم بۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلىمەن!

— بۈگۈن مەكتەپكە كېلىدىغانلىقىڭنى تۈنۈگۈن نېمىشقا ماڭا ئېيتىپ قويمايسەن؟ — جۇ ۋېنفېڭ ئاكىسىدىن سورىدى.

— كەچۈر، ئېيتىشتىن قورقتۇم، مەنسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتىۋېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم، — جۇ ۋېنلۇڭ قولىنى كۆتۈردى، — قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز مەكتىپىڭلارغا بارمايمەن.

— مەنسى، قارا، ئاكام قەسەم ئىچىۋاتىدۇ، ئۇ ئەزەلدىن قەسەم ئىچمەيتتى، — جۇ ۋېنفېڭ مەنسىگە جۇ ۋېنلۇڭنى شەرەتلىدى، بۇ ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى!

— بىراق ھەر ھەپتىدە دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە، پەقەت بىرلا

شەنبە ۋە يەكشەنبە بار تۇرسا، — بىرىنى ئاز دېگەندەك جۇ ۋېنلۇڭنىڭ قوشۇلغىنىنى قارىمامدىغان.

— ئاشۇ شەنبە، يەكشەنبىلەرنى مەنىلىك پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك، ئېسىمدە قېلىشىچە، سەن خۇا شاڭچيەننى پەقەت ئادەتتىكى دوستۇم، يۇرگىنىم ئەمەس دەۋاتاتتىڭ.

— جۇ ۋېنلۇڭغىمۇ شۇنداق دەيمەن.

— ئۇ سېنىڭ يۇرگىنىڭ بولمىغاندىكىن، ھەر شەنبە، يەكشەنبىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈشۈڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئاكام بىلەنمۇ كۆرۈشسەڭ، قانداق پائالىيەتلەرنى ياخشى كۆرسەڭ، شەنبە، يەكشەنبىلەرنى كىم بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈشنى خالىساڭ، شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزسەڭ بولمىدىمۇ. بىر ئادەم كەينىڭگە كىرگىنى بىلەن يۈز ئادەم كەينىڭگە كىرگەننىڭ سەن ئۈچۈن ھېچقانداق پەرقى يوق، كەينىڭگە كىرىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى، ئۇلار سېنى تالىشىپ، جېدەل چىقىرىدۇ!

— بىراق ...

— ئۆزۈڭمۇ ھەر ھەپتىنى خۇا شاڭچيەن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈشنى خالىمايسەن، شۇنداققۇ؟

— مەن پەقەت سۇڭ جېن ئاكامنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقا ماقۇل بولغان، بىراق ...

— ئەمىسە سەن مېنى دەپ بولسىمۇ ئاكام بىلەن باردى ـ كەلدى قىل، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ، — مەن سېنىڭ ئون نەچچە يىللىق يېقىن ساۋاقدىشىڭ ھەم يېقىن دوستۇڭ ئەمەسمۇ؟

جۇاڭ مەنسى گەپ قىلمىدى، ئۇ جۇ ۋېنفېڭ بىلەن يېقىن دوست، جۇ ۋېنلۇڭنىمۇ كىچىكىدىن تارتىپ تونۇيتتى.

— ئەڭ مۇھىمى ئاكامنى يارىتامسەن ـ ياراتمامسەن؟

— مەن ئەزەلدىن بىرەرىنى ياراتمايدىغان ئادەم ئەمەس.

— ئەمىسە ئاكام بىلەنمۇ دوست بولۇپ قال، — جۇ ۋېنفېڭ ئاكىسىغا قاراپ قويدى، ئۇ ئاكىسىنىڭ تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقى، جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى، — ئەگەر سەن ھەر شەنبە ـ

يەكشەنبىنى خۇا شاڭچيەن بىلەنلا ئۆتكۈزسەك، ئۇ ئۇنىڭغا مەندىن باشقا ئادەم چىقمايدۇ، ئۇ چوقۇم ماڭا تېگىدۇ دەپ قالىدۇ.

جۇاڭ مەنسى ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، جۇ ۋېنفېڭنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتىپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

جۇ ۋېنلۇڭنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، جۇ ۋېنفېڭ چاۋاك ئۇرۇپ قويۇپ دېدى:

— شەنبە كۈنى بىز ئىستراھەتخانىغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى، گەن يۈلىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسىنىمۇ چاقىرىۋالايلى.

— ۋېنفېڭ ...

— خاتىرجەم بول، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ، — مەن سىلەرنى ئايرىم بىللە بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرىمەن، ئادەم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە كۆڭۈللۈك بولىدۇ، شۇنداقمۇ مەنسى؟

— مەن بۇنىڭغا قوشۇلىمەن!

جۇ ۋېنلۇڭ ئەلۋەتتە قوشۇلىدۇ - دە، ئۇ مەنسىگە ئۆز رايى بويىچە ئالدىراپ بىرنېمە دېمەسلىكى كېرەكلىكىنى بىلەتتى، بۇ جەھەتتە سىڭلىسى ۋېنفېڭنىڭ ياردىمى مۇھىم ئىدى.

مەنسى ئىستىراھەتخانىدا ھەمراھلىرى بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز ئوينىدى، ئۇلار كاۋاپ پىشۇرۇپ، دېڭىز بويىدا ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، ئىنتايىن خۇشال ئوينىدى.

مەنسى يەكشەنبە كۈنى كەچ سائەت بەشتە ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىشىگە جىن ھاما ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— سىز جۇ خانىقىز بىلەن بىرگە ئىستراھەتخانىغا باردىغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا ئېيتقانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ دېگىنىڭىز كىم؟ خۇا شاڭچيەنمۇ؟

— ئۇنىڭدىن باشقا كىممۇ سىزنىڭ قەيەرگە بارغانلىقىڭىزنى سۈرۈشتۈرۈپ كېتەتتى، ئەجەبا بېگىم سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئويناپ كەلگەنلىكىڭىزگە خاپا بولارمۇ؟

— ئۇ ھەر شەنبە كۈنى سائەت 10 دىن ئاشقاندا ماڭا تېلېفون بېرەتتى، بىراق تۈنۈگۈن مەن سائەت يەتتىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، قەيەرگە باردىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلالمىغان تۇرسام. ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ تۈنۈگۈن سائەت ئىككىدە كەلگەنىدى، بەگزادە ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىستىراھەتخانىغا كەتكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىدى، كەچ بولغاندا ئۇ يەنە كەلدى، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يەنە كېلىپ سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ.

— ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندەكمۇ؟

— ئۇ نېمىشقا ئاچچىقلىنىدۇ؟ ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز ئىدى؟ ئۇنى ئۇنداق كۆندۈرۈپ قويماڭ!

— ئۇنى ساقلىتىپ قويۇپ چاتاق قىپتىمەن.

— سىز ئۇنى كەل دېمىگەن تۇرسىڭىز! يەنە، — دېدى جىن ھامما، — خۇا جىڭجىڭمۇ كەلدى، ئۇ ھازىر بەگزادە بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ.

— ئۇلار نېمىشقا سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كەلمەپتۇ؟

— بەلكىم سىزنى سوراق قىلماقچىدۇ!

— ئاپلا! — مەنسى سەل ئەندىشە قىلدى، — جىن ھامما، ئۇلارنىڭ قېشىغا مەن بىلەن بىرگە كىرىڭا!

— قورقماڭ، مەن بىرگە كىرەي!

ئۇلار مېھمانخانىغا كىردى، خۇا جىڭجىڭ، ئىنىسى ۋە سۈڭ جېنلار پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— مەنسى قايتىپ كەپتۇ، — خۇا جىڭجىڭ مەنسىنى ئىشارەتلىدى.

خۇا شاڭچيەن ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئۇچىسىغا قىزىل - ئاق چاقماق كاستۇم، پادىچىلار شىمى كىيگەن، بەئەينى ناخشا چولپىنىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— مەنسى، — سۈڭ جېن مەنسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — ئىستىراھەتخانىغا باردىغانلىقىڭىزنى نېمىشقا خۇا شاڭچيەنگە ئېيتىپ

قويمىدىڭىز؟ ئۇ سىزدىن بەكمۇ ئەنسىرىدى، تۈنۈگۈن، بۈگۈن ئىككى قېتىم كەلدى.

— كەچۈرۈڭ! مەن ئۆيدىن بالدۇر چىقىپ كەتكەن، ئۇ تېلېفون قىلغاندا مەن كېتىپ بولغانىدىم.

— ئالدىنقى كۈنى ئېيتىپ قويسىڭىز بولاتتىغۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ باقمىغان، مەن ئوغۇللارغا تېلېفون قىلىپ ئادەتلەنمەپتىكەنمەن.

— بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، سىزنى چۈشەنمەيدىغانلار سىزنى ھاكاۋۇر قىز دەپ قالامدۇ. مېنى قاراڭ، كۆپ ۋاقىتلاردا مەن سۇڭ جېننى ئىزدەپ تېلېفون قىلىمەن، بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ياخشى، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننى قولتۇقلاپ، بېلىكىگە بېشىنى قويدى.

— بىراق شاڭچيەن ئىككىمىز شۇنداق كېلىشكەن.

— شاڭچيەن! — خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىگە قارىدى.

خۇا شاڭچيەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىلەر ئىستىراھەتخانىغا بېرىپ ئويناپ كېلىشنى ئالدىن كېلىشىپ قويغانمۇ ياكى تۇيۇقسىز بېرىپ قالدىڭلارمۇ؟ — سورىدى سۇڭ جېن.

— قانداقسىگە تۇيۇقسىز بېرىپ قالىدۇ؟ — دېدى خۇا جىڭجىڭ، — ئۇ بېرىپلا ئوينايدىغان يەر بولمىسا! ئۇ يەرگە ئالدىن ئۆچىرەت ئېلىپ قويمىسا بولمايدۇ!

ئىستىراھەتخانىنى جۇ ۋېنفېڭ بالدۇر ئىجارە ئېلىپ قويۇپتىكەن، ماڭىدىغان چاغدا ماڭا خەۋەر قىلدى.

— سىز راستىنلا شاڭچيەنگە ئېيتىپ قويۇشقا ئۇلگۇرمەپسىز، — سۇڭ جېن مەنسى تەرەپتە تۇردى.

خۇا جىڭجىڭ بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— بەگزادە، — جېن ھاما مەنسىنىڭ يېنىدا ئىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە تاقەت قىلىپ تۇردى، — مەنسى خېنىم بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدىمۇ؟

— نېمە بولدى، جىن هاما؟

— سىلەر نېمىشقا ئۇ ئىشكتىن كىرە ـ كىرمەي ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، سوراقعا تارتىپ كەتتىڭلار؟

— بۇ ··· — سۇڭ جېن ھەممەيلەننىڭ ئۆرە تۇرغانلىقى، كەيپىياتنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

— مەنسىلا ئەمەس، — دېدى خۇا جىڭجىڭ، — ھەممىمىز ئۆرە تۇرۇپ قاپتۇققۇ!

— ۋاي، راست! — دېدى سۇڭ جېن ئالدىراپ، — ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى. جىن ھاما، خىزمەتكارلارغا ئېيتىپ قويسىڭىز، بىزگە سوغۇق ئىچىملىك ئەكىرىپ بەرسۇن، مەنسى كۆل بېھىسى سۈتىگە ئامراق، ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان كۆل بېھىسى سۈتى قىلىپ بەرسۇن.

— سىز ئۇنى ئەركە ئۆگىتىپ قويۇپسىز، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېنغا يېقىن كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئۇ تېخى كىچىك ئەمەسمۇ! كىچىك بالىنى مۇشۇنداق ئالداپ گەپ كىرگۈزۈش كېرەك!

— مەنسى، مەن سىزنى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن، شۇڭا گەپنى ئەگىتمەي دەۋېرەي، ھەدە ـ سىڭىللار بىر ـ بىرىدىن گەپ يوشۇرمايدۇ، — خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىگە مەنسىنىڭ ئىستراھەتخانىغا بارغانلىقىنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى، — سىز شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى شاڭچيەن بىلەن بىرگە بولۇشقا ماقۇل بولغان، شۇنداق ئىكەن، دوستلىرىڭىز بىلەن بىرگە ئۇياق ـ بۇياقلارغا بارماسلىقىڭىز كېرەك.

— مەن شاڭچيەن بىلەن نورمال دوست بولۇشقا ماقۇل بولغان، شۇڭا مەن ئۇنى دەپ ئۇن نەچچە يىللىق ساۋاقداشلىرىمنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسام بولمايدۇ ـ دە!

— ئەگەر ساۋاقداشلىرىڭىز ھەر ھەپتىدە پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرسا، — خۇا شاڭچيەن تاقەتسىزلىنىپ ئېغىز ئاچتى، — بىز يەنە كۆرۈشەلمىگۈدەكمىز ـ دە؟ بۇنداق بولسا

www.uyghurkitap.com

قانداق دوست بولغىلى بولىدۇ؟

— ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسىڭىز بولمامدۇ؟ سىلەرنىڭ پائالىيىتىڭلار بولغاندا شاڭچيەننىمۇ تەكلىپ قىلمامسىز. ھەممىڭلار دوست ئەمەسمۇ!

— جىڭجىڭ توغرا ئېيتىدۇ، ھەممىڭلار دوست بولغاندىكىن شاڭچيەننى ئايرىپ قويماڭلار، مەنسى، شاڭچيەن سىزنى دەپ بارلىق قىز دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، — سۇڭ جېن مەنسىگە نەسىھەت قىلدى، — بولامدۇ، مەنسى؟

مەنسى يېنىك ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۇ سۇڭ جېننىڭ سۆزىنى يىرالماي، بېشىنى لىڭشىتتى.

— مانا ئىش ھەل بولۇپ كەتتى! — سۇڭ جېن چاۋاك چېلىپ قويدى، خىزمەتكار سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ كىردى.

— مەنسى، شاڭچيەن سىزنى ئىككى كۈن ساقلىدى، بۈگۈن ئاخشام سىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تاماق يەپ، كىنو كۆرۈپ كېلىڭ.

— مەن بەك چارچاپ كەتتىم، يۇيۇنۇۋېلىپ ئۇخلاي دېگەنىدىم، باشقا كۈنى بارايلى، بولامدۇ؟

— ئۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ...

مەنسى سۇڭ جېنغا قارىدى، سۇڭ جېن ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ قالدى:

— ئۇ راستلا بەك ھېرىپ كېتىپتۇ، كىيىملىرى قۇم تۇرىدۇ، ئۇ يۇيۇنۇۋېلىپ راسا قېنىپ ئۇخلىۋالسۇن، شاڭچيەن بىز بىلەن بىرگە تاماققا بارسۇن، — دېدى سۇڭ جېن.

گەن يۇلىڭنىڭ نەۋرە يەڭگىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، نەۋرە يەڭگىسى ئويۇنچى ئىدى، ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ دىسكوخانىغا بارماقچى بولدى.

دىسكوخانىدا ناخشا ياڭراپ، چىراغلار چاقناپ تۇراتتى، گەن يۇلىڭ نەۋرە يەڭگىسىنىڭ ئىنىسى بىلەن ئىككى نۆۋەت دىسكو ئويناپ بولۇپ، ئارام ئالغاچ ھاراق ئىچىپ ئولتۇردى.

گەن يۈلىڭ توساتتىن ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تونۇش چىراي بىر يىگىتنىڭ پىرقىراپ دىسكو ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ئۇنى تونۇدى:

— هەي! ئۇ مەنسىنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرگەن خۇا شاڭچىيەن ئەمەسمۇ؟

ئۇنىڭ بىلەن دىسكو ئويناۋاتقان قىز مەنسىدىن سەل چوڭدەك قىلاتتى، تۇرقى گەن يۈلىڭدىن چىرايلىق بولغىنى بىلەن مەنسىگە يەتمەيتتى. كۆزى مەنسىنىڭكىدەك چوڭ هەم نۇرلۇق ئەمەس، بۇرنىمۇ مەنسىنىڭكىدەك قاڭشارلىق ئەمەس، تىرىسىمۇ مەنسىنىڭكىدەك يۇمران ئەمەس، ئاغزى سەل چوڭ، چىشلىرى رەتسىز ئىدى.

بىراق ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى خۇا شاڭچىيەننى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان، يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن خېلى خۇلقى بار ئىدى.

— هەي! يۈلىڭ، يۈرۈڭ دىسكو ئوينايمىز!

— بولدى قىلىڭا!

— بۇ يەرگە كەلگەندىكىن ئويىنماي ئولتۇرامدۇق؟

— ئۆتۈڭا، ئالدىمنى توسۇماي! — گەن يۈلىڭ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى.

— كىمگە قاراۋاتىسىز؟

— ساۋاقدىشىمنىڭ ئوغۇل دوستىغا.

— سىز ئەتكەسچىلەرنى تۇتماقچىمۇ؟ مەنمۇ بۇنداق ئىشلارنى ياخشى كۆرىمەن، قېنى قايسىسىنى دەيسىز؟ ياردىمىم كېرەكمۇ؟

— كېرەك ئەمەس، بولدى قىلىڭ، ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ!

گەن يۈلىڭ خۇا شاڭچىيەن بىلەن ئۇ قىزنىڭ بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ قىز خۇا شاڭچىيەنگە ئۆزىنى ئېتىپ كۈلدى، خۇا شاڭچىيەن ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

گەن يۈلىڭ لىپىلداپ تۇرغان غۇۋا چىراغ نۇرىدا ئۇلارنى ئېنىق كۆرەلمەي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نېمە ئىشىڭىز بار؟ — ئۇ قىز گەن يۈلىڭغا ۋارقىرىدى.

— هەي! يىگىت، سىز خۇا شاڭچيەنمۇ؟

— راستىلا خۇا شاڭچيەن بولسام، مېنى تانىسىغا تارتماقچىمىدىڭىز؟ — خۇا شاڭچيەن ئۇنىڭغا قىزىقمىغاندەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى.

— مەن تانسا ئويناشتىن قورقمەن، مەن بىلەن بىرگە هاراق ئىچەمدىكىن دەپ كېلىشىم!

— مەست بولۇپ قاپسىز، بىزگە دەخلى قىلماي، نېرى كېتىڭ! — خۇا شاڭچيەن بىر قولىدا هېلىقى قىزنى قۇچاقلاپ، يەنە بىر قولىدا پىۋا رومكىسىنى كۆتۈرۈپ، هۆزۈرلىنىپ ئىچتى.

— ئەگەر مەنسى كېلىپ قالسا ئۇنىڭ بىلەن ئىچەمتىڭىز؟

— جۇاڭ مەنسىنى دەمسىز؟ — خۇا شاڭچيەن قۇچاقلىۋالغان قىزنى دەرهال ئىتتىرىۋەتتى، — ئۇ كەلدىمۇ؟ قېنى قەيەردە؟

— ئۇ كەلمىدى، بىراق ئۇنى چاقىرساملا چوقۇم كېلىدۇ، ئۇ سىزنىڭ بۇ هالىتىڭىزنى كۆرۈپ باقسۇن!

— ياق، ياق، ئۇنى چاقىرماڭ! — خۇا شاڭچيەن ئالۋاستىدىن ئۈركىگەندەك بولۇپ كەتتى، — سىز كىم؟ جۇاڭ مەنسىنى قانداق تونۇيسىز؟

— مەن ئۇنىڭ ساۋاقدىشى گەن يۈلىڭ بولىمەن، بىز بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەن، ماڭا دىققەت قىلمىغان ئوخشايسىز، — دېدى گەن يۈلىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن، — مېنى ئۇلتۇرۇشقا تەكلىپ قىلامسىز، يوق، يا مەن مۇشۇ يەردە ئۆرە تۇرۇۋېرەمدىم؟

— ئولتۇرۇڭ! ئولتۇرۇڭ! — خۇا شاڭچيەن ئۇ قىزنى ئىتتىرىۋېتىپ، گەن يۈلىڭ ئۈچۈن بىر رومكا هاراق بۇيرۇدى.

گەن يۈلىڭ ئۇ قىزغا تەپسىلىي سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى:

— ئۇ قىز كىم؟

— ئۇمۇ؟ — خۇا شاڭچيەننىڭ ئىچى پۇشتى، ئەلۋەتتە ئۇ

بۇ قىزنىڭ ما جياليې ئىكەنلىكىنى گەن يۈلىڭگە ئېيتسا بولمايتتى، چۈنكى ئۇ مەنىسىگە ئۆزىنىڭ بارلىق قىز دوستلىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكى توغرۇلۇق قەسەم قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇگۈنكى ئىشنى مەنسى بىلىپ قالسا بولمايتتى، ئۇ بىلىپ قالىدىغان بولسا، بۇنى باھانە قىلىپ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى تۇرغان گەپ ئىدى.

— ئۇ زادى كىم؟

— ئۇ مېنىڭ نەۋرە سىڭلىم، ئىسمى خۇا جياجيا!

ما جياليې ئۇنىڭغا چەكچەيدى، خۇا شاڭچىيەن شىرە ئاستىدا ئۇنىڭ پۇتىغا تېپىۋىدى، ئۇ ئاندىن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئولتۇردى.

غۇۋا چىراغ نۇرىدا گەن يۈلىڭ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرمىدى.

— مەن ئۇنىڭ نەۋرە سىڭلىڭىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، — دېدى گەن يۈلىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، — چۈنكى سىلەرنىڭ خۇا ئائىلىڭلاردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى جىڭجىڭ، لىڭلىڭ، جياجيا، جيەنجيەن دېگەندەك ئىسىملار.

— بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، ئۇنىڭ ئۆيى ئەنگلىيىدە، بۇ يەردە ئۇرۇق-تۇغقىنى يوق، ھەدەم ئۇنى ئوينىتىپ كېلىشىمنى ئېيتقانىدى، شۇڭا بۇ يەرگە كېلىشىمىز.

گەن يۈلىڭ ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى:

— نەۋرە ئاكا-سىڭىللارمۇ ئاشۇنداق قىزغىن بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ قارىسام تارتىشىپ، قۇچاقلىشىپ يۈرىسىلەر.

— چەت ئەللەردە ئاكا-سىڭىللارمۇ سۆيۈشىدىغۇ؟

— سىز چەت ئەللىكمۇ؟

— شۇڭا بىز سۆيۈشمىدۇق!

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— راست، بىز سۆيۈشمىدۇق! سىز كۆردىڭىزمۇ؟ نېمە ئىسپاتىڭىز بار؟

گەن يۇلىڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئۇلارنىڭ سۆيۈشكەنلىكىنى كۆرگەندەك ئەمەس، ئۇ ھەرگىز ئىسپات تاپالمايتتى.

— بولدىلا، نەۋرە سىڭلىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىڭلار.

— بۇنداق ئاسان بولدى قىلىدىغان ئىش يوق، سىز مەنسىگە بۇ ئىشنى كۆپتۈرۈپ، ئاممىۋى سورۇندا ناشايان ئىشلارنى قىلدى دېسىڭىز قانداق قىلىمەن؟

— مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەس، — گەن يۇلىڭ دەرھال ئورنىغا قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى مەنسى دەرستىن چۈشكەندە، خۇا شاڭچيەن ئالاقزادىلىك بىلەن ساقلاپ تۇراتتى.

— مەنسى، گەن يۇلىڭنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭ جۇمۇ.

— گەن يۇلىڭ ئىككىمىز نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتۇق، سىز قايسى گېپىگە دەيسىز؟

— تۈنۈگۈن مەن دېسكوخانىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم.

— ھە!

— تۈنۈگۈن نەۋرە سىڭلىم ئىككىمىز دېسكوخانىغا بارغانىدۇق، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، مەن بۇنى گەن يۇلىڭگە چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. بىراق ئۇ ئىشەنمىدى. مەنسى، سىز ھەدەمدىن خۇا جياجيا ئىسىملىك نەۋرە سىڭلىڭلار بارمۇ، دەپ سوراپ بېقىڭ.

— نەۋرە سىڭلىم دېگەندىكىن نەۋرە سىڭلىڭىزدۇ، يالغان ئېيتماسسىز؟

— سىز ئىشەندىڭىز؟

— ئىشەنمەسلىككە ھەددىممۇ؟

— گەن يۇلىڭ، ئۇ ...

— ئۇ ئىشەنمىدىمۇ؟ ئۇ ئىشلارغا سەزگۈسىگە تايىنىپ باھا

بېرىدۇ.

— ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىسىڭىزلا بولدى! — خۇا شاڭچيەننىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى، ھېلىلا ئۇ مەنسىنى ساقلاپ تۇرغاندا، مەنسىنىڭ ئۇنى ھەيدىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

— گەن يۈلىڭنىڭ مۇشۇ توغرۇلۇق دېگەن گەپلىرىگە ئىشەنمەڭ دېمەكچىمىدىڭىز؟

— مۇشۇنى دېگەن! — خۇا شاڭچيەن بېشىنى لىڭشىتتى، — بۇنىڭدىن باشقا بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ يۈردىمىكىن دەپ قالدىڭىزمۇ؟ مەن سىزگە باشتىن ـ ئاخىر سادىق بولىمەن جۇمۇ!

— بىراق گەن يۈلىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام سىزنى دېسكوخانىدا كۆرگەنلىكىنى ئېيتمىدى، بۈگۈن دەرسلىرىمىز بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، پاراڭلاشقۇدەك بولمىدۇق.

— ئۇ ... ئۇ سىزگە ... — خۇا شاڭچيەن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى، — ئۇ سىزگە ئېيتمىغان بولسا، مەن ئېيتىشىم كېرەك، ئەسلىدە مەن تۈنۈگۈن دېسكوخانىغا بارماسلىقىم كېرەك ئىدى، بىراق نەۋرە سىڭلىم ...

— نېمىشقا بارمايتتىڭىز؟ ھەممە ئادەمنىڭ ئەركىنلىكى بار، ھېلىقى نەۋرە سىڭلىڭىز بىلەن بېرىپسىز، باشقا قىزلار بىلەن بارغان بولسىڭىزمۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى.

— بىراق، مەن سىزدىن باشقا قىزلار بىلەن بىر يەرگە بارمايمەن، مەن سىزگە ئالاكۆڭۈللۈك قىلمايدىغانلىقىم توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەن!

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ، بىز پەقەت نورمال دوستلار، سىزنىڭ باشقا قىزلار بىلەن ئارىلىشىش ھوقۇقىڭىز بار، مېنىڭمۇ شۇنداق، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايمىز. ئەمەلىيەتتە مېنىڭمۇ سىزدىن باشقا ئوغۇل دوستلىرىم بارغۇ.

— راستمۇ؟ — خۇا شاڭچيەن ھەيران قالدى.

— ھازىرچە پەقەت بىرىلا بار!

— ئۇ كىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— جۇ ۋېيفېڭنىڭ ئاكىسى جۇ ۋېيلۇڭ.

— جۇ ۋېيلۇڭ. ئۇنىڭ سىڭلىسى ياردەم قىپتۇ ــ دە، — دېدى خۇا شاۋچيەن ھەيران قالغىنىدىن تىلىنى چايناپ، — ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى بەك يېقىن، شۇنداقمۇ؟

— ھەر ئىككىڭلار ئوخشاشلا ئادەتتىكى دوستۇم.

— مەنسى، مەن سىز بىلەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن تونۇشقانمۇ؟ — خۇا شاۋچيەن، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلىدىم، ئۇ چوقۇم ماڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى، توساتتىن ئوتتۇرىدىن جۇ ۋېيلۇڭ ئىسىملىك بىرى چىقىپ قالدى.

— ياق، مەن سىز بىلەن تونۇشۇشتىن بۇرۇنلا ئۇنى تونۇيتتىم، جۇ ۋېيفېڭ ئىككىمىز ئون نەچچە يىللىق ساۋاقداش، جۇ ۋېيلۇڭ بىلەن تونۇشقىلىمۇ نۇرغۇن يىللار بولدى، بىراق يېقىندىن بېرى كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدۇق، — مەنسى قولىنى پۇلاڭلاتتى، — بىراق، كىم بىلەن بالدۇر تونۇشۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، ھەر ئىككىڭلار مېنىڭ دوستۇم. مېنىڭ باشقا ئوغۇل دوستۇم بولغاندىكىن، سىزمۇ باشقا قىزلار بىلەن دوست بولسىڭىز بولىدۇ!

— مەن ھەرگىز باشقا قىزلارنى دوست تۇتمايمەن، سىزدىن باشقا قىزلارنى ھەرگىز ياخشى كۆرەلمەيمەن!

— ئەمىسە ئىختىيارىڭىز، مەن پەقەت سىز باشقا قىزلار بىلەن ئارىلاشقان، يۈرگەن تەقدىردىمۇ سۈرۈشتە قىلمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويماقچى. گەن يۈلىڭ ماڭا دىسكوخانىدىكى ئىشلارنى ئېيتمىدى. ھېلىغۇ نەۋرە سىڭلىڭىز بىلەن بىرىپسىز، باشقا قىزلار بىلەن بارسىڭىزمۇ مەيلى ئەمەسمۇ.

— مەن ھەرگىز باشقا قىزلار بىلەن ئويناق ــ بۇياقلارغا بارمايمەن! — خۇا شاۋچيەن ئۆزىنى تېخىمۇ سەممىي كۆرسەتمەكچى بولدى. ھازىر رەقىبى پەيدا بولغان پەيتتە تېخىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

— مەن ھەرگىز سىزنى زورلىمايمەن، خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ. ئەته يەنە دەرسىم بار، كەچۈرۈڭ، مەن كەتتىم!

خــۇا شاڭچيەننىڭ رايى قاتتى، شۇنداقتىمۇ، ئۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشنى خالىمىدى.

خــۇا شاڭچيەن جۇ ۋېنلۇڭنى كۆزىتىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىپ، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزىگە رەقىب بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىمتىيازلىرى بار، شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇ سۇڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، مەنسى جۇ ۋېنلۇڭ بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتمىگەن ئەھۋالدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ھوقۇقلۇق.

خــۇا شاڭچيەن ئادەتتە مەنسى بىلەن كۆرۈشۈش توغرۇلۇق ئالدىن كېلىشىپ قويمىسىمۇ، خۇا جىڭجىڭ دائىم سۇڭ ئائىلىسىگە بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىنىسى ئۈچۈن كېلىشىپ قويالايدۇ.

جۇ ۋېنلۇڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلالمايتتى.

خۇا شاڭچيەن بۇرۇنقى قىز دوستلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ بولغان، ما جيالىي بىلەن دىسكوخانىغا بارغاندىن كېيىن ما جيالىينىڭمۇ ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇدى، خۇا شاڭچيەن باشقا بىر قىزنى دەپ ئۇنى نەۋرە سىڭلىم دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئوسال ئىش قىلغانىدى.

خۇا شاڭچيەننىڭ بۇ ئىشلارغا كۆڭلى يېرىم بولمايتتى، ئۇ دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە بولغان كۈنلەرنى يالغۇز ئۆتكۈزەرمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلمايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەكتىپىدە ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ يۈرگەن قىزلار كۆپ، بولۇپمۇ 1 ـ يىللىقتىكى قىزلار ئۇنىڭغا بەك كۆيەتتى.

خــۇا شــاڭــچيــەن ئــالدىغا كەلگەن قىزلارنى ھەرگىز رەت قىلمايتتى، بىراق سىرتلاردا ئۇ قىزلار بىلەن بىرگە يۈرگەندە، تــولــىمــۇ ئــېھــتــيــات قــىلىشى كېرەك، بولمىسا مەنسىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى

ساۋاقداشلىرى كۆرۈپ قالسا، ھەممىسىنىلا نەۋرە سىڭلىم دەپ تونۇشتۇرالمايدۇ ـ دە.

ئۇ بىچارە قىزلارغا ئۇۋال، خۇا شاڭچيەن ئۇلارغا: «ھەممىسى مېنىڭ ئادەتتىكى دوستلۇرۇم، خۇسۇسىي تۇرمۇشۇمنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەڭ» دەپ قوياتتى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەنلىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزەتتى.

بەزى قىزلار ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، خۇا شاڭچيەننىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قىلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن چىقمايتتى.

خۇا شاڭچيەن بۇنداق ئوڭاي كەلگەن پۇرسەتلەرنى قەدىرلىمەيتتى، ئۇ قىزلار بىلەن خالىسا ئارىلىشىپ، خالىسا يولىغا سېلىپ قوياتتى. ئۇ ھەممىدىن مەنسىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ كونا ـ يېڭى قىز دوستلىرى ئىچىدە جۇاڭ مەنسى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ يېقىشلىق قىز ئىدى.

ئۇ قىزلار پەقەت ئويۇن ـ تاماشا قىلىش، كۆڭلىنى ئېچىشنىلا ئويلايدىغان قىزلار، ھەقىقىي خوتۇن بولۇشقا يارىمايتتى.

ھازىرقى زاماننىڭ قىزلىرىنىڭ ئىدىيىسى ئازاد، بەزىلىرى تېخى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، كېيىنلىكىنى ئويلىمايدۇ، ئۇلار ئۇچۇن بۈگۈنى كۆڭۈللۈك ئۆتسىلا بولدى، شۇڭا نېمە قىلغۇسى كەلسە، شۇنى قىلىدۇ، ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدۇ.

خۇا شاڭچيەنمۇ مۇشۇنداق قىزلارنى ياقتۇراتتى.

سۇڭ ئەپەندى سۇڭ جېنىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، سۇڭ جېن ماتېرىياللارنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈۋاتاتتى.

سۇڭ ئەپەندى ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچتى.

سۇڭ جېن قولىدىكى ئىشنى قويۇپ تۇردى.

— دادا، مېنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كىرگەنمىدىڭىز؟

— ئۆگۈنلۈككە كەچتە ۋاقتىڭ بارمۇ؟

— شىركەتتىكى ئىش يوق ئىكەن، باشقا ئىش بولمىسا، جىڭجىڭ بىلەن تاماق يەپ كېلىمەن، — دېدى سۈڭ جېن يەنە كومپيۇتېرنى ئېچىپ.

— جۇڭ تاغاڭ ئېسىڭدىمۇ؟

— ئېسىمدە، بىز دائىم سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇرىمىز، ئالدىنقى ئايدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىم.

— ئۆگۈنلۈككە كەچتە ئۇ سېنى تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى.

— خۇسۇسىي ئىش بولسا كېرەك - ھە؟

— ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىدى، ساڭا ئوخشاشلا قولىدىن ئىش كېلىدىكەن، ئۇ يېقىندا ئەنگلىيىدىن قايتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ شىركىتىنى قولىغا ئاپتۇ، تەجرىبىسىز بولغاچقا، خىزمەتتە قىيىنىلىۋېتىپتۇ، جۇڭ تاغاڭ سېنى ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ بېرەرمىكىن دەۋاتاتتى.

— ئۆزۈمنىڭ سىڭلىسى ئىكەن، چاتاق يوق، چوقۇم ياردەم قىلىمەن.

— ئەمىسە ئۆگۈنلۈككە چوقۇم مەن بىلەن بىرگە بارىسەن - ھە؟

— بولىدۇ، دادا! — سۈڭ جېن خۇشال جاۋاب بەردى.

— ئىشىڭنى قىلىۋەر، مەن چىقاي، — سۈڭ ئەپەندى رازىمەنلىك بىلەن چىقىپ كەتتى.

سۈڭ جېن ئەمەلىيەتتە تولىمۇ ئالدىراش ئىدى، دائىم بىرنەچچە زاۋۇتقا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى، يېقىندىن بېرى ئىشچىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتاتتى، ئۇ بۇ ھالەتكە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئامال بار ئىشچىلارنىڭ پاراۋانلىقىنى ياخشىلاپ، كۆپلەپ ئىشچىلارنى جەلپ قىلماقچى بولدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇ جۇڭ تاغا ۋە ئۇنىڭ قىزى جۇڭ

www.uyghurkitap.com

مېيىئېر بىلەنمۇ مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا پاراڭلاشتى، سۇك جېن جوڭ مېيىئېرغا ئىشچىلارنىڭ پاراۋانلىقىنى ياخشىلاشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلىدى.

جوڭ مېيىئېر ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى قوللىدى، ئىككىيلەننىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقىپ، خۇشال پاراڭلاشتى، ئىككى بوۋاي ئۇلارغا قاراپ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردى.

قايتىدىغان چاغدا، جوڭ مېيىئېر سۇك جېننى باشقا بىر كۇنگە چايخانىغا تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭ سۇك جېندىن سورايدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بولغاچقا، بۇگۈن پاراڭلىشىپ بولالمايتتى. سۇك جېن دەرھال ماقۇل بولدى.

ئۆيگە كېتىۋېتىپ، سۇك ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئوغلىغا دېدى:

— بۇ مېيىئېر ساڭا يېقىپ قالدى ـ ھە؟

— جوڭ تاغام سىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئاغىنىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بىلەن سودىدا ھەمكارلىشىۋاتسا، مېيىئېر قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك ـ دە.

— سېنىڭچە مېيىئېر قانداقراق قىز ئىكەن؟

— بولىدىكەن، ئەقىللىق ئىكەن. يەنىمۇ تىرىشسا، كەلگۈسىدە نوچى ئايال بولۇپ، جوڭ تاغامنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلالايدۇ.

— بۇلارنى دېمىدىم، ئۇنىڭ مۇئامىلىسى قانداقراق ئىكەن، دەۋاتىمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپ، مىجەزىنى قانداق بىلىمەن؟ جوڭ تاغامنىڭ ئېيتىشىچە، بىز كىچىكىمىزدە بىرگە ئوينىغانىكەنمىز. راست گەپنى قىلسام، ئۇنى بۇگۈن كۆرمىگەن بولسام، مېيىئېر دېگەن بىر قىزنىڭ بارلىقىمۇ ئېسىمگە كەلمەيتتى.

— سەن شۇ مەنىسىدىن باشقىسىنى ئېسىڭگە ئالالمايسەن ـ ھە؟

— شۇنداق! بىز كىچىكىمىزدىن بىر ئۈستەلدە تاماق يەپ، بىر ئۆيدە تۇرۇپ، بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، ھەر كۈنى

كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، شۇڭا ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئۇچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ!

— ئــۇ سىنىڭ ئۆز سىڭلىڭدەك بولۇپ كەتتى، ئۇنى ئۆز سىڭلىم دەپ بىلىسەن، بولدى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايلى، سىنىڭچە مېيىئېرنىڭ چىراي شەكلى، بوي تۇرقى قانداقراق ئىكەن؟

— ھېچقانداق ئەيىبى يوق ئىكەن! — سۇڭ جىن دادىسىغا قاراپ، مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— راست گېپىڭنى قىلە، ئۇ خۇا جىڭجىڭغا سېلىشتۇرغاندا قانداق ئىكەن؟

— دادا! مەن راستىنلا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، چىرايلىقمۇ، سەتمۇ، بوي تۇرقى قانداق، بۇلارغا دىققەت قىلماپتىمەن.

— گــەپ قــىلــىــشــىــپــتــىــپ ئۇنىڭغا قارىمىدىڭمۇ؟ — سۇڭ ئەپەندىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، — ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپمۇ كۆزۈڭ كۆرمىدىمۇ ياكى كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ گەپ قىلغانمىدىڭ؟

— قارىدىم، ئۇ ياش بىر قىز ئىكەن، بىراق ئۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن، پۈتۈن زېھنىم بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىپتىمەن.

— ئىسىت، سېنى!

— ئــۇ پــەرىــشــتــىــگــە ئــوخشىمامدىكەن؟ خۇا جىڭجىڭدىن چىرايلىقمىكەن؟

— ئۆزۈڭچە خۇا جىڭجىڭنى چىرايلىق دەمسەن؟ ئۇنىڭ پەقەت خۇلقىلا بار، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق چىرايلىق ئەمەس.

— مەنسىدىنمۇ چىرايلىقمۇ؟ مەنسىنى ھەممەيلەن قار مەلىكە دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ!

— ئۇ مەنسىدىن چىرايلىق ئەمەس. بىراق ئۇنىڭ قاش ـ كۆزى جايىدا، چىراي شەكلى نۇقسانسىز، بوي تۇرقىمۇ مۇۋاپىق، ئۆزى مۇلايىم، بۇ جەھەتتە ھېچكىم ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېيتمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چايخانىغا بارغاندا ئوبدان سەپسېلىپ قاراپ باق.

— مەن پەقەت ئۇنىڭغا خىزمەت جەھەتتە ياردەم قىلىمەن،

ئۇنىڭ چىرايلىق، سەت بولۇشى بىلەن نېمە كارىم؟ — سۇلۇڭ جىن دەرھال كالـلـىسىنى ئىشلەتتى، — دادا، سىز مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرماقچىمۇ؟

— ياق، ئۇنداق نىيىتىم يوق، جۇڭ تاغاڭ سېنى كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، قىزى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىلەرنى ئارىلىشىپ ئۆتسۇن دېمەكچىمەن، — سۇلۇڭ ئەپەندى راست گېپىنى قىلدى، — دادىسىنىڭ بالىسىغا بىر قىزنى تونۇشتۇرۇشى يامان ئىش ئەمەسقۇ؟

— دادا، سىز جىڭجىڭنى راستىنلا ياقتۇرمامسىز؟

— بۇنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. سەن بىر كۈن كېچىكىپ توي قىلساڭ، بىر قىز بىلەن ئارىلىشىش ھوقۇقۇڭ بار، بىرنەچچە قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ باققانىڭ پايدىسى بار، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ، ئىچىدىن نۇقسانسىز بىرىنى تاللىيالايسەن!

— بىراق، دادا، سىزمۇ مېنىڭ بەك ئالدىراش ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز، مېنىڭ ھازىرچە بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرغۇدەك ۋاقتىم يوق.

— ئەمىسە، خۇا جىڭجىڭچۇ؟

— مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇم يوق، ۋاقىت بولغاندا كۆرۈشىمەن، ئەمەلىيەتتە مەن بىر جىڭجىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ يېتىشىپ بولالمايمەن، ئۇ دائىم ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيسىز، دەپ مەندىن ئاغرىنىدۇ، شۇڭا مېنىڭ باشقا قىزلار بىلەن دوست بولغۇم يوق.

— سەن دۆتمۇ؟ — سۇلۇڭ ئەپەندى ھەيران بولۇپ سورىدى، — ئادەم بىرىنچى قېتىم مۇھەببەتلىشىپلا مۇھەببەتنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالسا بولامدۇ؟ بىرنەچچە قىز بىلەن ئارىلىشىپ باقماي تۇرۇپ، خۇا جىڭجىڭنىڭ ئۆزۈڭگە لايىق - لايىق ئەمەسلىكىنى قانداق بىلىسەن؟

— باشقىسى بىلەن ئارىلىشىپ باقىدىغانغا ۋاقىت بولمىسا! مەن مۇھەببەتلىششنى ھەشەمدەرەم بىر ئىش دەپ قارايمەن، ئۇ

پەقەت بىكارچىلارنىڭ، پادىشاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى دەپ بىلىدىكەنمەن، — دېدى سوڭ جېن، — ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ تونجى يۈرگىنى بىلەن توي قىلىش تولىمۇ بەختلىك ئىشقۇ!

— سەن ماڭا خۇا جىڭجىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىڭنى ئېيتمىدىڭغۇ؟

— ھە، ياق! ھازىرچە توي قىلمايمەن، بىر تەرەپتىن ھازىر مېنىڭ ۋاقتىم يوق، توي قىلىشقا ۋاقىت چىقارغىنىم بىلەنمۇ، شىېرىن ئاي سەپىرى ئۆتكۈزۈش، ياخشى ئەر بولۇشقا ۋاقىت چىقىرالمايمەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن ھازىر جىڭجىڭ بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغۇدەك ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن، ئەڭ تېز بولغاندىمۇ يېرىم يىللاردىن كېيىن توي ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلىشىشقا ۋاقىت ئاجرىتالىشىم مۇمكىن. ھازىرچە ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ئارىلىشىۋاتىمەن، ئۇنىڭ مىجەزى ياخشى، ئىشلىرىمنى چۈشىنىدۇ، كوت ـ كوت ئەمەس، كۆرۈشۈشكە كېچىكىپ قالسام ياكى بارماي قويساممۇ ھەرگىز مېنى قىيىن ئەھۋالدا قويمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقىنىم بىلەن ئىنتايىن ئەركىنمەن!

— ئەمىسە جۇڭ مېيئېر قانداق ئىكەن؟ — سوڭ ئەپەندى مۇنداقلا سوراپ قويدى، ئۇنىڭغا ئوغلى تولىمۇ ئەخمەقتەك بىلىندى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىرنەچچە قىز بىلەن ئارىلىشىپ كۆرۈپ بېقىشى كېرەك ئىدى.

— ئۇنى سىڭلىمدەك كۆرىمەن.

— كېلەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە بارامسەن؟

— ماقۇل بولغاندىكىن چوقۇم بارىمەن، بىراق خىزمەت توغرۇلۇقلا پاراڭلىشىمەن. دادا، جۇڭ تاغامغا ئېيتىپ قويالارسىزمۇ، ئۇلار ئېغىر ئالمىسا، يېرىم يىلدىن كېيىن قولۇم سەل بوشىغاندىراق جۇڭ مېيئېر بىلەن ئارىلاشسام بوپتىكەن.

— ئۇ چاغقىچە تويۇڭنى قىلىپ بولارسەنمىكىن؟ — سوڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا ئالايدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، مەن جىڭجىڭنى ئوبدان سىنىشىم كېرەك، يېرىم يىلدىن كېيىن توي قىلىشىم ناتايىن، بىر يىلدىن كېيىن توي قىلىشىمىز بىرنېمە دېيەلمەيمەن، — سۇڭ جىن دادىسىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى، — سىز ئەزەلدىن ماڭا ئىشىنەتتىڭىزغۇ ...

ئەتىسى سۇڭ جىن خۇا جىڭجىڭ بىلەن تاماققا باردى. پاراڭ ئارىسىدا سۇڭ جىن:

— تۈنۈگۈن ئاخشام جۇڭ تاغام بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى، مەن تېخى خىزمەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىدىغان ئوخشايمىز دېسەم، ئەسلىدە قىزىغا تونۇشتۇرماقچىكەن.

— قىزىغا تونۇشتۇرىدىكەن؟

— باشتا دادام ماڭا جۇڭ تاغاڭ سېنى قىزى جۇڭ مېيئېرغا تىجارەت توغرۇلۇق يول كۆرسىتىپ قويسۇن دەۋاتىدۇ، دېگەنىدى، كېيىن ماڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتتى.

— يەنىلا سۇڭ تاغامنىڭ قىلغان ئىشىكەن، — خۇا جىڭجىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇھ تارتىپ پىچىرلىدى، — مەن سۇڭ تاغامنىڭ مېنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلگەن، بىراق ئۇنىڭغا ياقمىغۇدەك قانداق ئەيىبىمنىڭ بارلىقىنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ تاپالمىدىم.

— جىڭجىڭ، خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، ئەمەلىيەتتە، بۇ جۇڭ تاغامنىڭ خىيالى، دادام ئۇنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئاغىنىسى بولغاندىكىن گېپىنى يىرالمىغان گەپ.

— ھېلىقى جۇڭ خېنىم قانداقراق قىز ئىكەن؟ — خۇا جىڭجىڭ تۇساتتىن ھىجىيىپ سورىدى.

— بىلىملىك، ئەقىللىق ئىكەن، ئۇ چوقۇم قابىلىيەتلىك كارخانىچى بولۇپ چىقىدۇ.

— سىزنىڭچە ئۇ چىرايلىق، مەپتۇن قىلارلىق قىزمىكەن؟

— بۇنى بىلمەيمەن.

— بىلمەيسىز؟ نېمىشقا بىلمەيسىز؟ — خۇا جىڭجىڭ

تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، سۆڭ جىنىنىڭ قولىغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى، — مېنى ئالداۋاتىسىز، بىرگە تاماق يېگەن تورۇقلۇق ئۇنىڭ چىرايلىق، سەتلىكىنى بىلمەيمەن دېگەن قانداق گەپ؟

— دادامغىمۇ شۇنداق دېدىم. مەن پەقەت سودا توغرۇلۇق پاراڭلىشىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا سەپسالماپتىمەن، ئىشقىلىپ ئۇ ياش قىز ئىكەن، تاشقى پلانېتا ئادىمىدەك سەت، كېلەڭسىز كۆرۈنمىدى، بۇ سۆزۈمگە دادامىمۇ ئىشەندى.

— قورقماڭ، كېلەر قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭغا ئوبدان سەپسېلىپ قاراڭ، ئۇ ئىككىنچى مەنسى بولۇپ قالامدۇ، تېخى.

— ئۇنداق بولمايدۇ! مەن 26 يىلدىن بېرى مەنسىدىنمۇ چىرايلىق بىرەر قىزنى ئۇچراتمىدىم.

— سىزنىڭچە مەن سەت ئىكەنمەن ـ دە؟ — خۇا جىڭجىڭ تۇمشۇقىنى تېخىمۇ ئۇچلىدى.

— ياق، سىزمۇ چىرايلىق، ئىككىڭلارنىڭ تەبىئىتىڭلار ئوخشىمايدۇ، مەنسىنىڭ سىزدىن چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ئۆزىڭىزمۇ ئىقرار ئىدىڭىزغۇ؟ بىراق ئۇ يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيدۇ!

— راست شۇنداق! بىراق مەن سىزگە چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ناز بىلەن قاراپ قويدى، — ئاشۇ كىچىك قىزدىن كۇنلەپ يۈرەرمەنمۇ. ئەگەر مەنسىنى چىرايلىق دېمىسەم، شاڭچيەنگە تونۇشتۇرامتىم؟

— سىز ئىشلارنى بەك توغرا چۈشىنىسىز، شۇڭا سىز بىلەن پاراڭلاشسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ، بىر گەپنى قىلسامىلا توغرا چۈشىنىسىز. سىزدىن بىر ئىشلارنى يوشۇرۇشىڭىزمۇ ئورنى يوق، چۈنكى سىزنىڭ كۈنداشلىقىڭىز قاتتىق ئەمەس.

— مەندىن بىر ئىشلارنى يوشۇرماڭ جۇمۇ، مەن يالغان ئېيتىدىغان يىگىتلەرگە بەك ئۆچ، يالغان ئېيتىش مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، ماڭا ئىشەنمىگەنلىك!

— شۇڭا، جۇڭ مېيئېرنىڭ ئىشىنى سىزگە ئېيتىۋاتىمەنغۇ!

— ماڭا ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت، — خۇا جىڭجىڭ ناز قىلىپ كۈلۈپ قويدى، — سىزنىڭچە، سۈڭ ئائام بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە سىزگە قىزلارنى تونۇشتۇرۇپ يۈرەرمۇ؟

— ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇ مېنىڭ ئالدىراشلىقىمنى بىلىدۇ، ماڭا ئارتۇقچە يۈك ئارتىپ قويۇشنى خالىمايدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەل ـ ئاغىنىسى كۆپ، ئۇلار قىزلىرىنى ماڭا سايە قىلىپ ئۇنى ئىزدىسە، رەت قىلالماسلىقى مۇمكىن، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس.

— مەن سىزنىڭ يىگىتلىك سېھرىي كۈچىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلسەممۇ، بازىرىڭىزنىڭ بۇنداق ئىتتىك ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن.

— بۇنىڭ سېھرىي كۈچ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، بەلكىم ئىپادەمنىڭ ياخشىلىقىدىن بولسا كېرەك، دادامنىڭ بەزى ئاغىنىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سودىسىغا باش قاتۇرۇپ ئىشلەپ بېرىدىغان قابىل كۈيئوغۇلنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

— مېنى ئەنسىرىتىپ قويدىڭىزغۇ!

— نېمىگە ئەنسىرەيسىز؟

— سىز بەكمۇ ئەتىۋارلىق بولۇپ كېتىپسىز، نۇرغۇنلىغان ئەتىۋارلىق خېنىملار سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايدىكەن، — دېدى خۇا جىڭجىڭ بىچارە قىياپەتتە، — سىز بىرەر قىز بىلەن چىقىشىپ قالغان ھامان مەندىن يۈز ئۆرۈيسىز!

— نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن؟ ئەگەر سىزنىڭ سىرتقى قىياپىتىڭىزگە سەكسەن نومۇر قويۇشقا توغرا كەلسە، قەلب گۈزەللىكىڭىزگە يۈز نومۇر قويىمەن. باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان سىزدەك قىزلار بەكمۇ ئاز، — سۈڭ جېن ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويدى، — سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن، مەن سىزدىن رازى، مەن باشقا قىزلارغا قىزىقمايمەن، بۇ جەھەتتە خاتىرجەم بولۇڭ ...

خۇا جىڭجىڭ سۈك جىننى تۇنجى قېتىم ئايرودرومدا كۆرگەندىلا ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

بىراق بۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى، سۈك جىن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئۇ، بۇلار بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشلىرى تۈگىمىدى، بۇ ھال خۇا جىڭجىڭنى غەمگە سېلىپ، بىئارام قىلىۋاتاتتى.

سۈك جىن چەت ئەلدە ئوقۇغان، ئامېرىكىدا بەش يىل تۇرۇپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ نۇرغۇن ئادەتلىرىنى سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، ئىنتايىن كونىلىق تەرەپدارى ئىدى، شۇڭا خۇا جىڭجىڭ ئۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا قارىتا جىددىي تەدبىر قوللانمىدى.

خۇا جىڭجىڭ سۈك جىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بولۇشىچە تەرەققىي قىلدۇردى، ئۇ بىر يىل ئىچىدە سۈك جىننى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانىدى، بىر يىلدىن كېيىن 24 ياشقا كىرەتتى، قىزلار بەك بالدۇر توي قىلسىمۇ بولمايتتى، 26 ~ 27 ياشلاردا توي قىلسىمۇ كېچىكمەيتتى، بىراق ئۇ بىر يىل ئىچىدە سۈك جىننى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدىن يانمىدى.

بىراق، يېقىندىن بېرى ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايۋاتاتتى، سۈك جىننىڭ دادىسى ھەر ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى نابۇت قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

ئەمەلىيەتتە ئۇ سۈك ئائىلىسىگە تۇنجى قېتىم بارغاندىلا، ئالدىدا قاتمۇقات توسالغۇلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغانىدى، چۈنكى سۈك جىننىڭ دادىسى ئۇنى ياقتۇرمىغان، كېيىن بۇ ئۆيدىكى جىن ھاممىمۇ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ مەنسىنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرماسلىقىدىن ئەندىشە قىلمىدى، مەنسى ھامىنى خۇا ئائىلىسىنىڭ ئادىمى بولىدۇ، ئۇ چوقۇم خۇا جىڭجىڭ تەرەپتە تۇرىدۇ، ئۇ خۇا جىڭجىڭ بىلەن ھەمكارلاشمايدىغان بولسا، خۇا شاڭچيەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، شۇڭا، مەنسى سۈك ئائىلىسىدە بىر شاھمات ئۇرۇقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

سۇك ئائىلىسىدە خوۋا جىڭجىڭغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغىنى سۇك خانىم ئىدى، گەرچە ئۇ خوۋا جىڭجىڭنى بەك ئەتىۋارلاپ كەتمىسىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنى كېلىن قىلىۋالغۇسى بار ئىدى، بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئوغلىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

سۇك خانىم خوۋا جىڭجىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئىككىنچى ئادەم ئىدى.

ئۇ مەنسىنى ئىشقا سېلىپ، مەنسىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ سۇك ئەپەندىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرمەكچى، سۇك خانىمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپ، سۇك ئائىلىسىگە كىرمەكچى بولدى.

ئۇ توي ئىشىنى بىر يىل كېچىكتۈرۈشنى خالىمىدى، چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئىشلار كۈندىن ـ كۈنگە مۇرەككەپلىشىپ، تاشقى بېسىم بارغانسېرى ئېشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ چوقۇم دەرھال تۇتۇش قىلىپ، يەنە بىر قىز ئارىغا قىستۇرۇلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئالدى بىلەن سۇك جېنىنى قولغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

شۇنداق قىلغاندىلا سۇك ئەپەندىگە تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى.

ئىلگىرى سۇك جېن ئۆيدە يوق ۋاقىتلاردا ئۇ ھەرگىز سۇك ئائىلىسىگە بارمايتتى، بارغان ھالەتتىمۇ، سۇك جېن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېيتىپ قويۇپ باراتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇك ئائىلىسىدە ئانچە قارشى ئېلىنمايدىغانلىقىنى بىلەتتى ھەم سۇك ئائىلىسىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلىشنى خالىمايتتى.

ئەلۋەتتە، بەزى چاغلاردا خۇشامەت قىلىپ قويىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى.

ھازىرچۇ، سۇك جېن بولمىسىمۇ، ئالايتەن سۇك خانىمنى كۆرگىلى سۇك ئائىلىسىگە بارىدۇ. سۇك خانىمغا ھەمراھ بولۇپ بازارغا بارىدۇ، بەزىدە ھەتتا سۇك خانىم بىلەن ماجياڭ ئوينايدۇ.

سۇك خانىم ھاۋاينىڭ شاكىلاتلىرىنى ياخشى كۆرەتتى، خوۋا جىڭجىڭ دائىم ئامېرىكىدىكى دوستلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ھاۋاينىڭ شاكىلاتلىرىدىن ئالدۇراتتى.

— ھاما، سۇك جېن سىزنى قىرىق ياشتىن ئاشتى دەيدۇ،

پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ جۇمۇ!

— ئەللىك ياشقا كىرەي دەپ قالدىم، — دېدى سۈك خانىم، — سىز مېنى ئەللىكتىن ئاشتى دەپ قالغانمىدىڭىز؟

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — خۇا جىڭجىڭ ھەدەپ بېشىنى چايقىدى، — قارىسام قىرىققىمۇ كىرمىگەندەك قىلىسىز. مېنىڭ ئاپام ئەللىك نەچچە ياشقا كىردى، سىزنىڭ ئاپىڭىزدەك تۇرىدۇ!

بارلىق ئىنسانلارنىڭ يۈزدە سەكسەن پىرسەنتى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ياش ئىكەنسىز دېيىشىنى ياخشى كۆرىدۇ (16 ياشتىن تۆۋەنلەردىن سىرت)، سۈك خانىم خۇشاللىقىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— يوق گەپنى قىلماڭا! ئەجەب قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، مەن سۈك جېنىنى يىگىرمە يېشىمدا تۇغقان، ھازىر سۈك جېن 26 ياشقا كىردى، مەن قېرىپ كەتتىم!

— چىرايىڭىزدىن ياش كۆرۈنىدىكەنسىز، تېگىڭىزدىن چىرايلىق ئىكەنلىكىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. ھامما، ماڭا قېرىماسلىقنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟

— نېمە سىر بولسۇن؟ — سۈك خانىم ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتاتتى، ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى بىرەرى مۇنداق ماختاپ باقمىغان، ئۆزىنى چىرايلىق، بىراق ئۇنى ئۇنداق ئاشۇرۇۋەتكىلى بولمايتتى، — ئادەتتە گىرىم قىلمايمەن، ئازراق ئۇپا سۈرۈپ قويىمەن، جىق سۈرسە تېرىگە زىيانلىق. مەنسىمۇ گىرىم قىلمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تېرىسى بەك يۇمران.

— ئاپلا! — خۇا جىڭجىڭ چۆچۈگەن قىياپەتتە كىرىشۋالدى، — مەن دائىم گىرىم قىلاتتىم، قانداق قىلارمەن؟

— بىراق تېرىڭىز ياخشىكەن، ئەنسىرىمەڭ، — خۇا جىڭجىڭ ئەلۋەتتە ئەنسىرىمەيتتى، چۈنكى ئۇ ھەر ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تېرىسىنى ئۇۋۇلىتاتتى، گۈزەللىك گىمناستىكىسى ئوينايتتى، ئىشقىلىپ، بېشىدىن ـ ئايىغىچە ئوبدان ئاسرايتتى.

گەرچە تىرىسى مەنسىنىشكىدەك ئاق بولمىسىمۇ، ئانچە يىرىك تىرىلەردىن ئەمەس ئىدى.

— ھاما، يىمەكلىكنىڭ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈشكە ياردىمى بارمۇ؟

— بار! چوقۇم بار! مەن ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن چوقۇم بىر قاچا قارلىغاچ ئۇۋىسى يەيمەن، بۇ ئادىتىمنى نەچچە ئون يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن.

— قارلىغاچ ئۇۋىسى! سۈت تاغامۇ يەمدۇ؟

— يەيدۇ! ئۆيىمىزدىكى تۆتىلىمىز يەيمىز.

— ئەمىسە، سۈت تاغام نېمىشقا سىزدەك ياش كۆرۈنمەيدۇ؟

— ئۇ مەندىن خېلىلا چوڭ، ئۇ ئەللىك نەچچە ياشقا كىردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۈن بويى ئۇياق-بۇياققا قاتراش بىلەن ئالدىراش يۈرىدۇ. بىز ئاياللاردەك ئۆيدە راھەتلىنىپ يۈرمەيدۇ!

— بۇ سەۋەب ئەمەس، نۇرغۇنلىغان خانىملار سىزدىن كىچىك، ئەمدىلا قىرىقتىن ئاشقان، ئۇلارمۇ ئۆيدە ئىش قىلماي يۈرۈپمۇ ھەم قېرى، ھەم سەت يۈرمەمدۇ، ھاما، سىز تېگىشكىزدىن قېرىمايدىكەنسىز!

— يەنە چاقچاق قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ، ھا-ھا-ھا...

بۈگۈن خۇا جىڭجىڭ سۈت خانىمغا ئاتاپ ئىككى كوروپكا قارلىغاچ ئۇۋىسى كۆتۈرۈپ، سۈتنىڭ ئائىلىسىگە يەنە كەلدى.

— كىچىك باللار بۇنداق كۆپ پۇل خەجلىسە بولمايدۇ، — سۈت خانىم بۇ خىل قارلىغاچ ئۇۋىسىنىڭ باھاسىنى ئوبدان بىلەتتى، ئىككى كوروپكا قارلىغاچ ئۇۋىسى نەچچە مىڭ يۈەن ئىدى.

— ھاما، مەن سىزنىڭ ياشلىق باھارىڭىزنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۇرغۇپ تۇرۇشىنى تىلەيمەن، دائىم قىرىق ياش ۋاقتىڭىزدىكىدەك تۇرۇڭ!

— بوپتۇ ئەمىسە! مەن بىر كوروپكىنى ئالاي، يەنە بىر

كورۇپكىنى ئاپئىگىزغا ئالغاچ كىرتىڭ.
— ھامما! مەن بۇنى چىن كۆڭلۈمدىن سىزگە ئاتاپ ئالغان، — دېدى خۇا جىڭجىڭ قەتئىيلىك بىلەن، — ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، بۇنى ئېلىڭ!
— مەن ئەلۋەتتە سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىز ماڭا كۆيۈنىسىز، ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالىسىز، بىراق سىز دائىم ماڭا بىرنېمىلەرنى سوۋغات قىلىسىز، مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن، — سۈڭ خانىم خۇا جىڭجىڭنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە بۇنداق ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك پۇل خەجلەشكە، قانچىلىك ۋاقىتنى ئاجرىتىشقىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىدى، خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى قىز ئىدى.
— سىز مېنى ياخشى كۆرىدىغان، ماڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغانلا بولسىڭىز مەن سىزدىن رازى.
— يېقىندىن بېرى كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى، بىر قىزىم كۆپىيىپ قالغاندەك بولۇۋاتىمەن، مەن نېمىشقا ئۆز قىزىمغا كۆڭۈل بۆلمىگۈدەكمەن؟
— ھامما، سىزنىڭ بىر قىزىڭىز بارغۇ، — خۇا جىڭجىڭ ئۆزىنىڭ سۈڭ جېنىنىڭ سىڭلىسى بولۇشىنى خالىمايتتى، — مەنسى سىزنىڭ قىزىڭىز ئەمەسمۇ؟
— ئەمىسە سىز ... — سۈڭ خانىم تۇرۇپلا گاڭگىراپ قالدى، «ئۇنى قىزىم دېسەممۇ نارازى بولىدىكىنە؟» توساتتىن بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ كۈلۈپ كەتتى، — ئەمىسە، مەن سىزنى كېلىنىمدەك ياخشى كۆرىمەن، ئەمدىغۇ رازى بولغانسىز؟
— ھامما!
— قاراڭ، يۈزىڭىزنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى، ھا - ھا ...
— ھامما، قاراڭا، ئادەمنى مازاق قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز!
— ئاپا، نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭىز؟ — سۈڭ

www.uyghurkitap.com

جېنى كىرىپ سورىدى.

— جىگجىگىنىڭ ئىشىغا بولمامدۇ ...

— جىگجىگ، سىز بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ؟ — سۇك جېنى خۇا جىگجىگنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، — مەن كىيىم ئالماشتۇرغىلى كەلدىم، سەل تۇرۇپ يەنە سىرتقا چىقىمەن. كەچكە مېھمانغا بارماقچىدىم، مەن سىزگە، سىز بىلەن بىرگە بولالمايمەن دېگەنىدىمغۇ!

— كىم سىزنى مەن بىلەن بىرگە بولۇڭ دەپتۇ؟ — دېدى خۇا جىگجىگ ناز قىلىپ، — مەن سىزنى ئىزدەپ كەلمىدىم!

— ئەمىسە سىز ...

— جىگجىگ ماڭا قارىلىغاچ ئۇۋىسى ئەكەپ بەرگىلى كەپتۇ، ئۇ سېنىڭ ۋاقتىڭنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۇرلا بىلەتتى، ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلدى!

— شۇنداقمۇ؟ — سۇك جېنى خۇشال بولۇپ كەتتى، — جىگجىگ، ئاپام بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ زېرىكىپ قالمامسىز؟

— مەندەك قېرى بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنى قىيناپ قويىدىغان بولدۇم!

— ھاما، سىز قېرى ئەمەس، — دېدى خۇا جىگجىگ، — ھامامامۇ ئۆزى يالغۇز زېرىكىدىكەن، مەنمۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىدىكەنمەن، شۇڭا ئىككىمىز بىرگە چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىمىز، بازار ئايلىنىپ كېلىمىز. ھاما، ئىككىمىز بىرگە بولساق، بەك كۆڭۈللۈك بولىدىكەن ـ ھە؟

— شۇنداق، — سۇك خانىم خۇا جىگجىگنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۈلۈمسىرىدى، — جىگجىگ بەك ئىش ئۇقىدىغان قىز ئىكەن، چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئوبدان بىلىدىكەن، ئۇ بەك ياخشى قىز ئىكەن!

— ۋاھ! تازا پايدا ئاپتىمەن ـ دە! — سۇك جېنى چاۋاك چېلىپ قويدى، — مەن جىگجىگنىڭ ئاپامغا بۇنداق ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم، ئۇ بۇرۇن ماڭا

بۇلارنى پۈرتىپمۇ قويمىغانىدى.
— ئېغىزىمدا دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمىسەم بولمايدۇ ـ دە، — خۇا جىڭجىڭ سائىتىگە قارىدى، — ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، دەرھال چىقىپ كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇڭ!
— باشقا ئىشىڭىز بولمىسا ئاپامغا ھەمراھ بولۇپ تاماق يەمسىز.
— سىزدىنمۇ مۇھىم قانداق ئىش بولاتتى، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جىننىڭ قېشىغا كېلىپ، قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.
سۇڭ جىن ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، ئاپىسىغا:
— ئاپا، ئەمىسە جىڭجىڭ سىز بىلەن بىرگە تاماق يەيدىغان بولدى، — دېدى.
— بولىدۇ، مەن جىن ھاماڭغا بىر كىشىلىك تاماقنى ئارتۇق بۇيرۇتۇپ قويىمەن...

بۈگۈن خۇا جىڭجىڭ يەنە سۇڭ خانىما ھەمراھ بولۇپ بازار ئايلاندى.
ئۇلار ئاياللار كىيىملىرى بۆلۈمىگە كەلدى.
— هاما! ماۋۇ كاستۇم ـ يوپكىنى كىيىپ بېقىڭا، بۇنى كىيسىڭىز سالاپەتلىك ھەم قىممەت كىيىم كىيگەندەك كۆرۈنىسىز.
— بۇ كىيىمنى ئوتتۇز نەچچە ياشلىقلار كىيسە بولغۇدەك.
— خانىم، سىز ئوتتۇز نەچچە ياش، قىرىققا كىرمىگەندەك قىلىسىز، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى بەزى داڭلىق رىياسەتچىلەر يېشى قىرىقتىن ئاشقان تۇرۇقلۇق ئېكرانغا ئون نەچچە ياشلىق قىزلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ چىقىۋاتامدۇ؟ — دېدى پىركازچىك يېقىملىق ئاھاڭدا.
— مەن تېلېۋىزىيە چولپىنى بولمىسام.
— شۇڭا، سىز ئۇنداق كىيىملەرنى ئالماڭ، ماۋۇنىڭغا ئوخشاش كاستۇم ـ يوپكىلاردىن ئېلىڭ، — پىركازچىك بۇنداق نەچچە مىڭ يۈەنلىك داڭلىق ماركىلىق كاستۇم ـ يوپكىنى ئەلۋەتتە

سىتىۋېلىشنى ئويلايدۇ ـ دە.

— ھامما، سىز بۇنى كىيىپ، سۇك جېن بىلەن بىرگە سىرتقا چىقسىڭىز ھېچكىم سىزنى ئۇنىڭ ئاپىسى دېمەيدۇ، — خۇا جىڭجىڭ ھەدەپ خۇشامەت قىلغىلى تۇردى، — ئۇلار سىزنى ئۇنىڭ ھەدىسى دەپ قالىدۇ.

سۇك خانىم كۈلۈپ قويۇپ، ئەينەك ئالدىدا ئالدى ـ كەينىگە قاراپ كەتتى:

— بۇ كىيىم بەك گۈللۈكمۇ، قانداق؟

— بۇ يىل يوغان گۈللۈك كىيىملەر مودا بولدى، — دېدى پىركازچىك، — ئەتىرگۈللۈك، ئاپتاپپەرەس، كۆركۆم گۈللۈك... كىيىملەر مودا بولدى.

— ھامما، ماۋۇ كىچىك گۈللۈك كىيىم بەك پاكىز كۆرۈنىدىكەن، سىزگە تازا مۇۋاپىق كەلگۈدەك، كىيىپ باقامسىز؟ خېنىم، ھال رەڭلىكنى ئېلىپ بېرىڭا، بەك گۈللۈك، بەك قىزىل بولۇپ كەتمىسۇن!

سۇك خانىم ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

سۇك خانىم جەمئىي تۆت قۇر كىيىم سېتىۋېلىپ، ئىككى قۇرنى خۇا جىڭجىڭغا ئېلىپ بەردى، بىرى كاستۇم ـ يوپكا، يەنە بىرى باھاسى ئون مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان مۇراسىم كىيىمى ئىدى.

خۇا جىڭجىڭ بۇلارنى ئېلىشقا قوشۇلمىدى، ئىككى كىيىمنى قوشقاندا يىگىرمە مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى.

— بۇنى ئالمىسىڭىز گېپىمنى ئاڭلىمىدى دەيمەن جۇمۇ، — دېدى سۇك خانىم، — سىز يەنە مەنسىگە بىرنەچچە قۇر كۆڭلەك ئېلىشىپ بېرىسىز، ھال رەڭلىك، پاسونى ئاددىي بولسۇن، ئۇ تېخى كىچىك، بەك ئالىي سۈپەتلىك كىيىملەرنى ئالمىساقمۇ بولىدۇ، تاللىشىپ بېرەمسىز؟

خۇا جىڭجىڭ كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇلار بازاردىن قايتىپ، چايخانىغا كىردى.

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى سىز بىلەن بىرگە يۈرۈپ كۆڭلۈم

ئېچىلىپ قالدى، — دېدى سۈك خانىم لېمون چېيىدىن ئوتلاپ، — بولۇپمۇ ئالغان كىيىملىرىمدىن بەك رازى بولدۇم، ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ كىيىم سېتىۋالمىغانىدىم.

— ئادەتتە كۆپ ۋاقىتلاردا خانىملار بىلەن بىرگە نەرسە سېتىۋېلىشقا بارامتىڭىز؟

— بەك ئاز، كۆپ ۋاقىتلاردا قارتا ئوينايمەن، نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى چىققاندا مەنسىنى ياكى جىن ھاممىنى باشلىۋالىمەن. جىن ھاممىنىڭ كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ بولغىنى بىلەن جىق ئوقۇمىغاچقا، نەرسە سېتىۋېلىشنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ.

— مەنسىنىڭ كۆزى خېلى مال تونۇيدىغاندۇ؟

— ئۇ ئەلۋەتتە جىن ھاممىدىن كۆپ ياخشى، بىراق بەك ياۋاش، قانداق كىيىم ئېلىپ بەرسە شۇنى كىيىدۇ، ھەرگىز تاللىمايدۇ. بىراق ھەر قېتىم كىيىم سېتىۋېلىشقا چىققاندا ئۇنىڭغا كىيىم تاللايمەن، ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ باقمەن دەپ ھېرىپ قالىمەن ... سىز بىلەن بازارغا چىقىپ، ماڭا ئوبدان تاللىشىپ بەردىڭىز، ھېرىپ - چارچاپ قالمىدىم، مۇۋاپىق نەرسىلەرنى ئالدىم.

— مېنى گېپى جىقكەن دەپ قالمىغانسىز؟

— نېمىشقا ئۇنداق دېگۈدەكمەن؟ مەن مەنسىنىڭ مال تونۇمايدىغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇ ھەممە ئىشتا ماڭا يۆلىنىۋېلىپ، مېنى ھارغۇزۇپ قويدى، — سۈك خانىم خۇا جىڭجىڭنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويدى، — بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا كۆپرەك ھەمراھ بولۇڭ، بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە خۇشاللىق بىلەن ھەمراھ بولىمەن، بىراق...

— نېمە بىراق؟ گېپىڭىز بولسا دەۋەرمەمسىز؟ ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇممۇ؟ قېرى خوتۇنلارغا ھەمراھ بولسا زېرىكىشلىكمىكەن؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ھاما. مەن باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

— نېمىگە سۆز ـ چۆچەك قىلغۇدەك؟

— سىزگە ھەمراھ بولۇپ بىللەبازارغا چىقسام، باشقىلار مېنى سىزگە خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ قالارمىكىن؟

— كىممۇ بۇنداق تېتىقسىز گەپلەرنى قىلار؟ — دېدى سۇلۇك خانىم، — بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولساق خۇشامەت قىلغانلىق بولامدىكەن؟

— ھامما، مەن سۇلۇك جېنىنىڭ خوتۇنى ئەمەس، بولغۇسى خوتۇنىمۇ ئەمەس، مەن پەقەت ئۇنىڭ دوستى. قائىدە بويىچە مەن ئۇيۇغۇرلارغا دائىم بېرىۋالماسلىقىم كېرەك ئىدى. بەلكىم سۇلۇك تاغام بىلەن جىن ھاممىمۇ مۇشۇنداق قارايدىغاندۇ.

— ھە راست! — سۇلۇك خانىمنىڭ كاللىسىغا بىر ئىش كېلىپ، قولىدىكى ئىستاكاننى شىرەگە قويدى ۋە ئىككى قولىنى قايچىلاشتۇرۇپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سورىدى، — سۇلۇك جېن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداقراق؟

— بەك ياخشى! ئۇنىڭ مەندىن باشقا قىز دوستى يوق، مېنىڭمۇ ئۇنىڭدىن باشقا ئوغۇل دوستۇم يوق.

— سىز ئوغلۇمنى راستىنىلا ياخشى كۆرەمسىز؟

خۇا جىڭجىڭ ئازراقمۇ خىجىل بولماي، بىمالال باش لىڭشىتتى.

— سىز ئوغلۇم ئارىلاشقان بىردىنبىر قىز، شۇڭا ئۇمۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ سىزگە توي قىلىش تەكلىپى قويدىمۇ؟

خۇا جىڭجىڭ بېشىنى چايقىدى:

— شۇڭا، مەن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئىشەنچ قىلالمايمەن، — دېدى ئۇ.

— سىز بۇنداق مەيۈسلەنمەڭ. ئوغلۇم خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، مۇھەببەتكە كۆڭۈل بۆلەلمەيۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇ ئۆيلىنىشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىدى. مەن، كەسىپمۇ، مۇھەببەتمۇ ئوخشاشلا مۇھىم، دەپ سەمىگە سېلىپ قوياي. قاچانراقتا توي قىلىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ نۇرغۇن قىزلار بالدۇر توي قىلىشنى

خالىمايدىغان بولۇپ كەتتى.

— مەن باشقا قىزلارغا ئوخشىمايمەن، مەن ئايال خوجايىن بولۇشنى بەك ياخشى كۆرىمەن. كەسپكە بېرىلىپ كەتمەيمەن، ھەتتا قىزىقمايمەن دېسەممۇ بولىدۇ، شۇڭا دادام مېنىڭ شىركەتكە بېرىپ ياردەملىشىشىمنى ئېيتقاندىمۇ بارمىدىم.

— سىز تېپىلغۇسىز ياخشى قىز ئىكەنسىز، كۆيۈمچان خوتۇن، مېھرىبان ئانا بولۇشنى خالايدىغانلار تولىمۇ ئاز، — سۇڭ خانىم خۇشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى، — سۇڭ جېنىمۇ كىچىك ئەمەس، ئۆيلىنىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان پاراڭلاشمىسام بولمىدى. ئەگەر سىز سۇڭ جېنغا ياتلىق بولۇپ، ماڭا ھەمراھ بولىدىغان بولسىڭىز ھېچكىم سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن سۆز - چۆچەك قىلىشمايدۇ، سىزنى ۋاپادار ئايال دەپ تەرىپلەيدۇ.

سۇڭ ئەپەندى بىلەن سۇڭ جېن پەقەت خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىنلا خۇسۇسىي ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشالايتتى.

— يېقىندىن بېرى خۇا جىڭجىڭ كۆندە دېگۈدەك بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ — دېدى سۇڭ ئەپەندى.

— ئۇ، مەن بىكار بولغاندىكىن ھامماملا ھەمراھ بولاي، دەيدۇ.

— ئۇ بۇرۇنمۇ بىكار ئىدى، بىراق ئۇ چاغلاردا سەن ئۆيدە بولمىساڭ ھەرگىز ئۆيىمىزگە كەلمەيتتى، ئاپاڭ بىلەن بازارغا چىقىدىغان ئىشلارغۇ تېخىمۇ يوق ئىدى.

— دادا! سىز بىرەر ئىشنى سېزىپ قالدىڭىزمۇ، قانداق؟ — سۇڭ جېن ھۆججەتلەرنى ھۆججەتساندۇقىغا سېلىۋېتىپ، ماشىنا ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئارام ئالغاچ سورىدى.

— مەن ئۇنى ئاپاڭغا ياخشى كۆرۈنۈپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتامدىكىن دەيمەن.

— ئۇ بۇنداق قىلىپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى بولغىيتتى؟

— ناھايىتى ئېنىق تۇرامدۇ، ئۇ سۇڭ ئائىلىمىزگە ياتلىق

بولماقچى.

— ئۇ بىزنىڭ مۇشۇ يىرىم يىل ئىچىدە ھەرگىز توي قىلالمايدىغانلىقىمىزنى، مېنىڭ توي قىلىش، شېرىن ئاي سەپىرى ئۆتكۈزۈشكە ۋاقتىم چىقمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

— گېپىڭچە، ئەگەر شارائىت يار بەرسە، ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچىمىدىڭ؟

— چوقۇم شۇنداق قىلاتتىم، ئۇ ماڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ، تەقى - تۇرقىمۇ، ئەخلاق - پەزىلىتىمۇ ياخشى، ئاپاممۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ!

— ئادەم ئۆزى ياخشى بولسىلا، تەقى - تۇرقى، چىراي - شەكلى دېگەنلەر چاغلىق ئىش.

— توغرا! ئادەمنىڭ چىراي - شەكلى جايىدا بولۇشى كېرەك، بىراق بىرلىكتە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈشتە قەلب گۈزەللىكى ھەممىدىن مۇھىم.

— سىلەر تونۇشقىلى بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالدى، بىراق سىلەرنىڭ كۆرۈشكەن، بىرگە بولغان ۋاقتىڭلار بەك ئاز، سەن ئۇنى قانچىلىك چۈشەندىڭ؟

سۇڭ جېن ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى، دېمىسىمۇ ئۇلار ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە بىرگە تاماق يەيدۇ، كىنو كۆرىدۇ، تانسىخانىغا بارىدۇ، ئۆزئارا چۈشىنىشىدىغانغا نەدىكى ۋاقىت؟ ئۇ پەقەت خۇا جىڭجىڭنىڭ ئۇنىڭ رايىغا باقىدىغانلىقىنىلا بىلەتتى:

— ئۇ ماڭا بەك ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ، بىراق ئۇنى ئانچە چوڭقۇر چۈشەنمەيمەن.

— شىركىتىمىزدىكى شۇ دىرېكتورنىڭ نىكاھ تىراگېدىيىسىنى سەنمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ؟

— شۇ دىرېكتور تېخى ياش، كەسپتە تىرىشچان ئىدى، بەك ئۇۋال بوپتۇ.

— ئۇنىڭغا خوتۇنى زىيانكەشلىك قىلغان.

— ھەي! — سۇڭ جېن ئۇھ تارتىپ قويدى.

— شۇ خانىم توي قىلىشتىن بۇرۇن مۇلايىم، قائىدە - يوسۇنلۇق، ئاغزى يۇمشاق، كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ ئايال ئىدى، شىركەتكە كېلىپ، شۇ دىرېكتورنىڭ خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيتتى. توي قىلغاندىن كېيىن باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ كەتتى، كۆكەرمە، كۆزى كىچىك، ھەسەتخور، گۇمانخور بولۇپ قالدى، كۈندە شىركەتكە نەچچە رەت تېلېفون قىلىپ، شۇ دىرېكتورنىڭ دېرىكىنى قىلىدۇ، شۇ دىرېكتور بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ بوغۇلۇپ قالاي دېدى.

— ئۆيگە قايتىسىمۇ ئۇنىڭغا ئۇيقۇ يوق ئىكەن - دە؟ — شۇ دىرېكتورنىڭ تراگېدىيىسى سۇڭ جېن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى.

— شۇ دىرېكتور ئۆيگە 15 مىنۇت كېچىكىپ قالسىمۇ شۇ خانىم ئۇنى، سىرتتا ئاشناڭ بىلەن ئويناپ كەلدىڭ، دەپ كېچە - كۈندۈز تىللايدىكەن، شۇ دىرېكتورنىڭ روھى كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ كېتىپتۇ.

— ئۇ ئىش مەن يىللىق خۇلاسە يىغىنى ئېچىشتىن بىر كۈن بۇرۇن كەچتە يۈز بەرگەنىدى، — دېدى سۇڭ جېن ئەسلەپ.

— شۇنداق! ئۇ يىغىندا سۆز قىلماقچى بولۇپ ماتېرىيال تەييارلاۋاتقاندا، خوتۇنى ئۇنى مەن بىلەن ئۆيگە قايت دەپ تۇرۇۋاپتۇ، ئۇ ئەلۋەتتە بالدۇر قايتالمايدۇ - دە، خوتۇنى ئۇنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تىللاپ كېتىپتۇ، شۇ دىرېكتور ئاچچىققا چىدىماي ئۇنى ئىشخانىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپتۇ، ئۇ كۈچەپ ئىتتىرگەن بولسا كېرەك، شۇ خانىمنىڭ بېشى تامغا تېگىپ كېتىپتۇ ... شۇ دىرېكتور شۇنداق قىلىپ، قەستەن ئادەم يارىلاندۇرغان دەپ سوتقا ئەرز قىلىنىپتۇ.

— نېمىدېگەن ئۇۋالچىلىق بۇ.

— ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمىغا مەنمۇ قاتناشقان، شۇ خانىمنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا، ماڭا ھازازۇل خوتۇندەك كۆرۈنگەنىدى، بىراق ھەممە ئادەم ئۇنى قوزىدەك مۇلايىم ئايال دېيىشىدىكەن، —

سۇك ئەپەندى ئۇھ تارتىپ قويدى، — نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ پارىڭىنى قىلىپ بېرىۋاتىمەن، بىلەمسەن؟

— ھە ··· خوتۇن ئىپلىشتا ئىپتىياتچان بول دېمەكچىغۇسىز!

— تويى قىلىشتىن ئاۋۋال ئوبدان كۆزىتىش، ئوبدان چۈشىنىش كېرەك، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ باھا بېرىشكە بولمايدۇ، مۇلايىم كۆرۈنگەن ئاياللار ۋاقتى كەلگەندە تازا جادۇگەر خوتۇن بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

— شۇ خانىم شۇنداق بولدى!

— خۇا جىڭجىڭ ئىككىڭلارمۇ شۇنداق بولۇپ قالماڭلار، ساڭا ئۇنى چۈشىنىشكە پۇرسەت چىقمىدى، سەن ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى پەقەتلا بىلمەيسەن.

— دادا! دەسلەپتىلا شۇ خانىمنىڭ ھازازۇل خوتۇن ئىكەنلىكىنى بايقاپتىكەنسىز، سىزنىڭچە جىڭجىڭ قانداقراق؟

— دېمەيلا قوياي، — سۇك ئەپەندى لېۋىنى چىشلەپ قويدى، — ئاپاڭ ئىككىڭلار مېنى خۇا جىڭجىڭغا باشقىچە قارايسەن دەيسىلەر.

— دادا! مەن ئۇنداق ھاماقەتلەردىن ئەمەس، چوقۇم دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلماسلىقىم مۇمكىن. بىراق سۆزىڭىزدىن پايدىلىنىمەن، سىزمۇ مېنىڭ ئىككىنچى شۇ دىرېكتور بولۇپ قېلىشىمنى خالىمايدىغانسىز؟

— خۇا جىڭجىڭنىڭ مىجەزى ئوسال ئىكەن، ئوڭاي ئاچچىقلىنىدىكەن. بىراق سەن ئۇنى مۇلايىم، كۆيۈمچان دەۋاتىسەن، راستىنلا شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەمسەن؟

— چوقۇم ئىسپات تاپالايمەن ··· — سۇك جېن بېشىنى لىڭشىتتى.

سۇك جېن ئۆيگە قايتىپ كەلدى، خۇا جىڭجىڭ كۆرۈنمەيتتى.

— ئاپا! جىڭجىڭ بۈگۈن سىز بىلەن بىرگە بازارغا

بارماقچىدىڭىزمۇ؟ — سوۇك جېنى ئالدىراپ سورىدى.

— باردۇق! نۇرغۇن نەرسە سېتىۋالدۇق، ساڭىمۇ چىرايلىق كۆڭلەك ئالدىم.

— جىڭجىلىڭ قېنى؟ — يېقىندىن بېرى خۇا جىڭجىلىڭ كۈندە دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تاماق يەۋاتاتتى.

— ئۆيىگە كەتتى، ئاپىسى بىلەن بىرگە تاماق يېگۈدەك، ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋاقتى ئاز ئىكەن، ئۇ بەك ۋاپادار قىز ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— شۇنداقمۇ؟ — سوۇك جېنى سەل مەيۈسلەنگەندەك بولدى.

— بالام، ئىچكىرى ئۆيگە كىرگىنە، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، — سوۇك خانىم جىنى ھامىنىغا پىرەنىكلەرنى ئىچكىرى ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

— ئاپا، نېمە گېپىڭىز بار؟ — سوۇك جېنى كاستۇمىنى يېشىپ، گالستۇكىنى ئېلىۋەتتى.

— مۇھىم گېپىم بولمىسا سەن بىلەن پاراڭلاشقىلىمۇ بولمامدۇ؟ ئاران بىر ئۆيگە تاماققا قايتىپسەن.

ئەسلىدە، خۇا جىڭجىلىڭ ئۆيگە قايتىش توغرۇلۇق سوۇك خانىم بىلەن كېلىشىۋالغانىدى، چۈنكى ئۇ بۇ يەردە بولسا، سوۇك خانىم ئۇنىڭغا گەپ قىلالمايتتى.

— بولىدۇ، ئاپا، سىز خۇشال بولىدىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە بىر كېچە ھەمراھ بولاي، نېمە گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، — سوۇك جېنى ئاپىسىغا ئەركىلىدى.

— بىر كېچە گەپ قىلسام ئىچىڭ پۇشمامدۇ؟ چاققان بولارنى يە، يېگەچ پاراڭلىشايلى، — سوۇك خانىم ئوغلىغا قاراپ تېخىمۇ خۇشال بولدى، ئەسلىدىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە خۇا جىڭجىلىڭ ئۇنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋاتاتتى، — بالام، سەن جىڭجىلىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بېرى، باشقا قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ باقمىدىڭمۇ؟

— ئاپا، ئەمەلىيەتتە مەن جىڭجىلىڭ بىلەن تونۇشماستىمۇ باشقا قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ باقمىغان تۇرسام.

— خـۇا جىڭجىڭغا كۆڭلۈك چۈشۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ شۇنىڭغا باشقا قىزلار كۆڭلۈڭگە ياقمايۋاتامدۇ؟

— قىزلار بىلەن ئارىلاشقۇدەك نەدە ۋاقىت دەيسىز، ئاپا!

— جىڭجىڭچۇ؟ ئۇ قىز ئەمەسمۇ؟

— ئـاپا، سىزگە ئېيتقاندىمەن، ئۇ ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى، قوپاللىراق ئېيتسام، ئۇ مېنىڭ ئارقامغا كىرىۋالدى، ماڭا چاپلىشىۋالدى، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان نەدە ۋاقتىم دەيسىز؟

— نېمە؟ ئەسلىدە ئۇ ئۆزى ساڭا تارتىشىپ يۈرۈپتۇ ـ دە، سەن ئۇنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەمسەن؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىلىمۇ بىرنەچچە ئاي بـولـدى، ئـۇنـىڭغا مېھرىم چۈشۈپ قالدى، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئـۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىمۇ، ئەخلاق ـ پەزىلىتىمۇ ياخشى ئـىكەن، بۇرۇن كـىيـىنىشى كۆزۈمگە سىغمايتتى، ھازىر ئۇنداق كىيمەيدىغان بولدى.

— ئۇنىڭ چىراي شەكلى، تەقى ـ تۇرقى 80 نومۇرغا يارىسا، بەك ياخشىكەن، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ھازىرچە بەك ياخشى، 100 نومۇرغا ئەرزىيدۇ.

— شۇ، تولۇق نومۇرلۇق قىز ئىكەن، — سۇك خانىم خۇشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى، — جىڭجىڭ سېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، سەنمۇ ئـۇنــىـڭغا يۇقىرى باھا بەردىڭ. ئوغلۇم، بۇ يىل 26 ياشتىن ئاشتىڭ، كېلەر يىلى 28 ياشقا كىرىسەن، ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىڭ بولدى!

— شۇنداق، ئاپا! — سۇك جىن پىرەنىك يېقەچ ئاپىسىنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى.

— ئوغلۇم، — سۇك خانىم ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى، — جىڭجىڭ بىلەن توي قىل، بولامدۇ؟

— توي قىلىمەن؟ ھازىر قانداق توي قىلغىلى بولىدۇ؟

— نېمىشقا بولمىغۇدەك، بايىلا ماقۇل بولۇۋاتقانىدىڭغۇ؟
— ماقۇل بولغىنىم يېرىم يىلدىن كېيىنكى ئىش.
— يەنە يېرىم يىلدىن كېيىن؟ نېمىشقا ئەمدى؟ — سۇڭ خانىم ئەنسىرەپ قالدى، قاپىقىمۇ تۈرۈلدى.
— ئىككى سەۋەب بار: بىرى، ھازىر توي قىلغۇدەك ۋاقتىم يوق، بىر ئايدىن كېيىن شىركەتنىڭ ئىشى بىلەن دادام ئىككىمىز ئامېرىكا، كاناداغا بارىمىز. ئىككىنچىدىن، جىڭجىڭ ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىشكۈدەك ۋاقىت بولمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئاپا - دادىلىرى بىلەن بىر ۋاخ تاماقتا بىرگە بولغۇدەكمۇ پۇرسەت بولمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ئالدىراپ توي قىلالايمەن؟
— شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ، ئەمىسە بىر يېرىم يىلدىن كېيىن توي قىلساڭمۇ كېچىكمىگۈدەكسەن، بىراق جىڭجىڭغا چاي ئىچۈرۈپ قويساق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟
— ئاپا، چاي ئىچۈرۈپ قويغان بىلەن توي قىلغانىنىڭ نېمە پەرقى؟
— پەرقى بار، توي قىلساڭ، بىر ئائىلە كىشىسى بولىسىلەر، چىقىشالىساڭمۇ، چىقىشالمىساڭمۇ چىشىڭنى چىشلەپ ئۆتىسەن، خۇداغا شۈكۈر، بىزنىڭ سۇڭ جەمەتىمىزدە ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىگە بەك كۆيۈمچان، ئاجراشقانلار يوق. چاي ئىچۈرۈش ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. توي خېتى ئالمايسەن، مۇراسىم ئۆتكۈزمەيسەن، كېلىشەلمىسەڭ، دەرھال ئايرىلىپ كەتسەڭ بولىۋېرىدۇ.
— ئەمەلىيەتتە پەقەت قانۇنىي جەھەتتە پەرقلىنىدۇ، چاي ئىچۈرۈشنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى بولمايدۇ، بىراق ئايرىلىپ كەتسە ۋىجدان ئازابى تارتىدىغان گەپ، بۇنداق ئوشۇقچە ئىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
— بىراق سەن جىڭجىڭنى ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئارقاڭغا سېلىپ يۈرسەڭ بولمايدۇ - دە!
— ئۇنى ئارقامغا سېلىپ يۈرمىدىم. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىلكى تورى

پاك مۇناسىۋەت، مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ۋەدە بەرمىدىم. مەن ئۇنى ئالىمەن دېمىدىم، بىز پەقەت ياخشى دوستلار، ئاشىق ـ مەشۇقلار دېسەممۇ بولىدۇ.

— بىراق سەن ئۇنىڭغا بىرەر نام بېرىش كېرەك دەپ قارىمامسەن؟ ئۇ يېقىندىن بېرى دائىم كېلىۋاتىدۇ، ماڭا ھەمراھ بولۇپ سىرتلارغا چىقىۋاتىدۇ، بازارغا چىقىپ نەرسە ـ كېرەك ئېلىشىپ بېرىۋاتىدۇ.

— ئۇنى ئوغلىڭىزنىڭ دوستى دەپلا قاراڭ.

— بولغۇسى خوتۇنۇم دەپ قويساڭمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇنداق دېسەڭ، ئۇ قىز خاتىرجەم يۈرگەن بولاتتى.

— ئاپا! سىلەر دائىم خوتۇن ئالساڭ قىز ئال، دەيسىلەر، مەن ئۇنى تېخى ئوبدان چۈشەنمىسەم، ئۇنىڭغا چاي ئىچۈرۈپ قويساڭلار، كەلگۈسىدە بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ ئايرىلىپ كېتىشكە توغرا كەلسە، تېخىمۇ چوڭ ئاۋارىچىلىك بولمامدۇ؟

سۈك خانىممۇ شۇنداق ئويلايتتى، خوتۇن بىر ئەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ ئەزەلدىن ئوغلىغا كۆيۈنەتتى، ئوغلىنى ئۇسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى خالىمايتتى.

— گېپىڭ ئورۇنلۇق. ھەي! بىراق مەن ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيۋاتىمەن.

— نېمىنى چۈشەندۈرىسىز؟

— ھېچنېمە! پىرەنىكنى بەك جىق يەۋالما، كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى …

ئەتىسى، خۇا جىڭجىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن يېتىپ كەلدى، ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ يەرگە كېلىشكە باھانە تېپىپ تۇراتتى.

— ھاما، ماۋۇ خرۇستال لوڭقا چىرايلىقمىكەن؟ — ئۇ سۈك خانىمغا بىر لوڭقا ئېلىپ كەلگەنىدى.

— بەك چىرايلىق ئىكەن، بىراق نېمىشقا …

— تۇنۇگۈن سىز ماڭا ئۆيدىكى خرۇستال لوڭقىنى ئالماشتۇرۇۋەتسەم بولاتتى، دېگەنىدىڭىز، بىرنەچچە ماگىزىنغا

كىرىپ سىزگە يارىغۇدەكنى تاپالمىغان. تۇنۇگۈن كەچتە ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن يىلى مەن ۋېنېتسىيىدىن سېتىۋالغان مۇشۇ لوڭقا ئېسىمگە كېلىپ قالدى، شۇڭا بۈگۈن بۇنى ئالغاچ كەلدىم. هاما، سىزگە يارىدىمۇ؟

— يارىمامدىغان، ھەم چىرايلىق، ھەم ئېسىل ئىكەن، بىراق مەن دائىم نەرسىڭىزنى ئېلىۋەرسەم بولمايدۇ ـ دە، سىز ماڭا بەك ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتىسىز، مېنى بەك خىجىل قىلىپ قويدىڭىز!

— هاما، تۇزۇت قىلىپ كەتمەڭە، بىر لوڭقىغۇ شۇ!

سۇڭ خانىم ئۇيان ـ بۇيان ئايلىنىپ يۈرۈپ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىدى، ئۇ ئاخىر سۇڭ جېنىنىڭ هازىرچە چاي ئىچۈرۈش نىيىتى يوقلۇقىنى بىرنېمىلەرنى قىلىپ، خۇا جىڭجىڭغا ئېيتتى.

خۇا جىڭجىڭنىڭ بۇنى ئاڭلاپ غەزىپى قاينىدى، ئۇنىڭ خېلى كۈنلەردىن بېرى تۆككەن قان ـ تەرى بىكار كەتكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇڭ خانىمغا ھەمراھ بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 5

خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننى قولغا كەلتۈرۈشتە پەقەت ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا تايىنىشقا بولمايدىغانلىقى، پەقەت ئۆز كۈچىگە تايىنىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

بۈگۈن شەنبە، جۇاڭ مەنسى دېرىزە ئالدىدا ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ دېرىزىدىن سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بويىغا قاراپ ئولتۇردى، سۇڭ جېن بىلەن خۇا جىڭجىڭ ئويۇن ئويناۋاتاتتى.

خۇا جىڭجىڭنىڭ ئۈچىسىدا قارا رەڭلىك سۇ ئۈزۈش كىيىمى، ئىنتايىن جەلپكار كۆرۈنەتتى.

جۇاڭ مەنسى خۇا جىڭجىڭنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىن بولىدىغانلىقىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم ئۇنىڭ سۇڭ جېنغا يېقىنچىلىق قىلىۋاتقىنىنى كۆرگىنىدە كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالاتتى.

جۇاڭ مەنسى ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىنى كونترول قىلىۋالغان بولسىمۇ، سۇڭ جېننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى، پەقەت سۇڭ جېن توي قىلغاندىلا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئىدى.

— مەنسى! — خۇا شاڭچيەن ئۇنىڭ مورىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — بىزمۇ سۇ ئۈزەمدۇق؟

— مەن ئەتىگەنلا سۇ ئۈزگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئۇلارغا توسالغۇ بولغۇم يوق! — مەنسى بېشىنى چايقىدى.

— ھەدەم سۇڭ جېن ئاكامغا تازا ماس كەلگەن ـ ھە! — خۇا شاڭچيەنمۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى.

— شۇنداق! — دېدى مەنسى غەمكىنلىك بىلەن، چۈنكى، ئۇلار پەقەت تاشقى جەھەتتىلا ماس كېلەتتى.

— سۇ ئۈزگۈڭىز بولمىسا قارتا ئوينايلى.

— ياق! مەن دائىم ئۇتتۇرۇپ قويىمەن. ئويۇننىڭ ھەممىسى

سىزگە چىقىدۇ.
— ئەمىسە توپ سوقۇشتۇرۇپ ئوينايلى، بولامدۇ؟
مەنسى سىرتقا قارىدى، سۇڭ جېن بىلەن خۇا جىڭجىڭ سۇدا قوغلىشىپ ئويناۋاتاتتى.
ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇش تولىمۇ ئازابلىق ئىدى، ئۇنىڭدىن كۆرە توپ سوقۇشتۇرۇپ ئوينىغان تۈزۈكتەك قىلاتتى.
سۇڭ جېن بىلەن خۇا جىڭجىڭ قوغلىشىپ ئوينىغاندا خۇا جىڭجىڭ دائىم يېڭىلىپ قالاتتى، ئۇ ئورنىدا تۇرۇۋېلىپ، كۆلچەك بويىدا سۇڭ جېنغا سۇ چاچاتتى.
— بەشىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش تېخى ئاياغلاشمىغان تۇرسا، نېمىشقا توختىۋالىسىز؟ — سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭنىڭ قېشىغا ئۈزۈپ كەلدى.
— سىزدەك ئۈزەلمىسەم، مېنى بوزەك قىلىدىكەنسىز، — دېدى خۇا جىڭجىڭ، — بىلىپ تۇرۇپ قوغلايدىكەنسىز، پەقەت مەنسىلا سىزگە تەڭ كېلەلىگۈدەك!
— كۆپرەك مەشىق قىلىسىڭىز سىزمۇ تەڭ كېلەلەيسىز!
— بىردەم قوغلاشمايلى! — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننىڭ بوينىغا گىرە سالدى، — ھېرىپ قالدىم!
— قىرغاققا چىقىپ ئىچىملىك ئىچەيلى.
— چىقمايمەن، سۇ راھەت تۇرسا! — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننىڭ مەيدىسىنى يېقىملىق سىلىدى، — سىز بەك كۈچلۈك ـ ھە، قاراڭ، مۇسكۇللىرىڭىزنىڭ چىڭلىقىنى!
— مەن كىچىكىمدىنلا ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتىم، — سۇڭ جېن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.
— مەن بويى ئېگىز، قاۋۇل يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىمەن، ھەقىقىي ئەركەك شۇنداق بولىدۇ، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننى قۇچاقلىدى، لېۋىمۇ تەبىئىيلا سۇڭ جېننىڭ لېۋىگە يېقىلدى، سۇڭ جېن قورۇنۇپ، ئۆزىنى تارتتى.
— جىڭجىڭ، — دېدى ئۇ خىرە ـ شىرە، — كۆپكۆندۈزدە

www.uyghurkitap.com

بۇنداق قىلماڭ!

— ئۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ؟ — خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلىشىپ، قويۇۋەتكۈسى كەلمىدى. ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، داۋاملىق سۆيمەكچى بولدى.

— بىرەرى چىقىپ قالىدۇ، — سۇڭ جېن كىمنىڭ چىقىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدىغان دانىشمەنلەردىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ سەزگۈر ئىدى.

— كىم چىقاتتى؟

— جېن ھامامىلار ...

— نېمە! — خۇا جىڭجىڭ سۇ ئىچىدە سۇڭ جېننىڭ پۇتىنى پۇتى بىلەن چىرمىۋالدى، — ئۇ دېگەن خىزمەتكارغۇ، نېمە كارىمىز.

— بىز ئۇنى خىزمەتكار قاتارىدا كۆرمەيمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە دادام - ئاپاملار دېرىزىدىن كۆرۈپ قالىدۇ.

— بىردەم ئۇنىڭدىن - بىردەم بۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈرىمەن، بىلمەمەن، ئۆيۈڭلەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى ياقتۇرمايدۇ، بولۇپمۇ دادىڭىز بىلەن جېن ھاممىڭىز، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننى ئىتتىرىۋېتىپ، سۇ ئۈزۈپ كەتتى.

— جىڭجىڭ، جىڭجىڭ ... — سۇڭ جېن توۋلىغىنىچە جىڭجىڭنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، ئۇ قىزلارنىڭ تەلپىنى رەت قىلىشنىڭ جىنايەت بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

خۇا جىڭجىڭ سۇدىن چىقىپ، قىرغاقتىكى كۈنلۈكنىڭ ئاستىدا ئولتۇردى. سۇڭ جېنمۇ ئالدىراپ سۇدىن چىقتى.

— جىڭجىڭ، خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئۇنداق ئوڭاي ئاچچىقلىنىدىغان بولسام سىز بىلەن قانداقمۇ چىقىشىپ يۈرەلەيمەن؟ — ئۇ لۆڭگە بىلەن بەدىنىنى سۈرتۈۋاتاتتى، ئۇ ئامال بار ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشاتتى.

— خاپا بولمىغان بولسىڭىزلا بولدى، — سۇڭ جېن ئۇنىڭ قولىغا ئۆرۈپ قويۇپ، يەنە بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، —

يىگىتلەرمۇ سىزدەك كەڭ قورساق ئەمەس جۇمۇ!
— بولدى، پۈتۈمغا ھۆل خىش قويماڭ، — خۇا جىڭجىڭ ئۈنىڭغا ئالايدى، — مەنمۇ راست گەپنى قىلىۋاتىمەنغۇ، دادىڭىز بىلەن جىن ھامما مېنى ياقتۇرمايدۇ.
— ئۇنداق ئەمەس، بىراق ئاپامنىڭ سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى راست. ئەمەلىيەتتە ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ، پەقەت دەرىجىسى ئوخشاشمايدۇ!
— مەن كىچىك بالا ئەمەس، كىمنىڭ ياقتۇرماسلىقى بىلەن كارىم يوق، يىگىتىم ياخشى كۆرسىلا بولدى!
— مەن سىزنى ياخشى كۆرمەمدىم؟
— ئىككىمىزنىڭ ياخشى كۆرۈش دەرىجىمىز ئوخشىمايدۇ، مەن ئون ھەسسە بەدەل تۆلىسەم، سىز يەتتە ھەسسە تۆلەۋاتىسىز!
— بىزگە يەنە بىر مەزگىل كېرەك، بىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا ئۇزۇن بولمىدى.
— بۇ دېگەن باھانە، ئەمەلىيەتتە سىز ئۇزۇن ۋاقىتتا تېخىمۇ كۆپ قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ باقماقچى، دادىڭىزمۇ سىز ئۇچۇن ئەلچى بولۇۋاتامدۇ؟
— مەن ھېلى ئۇ قىز، ھېلى بۇ قىز بىلەن يۈرىدىغان ئالا كۆڭۈللەردىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ قىزلار بىلەن بىرگە يۈرگۈدەك بىكار ۋاقتىممۇ يوق، — دېدى سۇڭ جېن، ئارقىدىن سىمسىز تېلېفون ئارقىلىق، خىزمەتكارلارنى ماروژنى ئاچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇدى.
خۇا جىڭجىڭ دۇنيادا مەجنۇنلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى، ئەرلەر ئاغزىدا شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويغىنى بىلەن، ئۆزى بىلگىنىنى قىلىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇڭ قېرىمۇ ئىلگىرى ئۇنىڭغا قىزلارنى تونۇشتۇرماقچى بولغان، شۇڭا جىڭجىڭ ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشى كېرەك.
خۇا جىڭجىڭمۇ ئۆز ئۇسۇلى، ئۆز ئورۇنلاشتۇرۇشى بار، ئۇ بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ پەقەت پۈرسەت كۈتۈۋاتاتتى.

— بىز بىر رومانتىك كىچە ئۆتكۈزۈپ باقساق بوپتىكەن، — خــۇا جىگجىڭ شېرىن ھېسسىياتى بىلەن سۇك جېنىنىڭ قولىنى تارتتى، — مېنىڭ ھۇجرامدا شام ياندۇرۇپ قويۇپ، كەچلىك تاماق يەيلى.

— ئۆيىڭىزدىكىلەرچۇ؟

— ئاپام، دادام تەيۋەنگە كەتتى.

— شاڭچيەن باردۇ؟

سۇك جېن خۇا شاڭچيەننىڭ دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە قىزلار بىلەن بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

— ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتسا، ئاخشىمى مەكتەپتە قونىدۇ، جۈمە كــەچتــە قــايتــىپ كېلىدۇ، شەنبە كۈنى قار مەلىكىسى بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىدۇ.

خۇا جىگجىڭنىڭ ھۇجرىسىغا كىچىك شىرە قويۇلغان، شىرە ئۈستىگە شامدان، بىر لوڭقىدا قىزىلگۈل، بىر بوتۇلكا شامپان تەييارلانغانىدى.

خــۇا جــىگجىڭ ئۈچ تال شام يېقىپ، چىراغنى ئۆچۈردى، دېرىزىدىن ئاي شولىسى چۈشۈپ، ئۆي ئىچىگە رومانتىك تۈيغۇ بېغىشلايتتى.

— قانداق؟ كەچلىك تاماق پەيزى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇمۇ؟ — سورىدى خۇا جىگجىڭ تاماق يەۋېتىپ.

— يــاخــشى بوپتۇ! ئۆيۈڭلاردىكى ئاشپەز فرانسىيە تامىقى ئېتىشنىمۇ بىلىدىكەن ـ ھە؟

— ئـۇ نـەدىـن بـىلـىدۇ؟ سـىز ئۈچۈن ئۆزۈم ئالايىتەن تەييارلىدىم.

— ۋاي، سىز تاماق ئېتىشنى بىلەمسىز؟ مەن سىزنىڭ تاماق ئــېتــەلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن، — سۇك جېن خۇشال بولــۇپ كــەتتــى، بــۇ ئــۇنــىڭ ئۈچۈن جىگجىڭنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقىدەك بىلىنىپ كەتتى.

— ئەسلىدە مەن تۇخۇممۇ پىشۇرالمايتتىم، سىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن سىزنىڭ قورساقتا ئامراق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز بەك ئالدىراش بولغاچقا، ئۆيدە بىكار ئولتۇرغۇچە تاماق ئېتىشنى ئۆگەندىم، — خۇا جىڭجىڭ ئالدىغا سوزۇلدى، — قانداق؟ قانچە نومۇر قويىسىز؟ لاياقەتلىك قورۇپتىمەنمۇ؟

— ئەگەر باشقىلار ئەتكەن بولسا، يەتمىش نومۇر قوياتتىم، سىز ئەتكەندىكىن توقسان نومۇر قوياي، ئوخشاپتۇ، بەك ئوخشاپتۇ! — سۇڭ جېن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى، ئۇ خۇا جىڭجىڭنىڭ يەنە بىر قەلب گۈزەللىكىنى ھېس قىلغانىدى.

— تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تانسا ئوينامدۇق؟

— دېسكوخانىغا بارامدۇق ياكى كەچلىك مۇراسىمخانىغا؟

— ھېچ يەرگە بارمايمىز، مۇشۇ يەردە ئوينايمىز!

— مۇشۇ يەردە؟

— ئۆيدە پاتېفونمۇ بار، ئاۋازى شۇنداق سۈزۈك، يېقىملىق پىلاستىنكىلارمۇ بار، بۇ يەر كىچىك بىلىنىۋاتامدۇ؟

— ياق، كىچىكقۇ ئەمەسكەن!

— سىزنىڭ ھۇجرىڭىز بەك چوڭ - ھە؟ بىراق ئۆيۈڭلاردا دائىم ئادەم بار، نېمە قىلساق ماراپلا يۈرىدۇ.

— دادام - ئاپاملار ئەزەلدىن مېنى باشقۇرۇپ كەتمەيدۇ. بىراق، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار تېخىمۇ ئەركىن، دېموكراتىك ئىكەن، بۇ يەردە تانسا ئوينىسىمۇ بولغۇدەك.

ئۇلار دەسلەپتە تانسا، دېسكو ئوينىدى.

— بەك ئىسسىپ كەتتىم! — خۇا جىڭجىڭ ئىسسىقتا چىدىمىغاندەك بەدىنىنى چايقىدى، ئاندىن يەنە پىۋا ئىچتى، — سىز ئىسسىمىدىڭىزمۇ؟

— ئىسسىدىم، — سۇڭ جېن ئىسسىققا چىدىمايتتى، ئادەتتە گۆشكە ئامراق ئادەم ئىسسىققا چىدىمايدۇ.

— ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئەڭ تۆۋەن قىلىپ

قويدۇم، يەنىلا ئىسسىپ كېتىۋاتىمەن، كېلىڭ، كاستۇمىڭىزنى سېلىپ قوياي، — خۇا جىڭجىڭ راستتىنلا ئۇنىڭ كاستۇمىنى سېلىپ، گالىستۇكىنىمۇ يېشىۋەتتى، — خېلى راھەتلىنىپ قالغانسىز؟ ئايىغىڭىزنىمۇ يېشىۋېتىڭ.

خۇا جىڭجىڭمۇ ئايىغىنى سېلىپ، تېپىۋەتتى، ئاندىن ئۇچىسىدىكى سىرتقى كىيىمىنى سالدى. ئىنچىكە تاسمىلىق، قىزىل يىپەك كۆڭلەكلىكى بار ئىدى، ئۇنىڭ مۈرە، دۈمبىلىرى ئوچۇق، كۆڭلەكنىڭ ياقىسى تۆۋەن ئويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچىگە لىپتىك تاقىمىغان بولغاچقا، تولىمۇ جەلپكار كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ بۇ كىيىمى ئۇخلاش كىيىمىدىن پەرقلەنمەيتتى.

خۇا جىڭجىڭ لەرزان مۇزىكىغا يۆتكەپ، كىچىك چىراغنىمۇ ئۆچۈردى، ئۆي ئىچى شام يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى.

— ھەببەللى، مۇشۇنداق قىلساق تېخىمۇ سالقىن بولىدۇ، — ئۇ سۇڭ جېنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر قولىنى بوينىغا، بىر قولىنى دۈمبىسىگە قويدى.

ئۇلار بىر - بىرىگە يۈزىنى يېقىپ تانسا ئويناۋاتاتتى.

خۇا جىڭجىڭ بەدىنىنى سۇڭ جېنغا مەھكەم چاپلىۋىدى، سۇڭ جېنىنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوت بولۇپ كەتتى.

جىڭجىڭنىڭ لىۋىمۇ ئاستا جايىنى تاپتى، لەۋلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى.

سۇڭ جېن ئەقىللىق يىگىت ئىدى. بىراق، خۇا جىڭجىڭنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتى تەپتىدە ئۇنىڭ روھى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، ئۆزىنى كونترول قىلالماي، خۇا جىڭجىڭنى بېشىدىن مەھكەم تۇتۇپ، ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى.

خۇا جىڭجىڭمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بىر تەرەپتىن پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن سۇڭ جېننى سۆيۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن سۇڭ جېنىنىڭ كۆڭلىكىنى يېشىپ، بەدىنىنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇ سۇڭ جېننى ئاستا - ئاستا كارىۋات تەرەپكە ئىتتىرىپ كېلىپ، كارىۋاتقا تاشلاندى، ئۇنىڭ قىزىل كۆڭلىكىمۇ يەرگە سىيرىلىپ



www.uyghurkitap.com

چۈشتى ...

ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سۇك جېن ئۆزىنىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويغانلىقىدىن ئۇھ تارتتى.

— پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟ — خۇا جىڭجىڭ ئۆرۈلۈپ، سۇك جېننى ئۆزىگە قاراتتى، — رازى بولمىدىڭىزمۇ؟ مېنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

— نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن؟ — سۇك جېن ئۇنىڭ مۇرىسىنى سىلىدى، — ئۆزۈمنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىمنىڭ يوقلۇقىدىن كۆرۈۋاتىمەن، بايا مەن سىزگە چېقىلماسلىقىم كېرەك ئىدى!

— مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ بۇنداق بىر جان- بىر تەنگە ئايلىنىشى ئىشقى ھەۋەسنىڭ بىردەكلىكىدىن بولىدۇ. نېمىشقا ئۇ ئىشنى بىسىم قىلىۋالىسىز؟

— بۇ ئىشنى مەندىن كۆرمەمسىز، مەندىن نەپرەتلەنمەمسىز؟

— نېمىشقا نەپرەتلەنگۇدەكمەن؟ مەن ئەمدى سىزنىڭ بولدۇم، نېمە قىلغۇڭىز كەلسە قىلىۋەرسىڭىز بولىدۇ، — خۇا جىڭجىڭ سۇك جېننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى، — سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بايا بىلگەنسىز؟

— بىلىمەن، سىز مېنى بەك ياخشى كۆرىسىز.

— ئەمىسە سىزچۇ؟ مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

خۇا جىڭجىڭنىڭ كارىۋاتتىكى ئەسەبىيلىكى سۇك جېننى ئەسىر قىلىۋالغانىدى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇز ياشقا يېقىنلىشىپ قېلىپ، مۇھەببەتنىڭ لەززىتىدىن تۇنجى قېتىم بەھرىمەن بولۇشى، ئۇ ئىنتايىن مەست بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن! — دېدى سۇك جېن قىلچە ئويلىنىپ تۇرماي.

— ئەرلەر دائىم يۈرىكىدىكى سۆزىنى قىلمايدۇ، ئىشەنمەيمەن!

— سىزگە قەسەم قىلىپ بېرىمەن، يەنە كېلىپ ئەمەلىي

www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىمەن، بىز ئەتە بېرىپ توي خېتى ئالايلى.

— مېنى ئەمىرىڭىزگە ئېلىشقا جۇرئەت قىلالامسىز؟ — خۇا جىڭجىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاتلىق كۈلۈمسىرىدى.

— ئەلۋەتتە سىزنى ئالىمەن، سىزگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك، ئېيتقىنىڭىزدەك سىز مېنىڭ ئادىمىم، كەلگۈسىدىمۇ ماڭا مەنسۇپ، — سۇڭ جېن ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ سۆيۈپ قويدى، بايىقى ئىشلاردىن كېيىن خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ مۇكەممەل بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— تويدىن كېيىنلا دۇنيانى ساياھەت قىلامدۇق؟

— شېرىن ئاي سەپىرىنى كېيىنرەك ئۆتكۈزسەك بولارمىكىن، چۈنكى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدۇ، شېرىن ئاي سەپىرىگە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

— بىر يىل كېتەر. ياۋروپانى ئايلىنىشقىلا ئۈچ ئاي يەتمەيدۇ.

— بىر يىلغىچە ھېچ يەرگە بارالمايمەن، بىر تەرەپ قىلىپ بولالمىغان نۇرغۇن ئىشلار بار، — سۇڭ جېن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، — ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بولۇپ چوقۇم شېرىن ئاي سەپىرى قىلىمىز، شۇ چاغدا كۆڭۈللۈك ئويناپ كېلىمىز.

— توي قىلىپ، شېرىن ئاي سەپىرى قىلمىساق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمەيمەن، — خۇا جىڭجىڭنىڭ سۇڭ ئائىلىسىگە ئالدىراپ كېلىن بولۇپ كىرىش نىيىتى يوق، ئۇنىڭ بۈگۈن قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى سۇڭ جېنغا ئېرىشىش، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇڭ ئائىلىسىگە خاتىرجەم كىرىپ - چىقىپ يۈرەلەيتتى.

— جىڭجىڭ، سىز ئەزەلدىن مېنى چۈشىنىسىز، مەن ئۈچۈن، بىر قېتىم ئۇۋالچىلىق تارتىپ قويۇڭ، بولامدۇ؟ ئاۋۋال توي قىلىپ، شېرىن ئاي سەپىرىنى كېيىن قىلايلى.

— مەن ئەلۋەتتە سىزنى چۈشىنىمەن، مېنىڭ بىر ئامالىم بار، بىز ۋاقىتىنچە توي قىلماي، چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمى

ئۆتكۈزەيلى، چاي ئىچۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزسەك مەن سىزنىڭ بولغۇسى خوتۇنىڭىز بولىمەن، سۈك ئائىلىسىدىمۇ ئورنۇم بولىدۇ، شىرىن ئاي سەپىرى قىلىشقا ۋاقتىڭىز چىققاندا توي قىلايلى.

— چاي ئىچۇرۇش بىلەن توي قىلغاننىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق پەرقى يوق، بىراق ناۋادا بالىمىز بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — سۈك جېن خۇا جىڭجىڭدىنمۇ بەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار ئەر - خوتۇن بولۇپ بولغانىدى.

— دەرھال توي قىلىمىز! — خۇا جىڭجىڭ سۈك جېننىڭ مەيدىسىنى سىلىدى، — سىز زادى مېنى ياخشى كۆرەمسىز، كۆرمەمسىز؟

— ياخشى كۆرىمەن! — سۈك جېن ئۇنى قۇچاقلىدى، — خوتۇن، سىزنى قانداقسىگە ياخشى كۆرمىگۈدەكمەن؟

— قانچىلىك ياخشى كۆرىسىز؟

— چەكسىز ياخشى كۆرىمەن، سىز مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم.

— گېپىمنى ئاڭلامسىز، يوق؟

— ئاڭلايمەن! خوتۇننىڭ گېپىگە كىرمىگەن ئادەم روناق تاپمايدۇ.

— گېپىنىڭ تاتلىقلىقىنى، سىزنى نېمە قىلدۇرىدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز، ئەگەر سىزنى ئۆلۈپ بەر دېسەم قانداق قىلىسىز؟

— بۇنىڭغا چىدامسىز؟

— پاھ! ياغلىما ئېغىز، مەن سىزنى تاتىلاپ قويay ...

— ياق، غىدىقىم كېلىشتىن قورقىمەن، — سۈك جېن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ سۆيۈپ كەتتى، — ئىشقىلىپ، مەن سىزگە ئىتائەت قىلىمەن، ئۆلتۈر دېسىڭىز، تۇر دېمىگۈچە ھەرگىز تۇرمايمەن، بولدىمۇ، ھە، بولدىمۇ ...

— ئەمىسە، سىزگە، مېنى سۆيۈپ قوي دېسەمچۇ؟ ھە ... — ئۇلار يەنە بىر تەنگە ئايلاندى ...

www.uyghurkitap.com

سۇلۇك جېن باغقا كىرىپ جۇاڭ مەنسىنى ئىزدىدى. مەنسى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى.

— ئەتە ئىمتىھانىڭىز بارمىدى؟

— يوق، ئىمتىھان بولسا، مەن ھەرگىز بۇنداق تاقاشقاندا دەرس تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن، پايدىلىنىش كىتابىنى كۆرۈۋاتىمەن.

— ئەمىسە، ئىككىمىز پاراڭلاشساق بوپتىكەن، — سۇلۇك جېن مەنسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

سۇلۇك جېن مەنسى بىلەن ناھايىتى ئاز پاراڭلاشتى، ئۇ ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بوش ۋاقتى بولسىلا خۇا جىڭجىڭغا ھەمراھ بولاتتى.

مەنسى كىتابىنى يېپىپ تىزىغا قويدى.

— خۇا شاڭچيەن بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار قانداقراق؟ — سورىدى سۇلۇك جېن.

— يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك، ئادەتتىكى دوستلار.

— سىز زادى قانداقراق يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىسىز؟

— مەن ... — مەنسى سۇلۇك جېنغا سىزدەك يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىمەن، دېيەلمەيتتى، ئۇ ئۇزۇندىن ئۇنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى، مەنسىنىڭ ئىنسانىي غورۇرى، قىزلارغا خاس ئۇياتچانلىقى بولغاچقا كۆلۈپ قويدى، ئۇ سىرىنى يوشۇرۇۋاتاتتى، — مەن ئەزەلدىن بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقمىدىم.

سۇلۇك جېن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

— سىز شاڭچيەنگە ئۆچمۇ؟ — سورىدى سۇلۇك جېن.

— ئۇنىڭغا نېمىدەپ ئۆچ بولغۇدەكمەن؟

— ئۇ باشقىلارنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك قاملاشقان يىگىت، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، سىزدىن باشقا قىز دوستىمۇ يوق، بۇنداق يىگىتلەر ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاز

ئۇچرايدۇ. ئۇ سىزگە بەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، سىزگە ئالاھىدە كۆيۈنىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ھىم!

— سىز ئۇنىڭغا ئۆچ بولمىسىڭىز، ئۇمۇ سىزنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، — سۇلۇ جېنى مەنىسىگە قارىدى، — سىزدىن كۈتىدىغان بىر تەلىپىم بار ئىدى.

— قېنى ئېيتىۋېرىڭ! — سۇلۇ جېنى ئۇنىڭغا يالۋۇرۇۋاتسا، ئۇ قانداقمۇ رەت قىلالىسۇن؟

— مەن سىزنىڭ شاھچىيەن بىلەن ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئۆتۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم.

— نېمە! — مەنىسىنىڭ قولى بوشاپ، تىزىدىكى كىتاب ئورۇندۇققا چۈشۈپ كەتتى.

— سىزگە ئېغىر تەلەپ قويۇۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن، ھېسسىياتقا چېتىلىدىغان ئىشلارنى پەقەت ئۆزىڭىزلا بىر تەرەپ قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى. بىراق شاھچىيەن ئائىلىمىزگە تۇغقان بولۇپ قالدى. ئۇنداق بولغاندا ئۆزئارا چۈشىنىش ئوڭاي بولىدۇ، ئۇمۇ سىزنى بوزەك قىلالمايدۇ، ئىشقىلىپ، سىرتتىكى تونۇشمايدىغان باللار بىلەن ئارىلاشقانغا قارىغاندا بىخەتەر.

— شاھچىيەن قانداقسىگە بىزگە تۇغقان بولۇپ قالدى؟

— ھە، سىزنى ئىزدىشىممۇ سىزگە بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىدى، — سۇلۇ جېنى خۇا جىڭجىڭنى ئەسلىگىنىدە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولاتتى، — جىڭجىڭ ئىككىمىز كېلەر ھەپتە توي قىلىشقا پۈتۈشمەكچى!

— سىز ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشمەكچى بولدىڭىز؟ — ئۇنىڭ يۈرىكى يۈز پىرسەنت ئۆلگەندەك بولدى.

— ئەسلىدە توي قىلماقچى بولغانىدۇق، خىزمەت بەك ئالدىراش بولغاچقا، شېرىن ئاي سەپىرى قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغۇدەكمەن، شۇڭا توينى كەينىگە سۈرۈپ، چاي ئىچۈرۈپ تۇرماقچى بولدۇق، بىراق مەيلى چاي ئىچۈرگەن ياكى توي قىلغان

بولايلى، جىڭجىڭ سىزنىڭ نەۋرە يەڭگىڭىز بولىدۇ. شاڭچيەن ئۇنىڭ ئىنىسى، ئۇ ھەم مېنىڭ ئىنىم، ئۇنداق ئىكەن، بىز تۇغقان بولمامدۇق؟ — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ چىرايىدىن بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى، — مەنسى نېمە بولدىڭىز؟

سۇڭ جېن بىلەن خۇا جىڭجىڭنىڭ توي قىلىشى كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى، بولۇپمۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى، خۇا جىڭجىڭ كۈندە دېگۈدەك سۇڭ خانىمنىڭ كەينىدە يۈرەتتى، ئۇ نېمە مەقسەتتە مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ ئەلمىساقتىن، قىزلار يىگىتلەرنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ھەرگىز ئاشكارىلىمايتتى، مانا ھازىر مەنسىمۇ سۇڭ جېننى ياخشى كۆرىدىغان تۇرۇقلۇق، قەلبىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سۇڭ جېننىڭ خۇا جىڭجىڭ بىلەن توي قىلىش رېئاللىقىنى قوبۇل قىلماي بولمايتتى، ئۇنىڭ چانقى ئېچىشقان بولسىمۇ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ، سۇڭ جېنغا قولىنى ئۇزاتتى:

— خۇشال بولۇۋاتىمەن، بۇ راستتىنلا خۇش خەۋەر ئىكەن. سۇڭ جېن ئاكا، مۇبارەك بولسۇن!

— ۋاھ! بولىدۇ، بولىدۇ، رەھمەت سىزگە! — سۇڭ جېن كۈلۈپ ئاغزىنى يۇمالماي قالدى.

مەنسىمۇ كۈلدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنى قويىۋېتىپ راسا يىغلىغۇسى كېلىۋاتاتتى.

— جىڭجىڭ شاڭچيەننىڭ ئىشقىڭىزدا كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مېنىڭ سىزگە شاڭچيەننىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرىشىمنى ئېيتقانىدى، جىڭجىڭ گەرچە مېنىڭ بولغۇسى خوتۇنۇم بولسىمۇ، تەلىپىنى رەت قىلالمايمەن. بىراق ئەڭ مۇھىمى يەنىلا سىزنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشىڭىز.

— كېرەك يوق، ھازىر ھەممىسى ئوخشاش!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە ئېرىشەلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ باشقا بىرىنىڭ بولغۇسى ئېرى تۇرسا، شۇنداق

ئىكەن، مەنىسىنىڭ كەلگۈسىدە كىمگە ياتلىق بولۇشى چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى.

— ئامال بار شاڭچيەن بىلەن ياخشى دوست بولۇشقا تىرىشىمەن.

— بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر كۆپرەك يېقىنلىشىپ، كۆپرەك چۈشىنىشىڭلار، ئىلگىرى سىز ئۇنىڭغا بەك سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتىڭىز. مەن ئۇچۇن بولسىمۇ، شاڭچيەنگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىڭ، بولامدۇ؟

مەنسى بېشىنى لىڭشىتتى.

— جىڭجىڭنىڭ سۆزىچە، توي مۇراسىمىمىزنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ، چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمىدا ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىرگە تاماق يەپ، ئۆزئارا ئۇزۇك ئالماشتۇرۇشساق بولغۇدەك. بىراق دادام ـ ئاپاملار باشقا تۇغقانلارنىمۇ چاقىرىدۇ، ئۇلار چاي ئىچۈرۈشنىمۇ چوڭ ئىش دەپ قارايدۇ. مەنسى، ۋاقتىڭىز بولسا، ئۇلارغا ياردەم قىلالارسىزمۇ؟

— بولىدۇ، تاماق يېيىشتىن باشقا يەنە تانسا مۇراسىمىمۇ ئۆتكۈزەمدۇق؟

— ئۇنداق قىلماسمىز. جىڭجىڭنىڭ دېيىشىچە، قانچە ئاددىي بولسا شۇنچە ياخشى بولىدىكەن. ۋاي! مەن دەرھال جىڭجىڭغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى چاقىرىدىغان ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قوياي ...

سۇڭ جىن بىلەن خۇا جىڭجىڭنىڭ چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمى سۇڭ ئائىلىسىدە ناھايىتى قىزىپ كەتتى. خۇا شاڭچيەن ئەتىگەنلا قارىشىپ بەرگىلى كەلگەنىدى، ئۇ مەنسىنىڭ كەينىدىن چىقمايتتى. خۇا شاڭچيەن ئىنتايىن ھاياجانلانغانىدى، چۈنكى خۇا جىڭجىڭ سۇڭ ئائىلىسىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان، سۇڭ جىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى، سۇڭ جىن خۇا جىڭجىڭنىڭ قولىغا كىرگەنىكەن، مەنسىمۇ پات ئارىدا ئۇنىڭ قولىغا كىرەتتى.

خۇا شاڭچيەن ئۇزۇن ئۆتمەي چاي ئىچۈرۈش نۆۋىتىنىڭ ئۆزى

www.uyghurkitap.com

بىلەن مەنسىگە كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

مەنسى سۇلۇڭ جېنىغا خۇا شاڭچيەنگە قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇش توغرىلۇق ۋەدە قىلغانىدى، ئىلگىرى ئۇ خۇا شاڭچيەنگە قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمايتتى، ئۇ دائىم ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇچىنچى تاغىسى، ئىككىنچى ھامىسى ... ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ نوپۇزلۇق تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى كەلگىلى تۇردى، ئۇلار ئىلگىرىكىدەك قارىتا ئوينىمىدى، ئۇلار سۇلۇڭ جېنىنىڭ بولغۇسى خوتۇنىنىڭ قانداقراق قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى.

ئەلۋەتتە ئۇلار ئۇنىڭ چىرايلىق ھەم تەلەيلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بىر ئەۋلاد ياخشى كېلىن بولسا، ئۇن ئەۋلاد ياخشى نەۋرە بولىدۇ، ئادەم تەلەيلىك بولسا، ئائىلىسى گۈللەپ ياشنايدۇ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ!

سۇلۇڭ ئائىلىسىدە ئوغۇللار ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلۇڭ جېن يالغۇز ئوغۇل، شۇڭا ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىشى ئىنتايىن مۇھىم.

سائەت ئالتىدە، سۇلۇڭ جېن بولغۇسى قېيناتا ـ قېينانىسى ۋە بولغۇسى خوتۇنىنى ئېلىپ كەلدى.

خۇا جىڭجىڭ بىنەپشە رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، ئۈستىگە كىچىك يىپىنچا ئارتىۋالغان، چېچىنى ئارقىسىغا تارىغان، قۇلىقىغا بىنەپشە رەڭلىك ھالقا تاقىغانىدى.

سۇلۇڭ جېنىنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى كۆرۈپ، ئاستا باش لىڭشىتتى: چىراي ـ تۇرقى يامان ئەمەسكەن، كەلگۈسى ئەۋلادلاردىن ئۈمىد بار.

سۇلۇڭ ئائىلىسىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەندە، ئۆزىنى ئېسىلزادىلەردەك كۆرسىتىش، بىر قاراشتا ياخشى تەسىر بېرىش كېرەك ـ دە.

كۆپچىلىك داستىخانغا ئولتۇرۇپ، غىزا يېيىشنى باشلىۋەتتى، خۇا جىڭجىڭ بىر چىنە بېلىق شورپىسىنى ئىچىۋېتىپ، سۇلۇڭ جېنغا ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، سۇلۇڭ جېن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يىپىنچىسىنى ئېلىۋەتتى.

كۆپچىلىك ھەيران قېلىشتى، سۇڭ جېن دەرھال خۇا جىڭجىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كىچىلىك مۇراسىم كىيىمىدە بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئالدى خېلى پۈتۈن بولغىنى بىلەن كەينى بىلىگىچە ئوچۇق، ئىنچىكە ئىككى تال مارجان قايچىلاشتۇرۇپ تىكىپ قويۇلغانىدى.

ئۈچىنچى تاغىسى، ئىككىنچى ھامىسى ... ئىشقىلىپ چوڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرۈپ چانىقى چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى.

سۇڭ ئەپەندىنىڭ چىرايى تۇتۇلدى، سۇڭ خانىم چوڭلارنىڭ بىرنېمە دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

— نېماداق قىلىدۇ. كىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ؟ — ئۈچىنچى تاغىسى تاقەتسىزلىنىپ قولىدىكى چوكىنى قويدى.

سۇڭ ئەپەندى ئوغلىنى نوقۇپ قويۇۋىدى، سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭنىڭ يېپىنچىسىنى ئارتىپ قويدى، چۈنكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان ئىشلار ئۇنىمۇ بىئارام قىلاتتى.

كۆپچىلىك بۇ چاغدا سەل تىنچلاندى.

خۇا جىڭجىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، ئاغزىنى ئۇمچەيتتى، ئۇ چوكىدا ئىلىۋاتقان قورۇمىنى جايىغا قويۇپ قويدى.

— نېمىشقا بىرنەرسە يېمەيسىز؟ — سۇڭ جېن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

— ئىسسىپ كەتكەن تۇرسام، قانداقمۇ يېيەلەيمەن؟

سۇڭ جېن كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى، ئۇ يەنە بىر ئىش چىقىپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

— سۇڭ جېن! قاچان توي قىلىسىلەر؟ — سورىدى قېينانىسى.

— ئەڭ تېز بولغاندىمۇ كېلەر يىلىنىڭ بېشىدا قىلارمىز.

— ياخشى! يىل ئاخىرىدا نەۋرە كۆتۈرگۈدەكمىز ـ دە! — دېدى ئۈچىنچى تاغىسى كۈلۈمسىرەپ.

— بىز ئۇنداق تېز بالىلىق بولمايمىز، — دېدى خۇا جىڭجىڭ

نازاكەتلىك بىلەن.

ئۈچىنچى تاغىسىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، خوتۇنلار ئەقىللىق بولمىسىمۇ مەيلى، بىراق بالا تۇغمىغان خوتۇننى خوتۇن دېگىلى بولمايتتى.

— بالا تۇغمايدىغان ئادەم توي قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟

— توغرا! سۈك جېنىنىڭمۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، دادا بولىدىغان ۋاقتى كەلدى! — ئىككىنچى هاممىسى ئۈچىنچى تاغىسىنىڭ گېپىنى قوللىدى، — قىزلارنىڭ ياتلىق بولۇشىمۇ ئېرى ئۈچۈن بالا تۇغۇپ بېرىش.

— جىڭجىڭنىڭ بالىلىق بولغۇسى يوق ئەمەس، — سۈك خانىم دەرهال چۈشەندۈردى، ئىش چىڭغا چىقىۋاتاتتى، — ئۇ ماڭا دائىم، ئۆزىنىڭ چېۋەر خوتۇن، ياخشى ئانا بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇنىڭ بىر - ئىككى يىلغىچە سۈك جېن بىلەن يالغۇز بىرگە تۇرغۇسى بار ئىكەن، بالا تۇغۇلۇپ قالسا، بالا بىلەن بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئوخشايدۇ، ئەسلىدىغۇ بالا تۇغۇلسا، جىڭجىڭغا تاشلاپ قويمايتتۇق، بالىغا قارايدىغانلارمۇ بار ئىدى!

— شۇ ئەمەسمۇ! پەقەت ئۇن ئاي قورساق كۆتۈرىسىز، — دېدى ئىككىنچى هاممىسى، — سۈك جېن، سەن يالغۇز ئوغۇل، داداڭ - ئاپاڭلارمۇ نەۋرە بېقىشقا ئالدىرايدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن تۇغۇتتىن ساقلىنىشنىڭ ئامالىنى قىلماي، كەينى - كەينىدىن بالىلىق بولۇڭلار، بالا قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى!

— هاما، بىز هەرگىز تۇغۇتتىن ساقلىنىپ يۈرمەيمىز، — دېدى خۇا جىڭجىڭ، سۈك جېن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا قارىدى، سۈك جېنمۇ خۇا جىڭجىڭنىڭ بەك ئاشكارا گەپ قىلىۋەتكەنلىكىنى هېس قىلدى.

تاماقتىن كېيىن ئۈچىنچى تاغىسى سۈك ئەپەندى بىلەن سۈك خانىمنى تارتىپ ئۇلارغا گەپ قىلماقچى بولدى.

— قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ؟ — سۈك جېن خۇا جىڭجىڭغا ئالدىراش گەپ قىلىۋاتاتتى، — چاققان هۇجرامغا كىرىڭ، مەن

جىن هامماغا ئېيتىپ قوياي، سىزگە ئازراق بىرنېمە ئەكىرىپ بەرسۇن.

— مەن كېتىمەن! — دېدى خۇا جىڭجىڭ خاپا بولۇپ، — بۇ يەردىكىلەرنىڭ هەممىسى قاتمال، كونىلىق تەرەپتارلىرى ئىكەن، بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى.

— كەتسىڭىز بولمايدۇ، — سۇڭ جېن ئۇنى تارتتى، — ئۇچىنچى تاغاملار كەتكەندىن كېيىن مېڭىڭ، بولمىسا، دادام ـ ئاپاملار گەپكە قالىدۇ!

— دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز ئۇلاردىن نېمانچە قورقىدۇ؟

— چۈنكى، ئۇلار دادامدىن چوڭ، گېپىمنى ئاڭلاڭ، هۇجراملغا كىرىڭ، — سۇڭ جېن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەچ كۈلدى، — ئۇلار بىر يىلدا ئاران ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كېلىدۇ، ئۇلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرمايسىز.

— ئۇلار يەنە چىشىمغا تېگىدىغان بولسا، مەن هەرگىز سىزگە تەگمەيمەن! — خۇا جىڭجىڭ تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى.

— ئۇلارنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ماڭغۇزۋۇۋالايلى، ئۇلارنىڭ هەممە ئىشقا چېپىلىۋالىدىغانلىقىنى كۆردىڭىزغۇ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن خالىغىنىڭىزنى قىلماسىز. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇچۇن بولسىمۇ سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، يۈرۈڭ، كىرىپ بىرنېمە يەۋېلىڭ.

ئىلگىرى خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سۆزىگە خېلى بەرداشلىق بەرگەن، ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

هازىر ئۇ سۇڭ جېننى قولغا كىرگۈزۈۋالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ سۇڭ جېننىڭ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان ئەر ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى، سۇڭ جېن كەلگۇسىدە ئۇنى ئەمرىگە ئالماي قويمايتتى.

خۇا جىڭجىڭ مۇرادىغا يېتىپ، ئۆزىنى ئىنتايىن يېنىك هېس قىلدى، ئۆزىنى دەرهال ئوكشۇۋالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سۇڭ ئائىلىسىدە داۋاملىق دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرەلمەيتتى. ئۇ

باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشىنى خالىمايتتى.

ئۇ ئەمدى سۇڭ خانىمغا ھەمراھ بولالمايدۇ، سۇڭ جېن ئۆيدە يوق ۋاقىتلاردا ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارمايدۇ، ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى بىئەپ كۆرىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، سۇڭ جېننى خۇۋا ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇ ئەمدى ۋاقىتنى، زېھنىنى ئىسراپ قىلىپ، سۇڭ خانىم بىلەن بىرگە نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشقا بارمايدىغان بولدى.

سۇڭ خانىمنىڭ ئەمدى پۇتۇنلەي پايدىلىنىش قىممىتى قالمىغانىدى، ئۇ ئەمدى ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايتتى.

ئۇ ئەزەلدىن سۇڭ ئەپەندى بىلەن كەمدىن - كەم پاراڭلىشاتتى، ئەمدى تېخىمۇ پاراڭلاشمايدىغان بولدى، ئەگەر سۇڭ جېن كېتىپ قالسىلا، ئۇ مەسخىرىلىك سۆزلەرنى قىلىپ، سۇڭ ئەپەندىنىڭ زىتىغا تېگەتتى.

ئۇ ھەممىدىن جىن ھاممىغا ئۆچ ئىدى، سۇڭ جېن بار ۋاقىتتا ئىنتايىن ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلسا، سۇڭ جېن يوق ۋاقىتلاردا جىن ھاممىنى ھېلى ئۇ ئىش، ھېلى بۇ ئىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا خوجايىنلىق قىلاتتى.

جىن ھامما ئەسلىدىلا ئۇنى ياقتۇرمايتتى، ھازىر تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى، بىراق ئامال قانچە؟ خاپا بولسىمۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈش كېرەك - دە.

بىر كۈنى خۇۋا جىڭجىڭنىڭ توساتتىن ماجاڭ ئوينىغۇسى كېلىپ، سۇڭ خانىم، جۇاڭ مەنسى ۋە جىن ھاممىنى ماجاڭ ئويناشقا زورلىدى.

سۇڭ خانىم خۇۋا جىڭجىڭنىڭ ماجاڭ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى، جىڭجىڭنى ئىلگىرى پەقەت ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئويناپ قويىدى، دەپ ئويلىغانىدى.

خۇۋا جىڭجىڭ سۇڭ خانىمنى «تۆرگە» ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ماجاڭ ئۇرۇقى چىقىرىشنى كۆزەتتى، ئۇ بىر تال ئۇرۇقنىمۇ

سۈكى خانىمغا بىرىپ قويۇشنى خالىمايتتى.

سۈكى خانىم بىرمۇ ئۇرۇق ئۇتالماي، ئويۇنغانسېرى تېرىكىپ قالدى. جىڭجىڭ سۈكى خانىمنىڭ خېلى كۆپ پۇلىنى ئۇتۇۋېلىپ قايتىپ كەتتى.

— ئەجەب ئاچچىقىمنى كەلتۇردا! — سۈكى خانىم ئۇستەلگە ئۇردى، — ئەزەلدىن ماجياڭ ئويناپ بۈگۈنكىدەك ئاچچىقىم كەلمىگەن.

— بايا بولغان ئىشلارنى بەگزادىگە ئېيتىڭ، ئۇنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرىپ قويسۇن.

— ئوغلۇمغا ئېيتامدىم؟

— ھامما، بولدىلا، سۈكى ئاكام بۇ ئىشنى بىلمىسۇن، — مەنسى سۈكى خانىمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇمۇ نۇرغۇن پۇل ئۇتتۇرۇۋەتكەندى.

— نېمىشقا ئېيتمايتتۇق، بەگزادە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى، يەنە تېخى ئۇنى ياخشى قىز دەيدۇ، ئۇنىڭغا ئېيتىش كېرەك، ئۇ خانىمغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى. بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرمەي تۇرۇپ مۇشۇنداق قىلسا، كېلىن بولغاندا قانداق قىلماقچىكەن؟

— توغرا! ئۇ مېنىڭ ئۇرۇقۇمنى ئېلىۋېلىپ توغرا قىلمىدى! — دېدى سۈكى خانىم.

— ئۇ سۈكى جىن ئاكامغا چوقۇم ئېيتىدۇ، ئۇ ئۇنىڭ ماجياڭ ئويناش ماھارىتى ئىكەن، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ماجياڭ ئويناش ئۇسۇلى بولىدۇ، ئۇنى خاتا قىلدى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

— ئۇ خانىمغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، خانىمنى ئاپسىدەك كۆرمىدى!

— بۇنداق دېيىشكە ئاساسىمىز يوق، — مەنسى سۈكى خانىمنى مۇرىسىدىن تۇتتى، — ھامما، بۇ ئىشنى دەپ سۈكى جىن ئاكام ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىپ قالمىسۇن.

— گېپىڭىزچە، ئوغلۇم ئۇ تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يان بېسىپ كېتەرمۇ؟

— بۇنداق دېگىنىم يوق! — دېدى مەنسى، — بىرىڭلار ئاپىسى، بىرىڭلار بولغۇسى خوتۇنى تۇرساڭلار، ئوتتۇرىدا ئۇۋالچىلىق تارتىپ قالامدۇ؟

— مەنسىنىڭ سۆزىنىڭمۇ ئاساسى بار، سوقۇشۇپ قالساق، جىگەرجىگىڭ نۇرغۇن ئاساسلار بىلەن ئۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، سۈك جېن ھەرگىز مەن تەرەپتە تۇرمايدۇ، ئۇ بەلكىم مېنى ئوتتۇرۇپ قويۇپ، ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتىدۇ، دېيىشى مۇمكىن.

— ئەگەر بۈگۈن ئۇنىڭغا يول قويىدىغان بولساق، — دېدى جېن ھاما ئاچچىق بىلەن، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بويىنىمىزغا مىنىدۇ.

— بولدىلا! بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ماجىياڭ ئوينىمىساقلا بولمىدىمۇ؟ — سۈك خانىم ئۇھ تارتتى، — مەن بىر ئانا تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇپ نېمە قىلاي! راستىنىلا ياۋاش قىزلارنى كېلىن قىلغان ياخشىكەن …

خۇا جىگەرجىگىڭ سۈك جېن بىلەن بىرگە ئامېرىكىغا بارىمەن دەپ سوقۇشقىلى تۇردى.

— جىگەرجىگىڭ، مەن ئامېرىكىغا ئوينىغىلى بارمايمەن، خىزمەت بىلەن بارىمەن، يېرىم ئايدا قايتىپ كېلىمەن.

— يېرىم ئاي دەيسىزغۇ؟ — خۇا جىگەرجىگىڭ ۋارقىراپ كەتتى، — سىزدىن ئىككى كۈنمۇ ئايرىلالمايدىغان تۇرسام، يېرىم ئاي مېنى تاشلىۋېتەمسىز؟

سۈك جېن جىگەرجىگنى قۇچاقلاپ، بېشىنى چايقىدى:

— بارمىسام بولمايدۇ!

سۈك جېن ئۇنىڭ بەدىنىدىن مەست بولۇپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم مۇھەببەتتىن



www.uyghurkitap.com

بەھرىمەن بولۇشى، بىراق ئۇ خىزمەت بىلەن كېتىۋاتىدۇ.

— ھەر كۈنى سىزگە ئىككى قېتىم تېلېفون قىلىپ تۇرىمەن، — دېدى ئۇ.

— تېلېفوندا سۆزلەشكەننىڭ نېمە پايدىسى؟ تېلېفوندا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولامتى؟ سىزگە مەن كېرەكمۇ، ئاۋازىممۇ؟

— ھەي! راستىنلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، — سۇڭ جېن ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، كۆيۈمچان ئەر ـ خوتۇن بولۇشنىڭ تۈزۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، — بىراق مەن دادام بىلەن بىرگە بارىدىغان تۇرسام؟

— ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىقمۇ، سىز دادىڭىز بىلەن بىر ئۆيدە تۇرسىڭىز، مەن يەنە بىر ئۆيدە تۇرسام بولمىدىمۇ، ئىشقىلىپ كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان تۇرساق، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننىڭ قوينىدا ناز قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇڭ ئەپەندىگە تەڭ كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، — سىز مېنى تاشلىۋېتىشكە قانداق چىدايسىز، بىز ھازىر ئەڭ كۆيۈمچان كىشىلەر، شۇنداقمۇ؟

ئەمەلىيەتتە سۇڭ جېنمۇ تەسىرلەنگەنىدى، خۇا جىڭجىڭ ئاتاقتا ئۇنىڭ بولغۇسى خوتۇنى بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خوتۇنى ئىدى، ئۇ ئۆز خوتۇنىنى ئەتىۋارلىشى كېرەك ـ دە.

— بىراق، مەن خىزمەت قىلغىلى بارىمەن، ھەر كۈنى قېشىڭىزدا بولالمايمەن، يالغۇز زېرىكىپ قالىسىز، ۋاقتى كەلگەندە مېنى ئەيىبلىشىڭىز مۇمكىن.

— نېمىشقا سىزنى ئەيىبلىگۈدەكمەن؟ مەن ئۇ يەرگە ئۆزۈم خالاپ بارغان تۇرسام. مېنىڭ زېرىكىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىمەڭ، مەن ئامېرىكىدا ئۇزۇن تۇرغان، ھەممە يەرنى بىلىمەن، سىز خىزمەتكە كەتكەندە بازار ئايلىنىمەن، ساۋاقداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىمەن، ئامېرىكىدا نۇرغۇن دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىم بار.

— بولىدۇ! — سۇڭ جېن ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ

قويىدى، — تەييارلىق قىلىڭ، بىرگە بارايلى.

— هەي، سۇڭ جېن مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننى قۇچاقلاپ، قىزغىن سۆيۈپ كەتتى...

سۇڭ جېن ئەسلىدە ئامېرىكىغا ئىككى ھەپتىلىك بارماقچى بولغانىدى، ئەمەلىيەتتە بىر ئايدا قايتىپ كەلدى.

شىركەت بىرنەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىمنى ئۇنىڭ ئورنىدا ئىش بېجىرىشكە ئورۇنلاشتۇردى، مۇھىم ئىشلار بولغاندا سۇڭ جېنغا دەرھال تېلېگرامما ئەۋەتىدىغان، سۇڭ جېنمۇ ھەر كۈنى شىركەتكە تېلېگرامما ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بولدى.

شىركەتنىڭ ئىشلىرى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

سۇڭ خانىم ھەممىدىن خاپا ئىدى. ئۇ ئېرى بىلەن ئوغلىنى توپتوغرا بىر ئاي كۆرمىدى، تېلېفوندا سۆزلىشىپ تۇرغىنى بىلەن، ئۇلار ھەر قېتىمدا شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىپ بولۇپ دەرھال قايتىمىز دەپ قويانتتى، بىر كۈنى ئاتا ـ بالا ئاخىر قايتىپ كەلدى.

— ئامېرىكىدا قانداق چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋەتتىڭلار، — سۇڭ خانىم ئېرىدىن سورىدى، — ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈشكە مەبلەغ سېلىپ كەلدىڭلارمۇ، كېتىۋېلىپ بىر ئايدا كەلدىڭلار، ئۆي بىلەنغۇ كارىڭلار بولمىسىمۇ، شىركەت، زاۋۇت بىلەنمۇ كارىڭلار بولمامدۇ؟

— خانىم، گۇناھ مەندە ئەمەس، بۇ ئىشلارنىڭ مەن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق، — دېدى سۇڭ ئەپەندى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، — ئەڭ ياخشىسى ئەتىۋارلىق ئوغلىڭىزدىن سوراڭ.

— بالام، داداڭ ئىككىڭلار بىر ئايدا قايتىپ كەلگۈدەك نېمە ئىشلارنى قىلىپ كەتتىڭلار؟

— ئاپا، كەچۈرۈڭ، بىز ... — سۇڭ جېن بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئۇ ئەزەلدىن يالغان گەپنى قاملاشتۇرالمايتتى، شۇنداقتىمۇ راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭلارغا خۇشال بولدۇم،

بىراق يېرىم ئاي كېچىكىپ كەلگىنىگلاردا سەۋەب باردۇ؟ ئامېرىكىدىكى سوداگلاردىن چاتاق چىقتىمۇ يا؟

سۇڭ جىن كۇلۇپ قويىدى، بىراق گەپ قىلمىدى.

— خانىم، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى خىزمىتىمىز ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى، ئىككى ھەپتىگە قالماي تۈگەتتۇق. كېچىكىپ كېلىشىمىزنىڭ خىزمىتىمىز بىلەن ئالاقىسى يوق.

— بالام، ماڭا راست گېپىڭنى قىلە!

— ئۇ ھەرگىز دېيەلمەيدۇ، — دېدى سۇڭ ئەپەندى سوغۇق كۇلۇپ، — يەنىلا مەن دەي! كېچىكىپ كېلىشىمىزگە ئۇنىڭ بولغۇسى خوتۇنى خۇا جىڭجىڭ سەۋەب بولدى.

— جىڭجىڭ ئۇ ئويىنغىلى بارغان ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭمۇ ئامېرىكىدا ئىشى بارمىكەن؟

— ئۇ بەك بىكارچىلىقتا قىلىدىغان ئىش تاپالماي قالدى. شىركەتنىڭ خىزمىتى تۈگىشىگە سۇڭ جىننى باشلاپ ئۇياق - بۇياقلاردا ئويناپ يۈردى، ھەر كۈنى دەم ئالماي ئوينىدى، نيۇيوركقا، لوس ئانجېلېسقا باردى، — دېدى سۇڭ ئەپەندى قول - پۇتلىرىنى ئوينىتىپ.

جىن ھاما ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇردى، مەنسى بىر چەتتە تىنىشاپ ئولتۇراتتى، ئۇ خۇا جىڭجىڭنىڭ توغرا ياكى خاتا قىلغانلىقىنى ئويلىماي، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى.

— شۇ چاغدا جىڭجىڭ سىلەر بىلەن بارماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ بېرىشىغا قوشۇلمىغانىدىم، ئۇنى نېمىشقا ھەممە يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىسەن؟

— جىڭجىڭ، ئامېرىكىغا كەلگەندىكىن شىركەتنىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق بوپتۇ، شېرىن ئاينى ئۆتكۈزۈپ كەتمەمدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇ تېخى ئۆيىمىزگە كېلىن بولۇپ كىرمەي تۇرۇپ، نېمە شېرىن ئاي ئۆتكۈزگۈدەك؟

— خانىم، سىز ئاۋۋال ئاپتوبۇسقا چىقىپ، ئاندىن بىلەت

ئېلىش، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئۇلار توي قىلمىغىنى بىلەن، ئەر ـ خوتۇندىن نىمە پەرقى؟ — سۇلۇ ئەپەندى ئاچچىقىدا سۆزلەپ كەتتى، — ئوغلىڭىز ئاتاقتا مەن بىلەن بىر ئۆيدە ياتقىنى بىلەن ئۇ نۇرغۇن ۋاقتىنى جىڭجىڭنىڭ ياتىقىدا ئۆتكۈزدى، دائىم تاڭ ئاتقاندا قايتىپ كىردۇ، جىڭجىڭ دېگەن بۇدۇشقاق ئۇنىڭغا چاپلىشىپلىۋالدى، ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈممۇ يوق!

— سەن جىڭجىڭ بىلەن ... — سۇلۇ خانىم ھەيران قالدى. سۇلۇ جېنىغا قىلغان ـ ئەتكىنى ئايان بولغاچقا، بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سالدى.

— سەن ئەزەلدىن دۇرۇس بالا ئىدىڭ، ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلمايتتىڭ، قانداق قىلىپ ئەقلىڭدىن ئېزىپ قالدىڭ؟ ھەي! ئەجەبمۇ ئاچچىقىمنى كەلتۈردۈڭغۇ!

— بىزنىڭ ئوغلىمىز ئېسىل بالا، بىراق ئۇنىڭ جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىز ئەمەس، قاراڭلار ئۇ قىزنىڭ پەزىلىتىگە، قەھرىمانلارنىڭمۇ ئېزىتقۇ بازىسىدىن ئۆتەلمەي قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ ئەمەسمۇ، — سۇلۇ ئەپەندى چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

— خانىم، سىز بۇنى بەگزادىدىن كۆرمەڭ، بەگزادە ھەرگىزمۇ ئوغرىلىقچە بىر ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، بۇ قېتىملىق شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ئىشىدا ئۇ باشقىلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان گەپ، — جىن ھاما گەپ قىستۇردى.

— سەن توي قىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بوپسەن، ناۋادا بىر ئىش چىقىپ قالسا، چوڭلارغا نىمە دەيمىز؟ — سۇلۇ خانىم كونا خاماننى سورىغىلى تۇردى، — ئۆتكەن قېتىم چاي ئىچۈرگەندىمۇ يېرىم بەدىنىنى ئېچىپ قويۇپ ئولتۇرغانىدى، ئۇچىنچى تاغاڭ بىزنىڭ تاناۋىمىزنى تارتىپ، بىزنى بالىلارغا ئوبدان تەربىيە قىلماپسىلەر دەپ ئەيىبلىدى، ئەمدى مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلىپ قويۇپسەن، يېشىڭمۇ كىچىك ئەمەس، خىزمەتنى بىر ئوبدان قىلىۋېتىپ، نىمە ئۇچۇن يولى بىلەن توي قىلمايسەن؟

— بۇ ئوغلىمىزنىڭ خاتالىقى ئەمەس!

— ئۇنىڭ خاتالىقى بولمىسا، سىزنىڭ خاتالىقىڭىزمۇ؟ ئۇلار شىرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتسا، ئارىغا قىستۇرۇلۇۋېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ خىزمىتىڭىز تۈگىگەندىن كېيىن قايتىپ كەلسىڭىز بولماسمىدى؟

— ئۇلارنى نازارەت قىلىپ تۇردۇم، كېتەيلى دەپ تۇردۇم، مەن بولمىغان بولسام، جىگجاڭ ئۇنى ئافرىقىغا ئېلىپ كېتەتتى، بىر يېرىم يىلدىمۇ قايتىپ كېلەلمەيتتى.

سۇڭ خانىم ئېرىنىڭ توغرا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، دېمىسىمۇ ئوغلى شۇ چاغدا مەجنۇنلۇقتا خۇدىنى يوقىتىپ قويغان، ئۇنى تارتىپ تۇرىدىغان بىرى بولمىسا بولمايتتى.

— سىز تېلېفوندا بولسىمۇ بۇ ئىشلارنى ماڭا ئېيتىپ قويۇشىڭىز كېرەك ئىدى!

— خانىم، تارتقۇلۇقنى ئۆزۈملا تارتاي دېدىم، بىرىنچىدىن، سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز بۇنداق خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا يار بەرمەيدۇ، تېلېفوندا ھېچقانداق ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمىسا، ئۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدىم. ئىككىنچىدىن، ئوغلۇمنىڭ سىزنىڭ خاپا بولۇشىڭىزدىن ئەنسىرىدى، ئۇ ماڭا سىزگە ئېيتماسلىقنى يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى.

— مېنىڭ خاپا بولۇشۇمنى بىلگەن ئادەم نېمىشقا ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭ، — سۇڭ خانىم ئوغلىنى ئەيىبلىدى، — سېنىڭ ئاپاڭ بىلەنمۇ كارىڭ بولمايدۇ، شىركەت بىلەن كارىڭ بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ھەر كۈنى شىركەت بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇردۇم، شىركەتتە ھېچقانداق ئىش چىقماپتۇ.

— ھە، سوداڭ ياخشى بولۇپ، كۆپ پۇل تاپساڭ، ئاپاڭ، ئۆيۈڭ دېگەنلەر سەن ئۈچۈن ئارتۇقچە نەرسە ئىكەن ـ دە!

— ياق، ئاپا، خاپا بولماڭ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خاتالىق مەندىن ئۆتتى، مەن شىركەتكە، ئائىلەمگە يۈز كېلەلمەيمەن، — سۇڭ جېن جىگجاڭ يېنىدا بولمىغاچقا، ئۆزىنى

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

بېسىۋالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

— سەن ئەزەلدىن كۆرسەتمە بويىچە ئىش قىلاتتىڭ، پرىنسىپىدا چىڭ تۇراتتىڭ، — سۇلۇڭ ئەپەندى ئۇھ تارتتى، — سېنىڭ مۇشۇنچىۋالا خاتالىق سادىر قىلىشىڭغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى، دەيدىغان گەپ بار، — جىن ھاممىنىڭ سۇلۇڭ جېنىنى يامان دېگۈسى كەلمىدى، — بەگزادە ئوقۇغان، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بالا، كىچىكىدىن ئوبدان تەربىيىلەنگەن، مەن باققان باللار ياۋاش چوڭ بولىدۇ، يامان دېيىشكە توغرا كەلسە، تەربىيە كۆرمىگەنلەرنى دېيىش كېرەك.

— جىن هاما توغرا ئېيتىدۇ، مەنسى مانا ياۋاش چوڭ بولدى، — دېدى سۇلۇڭ ئەپەندى، — ئۇ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق قىز.

سۇلۇڭ جېنىنىڭ تويدىن بۇرۇن، بولۇپمۇ ئىككى تەرەپ چۈشىنىش هاسىل قىلماي تۇرۇپ، بىر جان ـ بىرتەنگە ئايلىنىش نىيىتى يوق ئىدى، شۇ كۈنى كېچىدىكى ئىشلارمۇ جىڭجىڭنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن بولغان، ھەممە گەپ ئۆزىنىڭ قارشىلىق قىلمىغانلىقىدا ئىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىمەن، دادام ـ ئاپاملارنى رەنجىتىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمەن، مەن سەۋەبسىزلا خىزمەتنى تاشلىدىم، ئاپامنىڭ ئەنسىرىشى بىلەن كارىم بولماي ئويناپ كېتىپ خاتا قىلدىم. بۇ ئىشنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقىغا كاپالەت بېرىمەن.

— سەن يالغان گەپ قىلمايسەن، ساڭا ئىشىنىمەن، بىراق، يېنىڭدا بىر ئادەم كۆپەيدى...

— بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىش بولسا، سىلەر بىلەن بار مەسلىھەتتە بولىمەن!

— بولىدۇ! مەن ساڭا ئىشىنىمەن، — سۇلۇڭ خانىم بالىسىنى ئەيىبلەۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، — يۇيۇنۇۋېلىپ، ئارام ئال!

سۈڭ جېن چوڭ بولغاندىن بېرى باشقىلارغا يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلىپ قويغىنىنى مۇشۇ قېتىم ئىدى، يەنە كېلىپ، سىڭلىسى مەنسىنىڭ ئالدىدا بۇنداق سەتلىشىپ باقمىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 6

خۋا ئائىلىسى!

خۋا جىڭجىڭ ھېلىلا بىر دەستە گۈل تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ھەدە! — خۋا شاڭچيەن چىقىپ ھەدىسىنى كۆردى، — سىۆ ئاكام ساڭا گۈل ئەۋەتىپتىمۇ؟

— سىۆ جېنىنىلا گۈل ئەۋەتىدۇ دەمسەن؟ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بېرى، ئۇ ماڭا گۈل سوۋغا قىلىپ باقمىدى، دائىم ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، مېنى توغرا چۈشىنىڭ، دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇنداق رومانتىكلارنى بىلمەيدۇ.

— بىراق سەن ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرىسەنغۇ؟

— ئۇنىڭ ئوغۇل بالىدارچىلىقى بار.

— گۈلنى زادى كىم ئەۋەتىپتۇ؟ — خۋا شاڭچيەن ھەدىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

— خو مىڭاۋ ئەۋەتىپتۇ!

— خو مىڭاۋ؟ ساڭا چىن ئاشىق بولۇپ، كېيىن رەقىبىگە تارتتۇرۇپ قويغان قېرى ئاشىقىڭمۇ؟

— نېمە قېرى ئاشىقكەن؟ — جىڭجىڭ ئىنىسىنى ئۇردى، — قېرى دەپ كەتمە، ئۇمۇ تېخى ئوتتۇز ياشقا كىرمىدى.

— ئۇمۇ نېمە ئۆزۈڭدىن بېرى ساڭا گۈل سوۋغا قىلماي، بۈگۈن تۇيۇقسىز گۈل سوۋغا قىلغۇسى كېلىپ قاپتۇ؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، چۈشلۈك تاماقنى بىرگە يېگەنىدىم.

— شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامېرىكىدىن ساڭا گۈل ئەۋەتىپتىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئەسلىدە ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ شىركەت

قۇرماقچىكەن، خەتكە تونۇگۈن كەلگەنلىكىنى يېزىپتۇ.

— كېلىپلا ساڭا گۈل ئەۋەتكىنىگە قارىغاندا، ئۇ ئىلگىرىكى چاغلىرىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ - دە؟

— ئۇ ئىلگىرى راستىنلا مېنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ بىر ئۆمۈر مېنى ئۇنتۇيالمىغۇدەك، ئۇ يەنە كەينىمگە كىرىشى مۇمكىن.

— سۇلى ئاكامنىڭ بىر رەقىبى پەيدا بوپتۇ - دە!

— ھىم، — خۇا جىڭجىڭ سوغۇق كۈلدى، — مەن بۇرۇن خو مىڭگاۋنى ياخشى كۆرمەيتتىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياخشى كۆرمەيمەن، مەن ئۆمرۈمدە ئىككى ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن، سۇلى جېن ئاخىرقىسى بولۇپ قالىدۇ.

— ئۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئادرېسىنى قانداق بىلىدىكەن، گۈل ئەجەب ئۇدۇل كەپتۇ، — خۇا شاڭچىيەن گۈلنى قولىغا ئېلىپ قارىدى.

— بىز چۇشلۇك تاماق يەۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەنىدىم.

— سەن ھەرگىز ئۆزۈڭ ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەمگە تېلېفون نومۇرۇڭ بىلەن ئادرېسىڭنى ئېيتىپ بەرمەيسەن.

— ئىككىمىز كېيىن لازىم بولۇپ قالار دەپ بىرى - بىرىمىزگە ئادرېسىمىزنى بەرگەن.

— لازىم بولۇپ قالار دەمسەن؟ ئۇ نېمىگە لازىم بولۇپ قالاتتى؟

— ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ سۇلى جېنغا تاقابىل تۇرمامدىم.

— سەن ئاخىر سۇلى ئاكامغا تاقابىل تۇرۇش نىيىتىگە كەلدىڭمۇ؟

— ئېسىڭ قۇرۇسۇن سېنىڭ، ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنسەن، — جىڭجىڭ ئىنىسىنىڭ بېشىغا چېكىپ قويدى، — بۇرۇن سۇلى جېننىڭ قىلغانلىرىغا قانداق بەرداشلىق بەرگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن، شۇ چاغدا مەن بىر كۈنلەردە ئۇنى قولىغا كىرگۈزۈۋالسام، ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ ئەنتىمنى ئالىمەن دېگەنىدىم!

— سۇڭ ئاكام بىلەن كۆرۈشۈشكە سەنمۇ كېچىكىپ بارسەن ياكى بارماي قويسەن، شۇنداقمۇ؟

— ياقەي! ئۇنداق قىلسام ئۆزۈمنى قىيناپ قويمامدىم. ئەگەر ئۇ ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، مەن دەرھال خو مىگاۋنى ياكى باشقا يىگىتلەرنى تېپىۋالىمەن. قېنى ئەمدى ئۇ خىزمەتنى دەپ مەن بىلەن كارى بولماي قالامدىكىن؟ مەنمۇ باشقا يىگىتلەر بىلەن كۆڭلۈمنى خوش ئېتىپ يۈرۈۋېرىمەن.

— سۇڭ ئاكام بۇنىڭدىن كېيىن تەس كۆنگە قاپتۇ ـ دە!

— ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا چىشىمنى چىشلەپ يۈرۈۋېرىدىغان ئىش يوق، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئەمدى كۆرۈپ باقسۇن.

— ھەدە، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمە، مەن يەنىلا سۇڭ ئاكامغا قاراشلىق ئەمەسمۇ؟

جىڭجىڭ ئىنىسىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇ قولىدىكى گۈلنى تاشلىۋېتىپ سورىدى:

— مەنسى ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداقراق؟

— بۇرۇنقىدىن ياخشى. ئۇ سۇڭ ئاكامنىڭ گېپىگە كىرىپ ماڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر سەن سۇڭ ئاكام بىلەن خاپىلىشىپ قالىدىغان بولساڭ، ئۇ دەرھال مەن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ.

— شاۋچيەن، سەن بۇ قېتىم بەك زىيان تارتتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ئۇزۇن ئارىلىشىپمۇ، يەنە سۇڭ جېن ئىككىمىزنى ئارىغا سىلىۋاتىسەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھازىرغىچە ئۇتالمايۋاتىسەن.

— ئۇ بەك كالۋا ئىكەن، كىتاب ئوقۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن!

— لېكىن سەن زىيان تارتىپمۇ كەتمىدىڭ، سەن تېخى كىچىك، ئەگەر سەن مەنسى بىلەن توي قىلىپ قالىدىغان بولساڭ، ئۇ سېنى باشقۇرۇپ بىر يەرگە ئاپىرىدۇ، قىلچە ئەركىنلىكىڭ

بولمايدۇ، ھازىر سىنىڭ مەنسىدىن باشقا نۇرغۇن قىز دوستۇڭ بار، قارا، نېمىدېگەن ياخشى!

— مەنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن، ئالدىنقى قېتىم گەن يۇلىڭ كۆرۈپ قالغاندا، قورقۇپ جېنىم چىقاي دېدى، تەلىيىمگە شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرەرىمۇ ئۇچراپ قالمىدى.

— ئۇ شۇملارنىڭ كارايىتى چاغلىق، ناھايىتى كەلسە، كىنوخانىغا كىرىپسەن، ماروژنىخانىغا بېرىپسەن، ئاندا ـ ساندا دېسكوخانا، قاۋاقخانا ۋە كەچلىك كۇلۇبلارغا بارىدىكەنسەن.

— ھەممىدىن سۇڭ ئاكامغا ئۇچراپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن.

— ئۇنىڭدىنمۇ قورقما، ئۇنىڭ سىڭلىسى يېقىنىمكەن، خوتۇنىمۇ؟ ئۇ مەنسىگە دەپ باقسۇن، ئۇنى كەچۈرەمدىكەنمەن.

— ھەدە، سەن بەك ياخشى جۇمۇ!

— ماڭ، ئاۋۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان دوستۇڭنىڭ قېشىغا بار! — دېدى خۇا جىڭجىڭ، ئارقىدىن خىزمەتكارنى گۇلنى لوڭقىغا سېلىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

خۇا شاڭچيەن بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىشقا دېيىشىپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سۇڭ ئەپەندى ئوغلىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

سۇڭ جېن ھازىر بۇرۇنقىدەك ئالدىراش ئەمەس، ئىشلىرىنى يولغا كىرگۈزۈۋالغانىدى.

— قەھۋە ئىچەي دەپ كىرىۋىدىم، — سۇڭ ئەپەندى ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— مېنىڭمۇ ئىچكۈم كېلىپ تۇراتتى! — سۇڭ جېن قەلەمنى قويۇپ، كاتىپىنى قەھۋە دەملەپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

— يېقىندىن بېرى ئارام تېپىپ قالغانسەن؟

— خىزمەتكە ۋاقتىدا كېلىپ، ۋاقتىدا قايتىۋاتىمەن، جىڭجىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ ۋاقتىدا بارالايدىغان بولدۇم، — دېدى سۇڭ

www.uyghurkitap.com

جىن كۈلۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ھېلىراقتا يەر شارى شىركىتىدىكىلەر تېلېفون قىپتىكەن، بۇگۈن كەچتىكى توختام ئىمزالاشقا سېنى بارسۇن دەيدۇ!

— بۇگۈن كەچتە بولمايدۇ! مەن جىڭجىڭ بىلەن كىنو كۆرۈپ، تاماق يەيدىغانغا بالدۇر بېلەت زاكاز قىلىپ قويغانىدىم.

— سەن ھەپتىدە يەتتە كۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىسەن، قاچان بىر كىنو كۆرمەي، تانسا ئوينىماي باققان يېرىڭ بار. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مېھماندارچىلىقنىمۇ بارماس بولدۇڭ، ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىلەنلا يۈرسەڭ، قانداق بولىدۇ؟

— بىراق …

— سەن دېگەن تىجارەتچى، توي قىلغان بولساڭمۇ، ئۇنداق سورۇنلارغا بېرىشىڭ كېرەك! داۋاملىق بارمايدىغان بولساڭ، سودا ساھەسىدىن چېكىنىسەڭ بولىدۇ.

— دادا، گېپىڭىز ئورۇنلۇق، بىراق مېنىڭ ئۇ كىنونى كۆرگۈم بار ئىدى.

— ئەتە كۆرسەڭمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ!

— بۇگۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قويۇلىدىكەن.

— ئىختىيارىڭ، ئەگەر سەن شۇ كىنونى دەپ ياكى جىڭجىڭنى خاپا قىلىپ قويۇشۇڭدىن ئەنسىرەپ چوڭ بىر سودىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭ بىل!

— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، تىجارەت ھەممىدىن مۇھىم، جىڭجىڭمۇ توغرا چۈشىنەر، — سۇڭ جىن تۇرۇپ كېتىپ ماقۇل بولدى، — بولىدۇ، بۇگۈن كەچتە توختامغا ئىمزا قويۇشقا باراي!

— جىڭجىڭغا نېمە دەيسەن؟

— ئۇنىڭغا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ، كەچۈرۈم سوراپ قويسام بولىدۇ.

سۇڭ ئەپەندى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئارقىدىنلا سۇڭ جىن خۇا جىڭجىڭغا تېلېفون قىلدى.

— نېمە؟ بۈگۈن بارماي، ئەتە بارامدۇق؟ بولمايدۇ، مەن

كىيىنىپ بولدۇم، — دېدى خۇا جىڭجىڭ خاپا بولۇپ.

— توختامغا ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن باراي، كېچىچە سىزگە ھەمراھ بولاي.

— ئەمىسە ۋاقتىدا كېلىسىز، ئەمدى ئالدىمايسىز جۇمۇ!

— جىڭجىڭ، سىز ئەزەلدىن مېنىڭ تىجارەتچى ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز، بۇنداق مېھماندارچىلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ، ئەتىدىن - كەچكىچە سىزگە ھەمراھ بولۇپ سودىنى تاشلاپ قويسام بولماس؟

— سودا مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىلىش بولغاندا، مېنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ ماقۇللۇقۇمنى ئېلىشىڭىز كېرەك، مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويغاندىكىن، ۋاقتىدا كېلىشىڭىز كېرەك.

— مەن ئۇلارنىڭ مېنى تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسەم، دادام ھېلىلا كىرىپ مېنىڭ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتى، بۇنداق ئىش ئىلگىرىمۇ نەچچە ئون قېتىملاپ بولغانغۇ، سىز مېنى ئەزەلدىن چۈشىنىپ، قوللاپ كەلگەنىدىڭىز!

— ھازىر ئۇ ۋاقتتا ئوخشىمايدۇ، ئىلگىرى مەن سىزنىڭ قىز دوستىڭىز ئىدىم، سىزنى باشقۇرۇش ھوقۇقۇم يوق ئىدى، ھازىر سىزنىڭ بولغۇسى خوتۇنىڭىز، ياق، خوتۇنىڭىز بولدۇم، بېرىش - بارماسلىقىڭىزنى بەلگىلەش ھوقۇقۇم بار.

— سودىدا پۈتۈشۈپ، توختامغا ئىمزا قويۇشقا بېرىشىم كېرەكمۇ، يوق؟ جىڭجىڭ، خاپا بولماڭ، ئەتە كەچتە سىزنى تانسىخانىغا ئاپىراي، كېچىچە ئوينايلى، بولامدۇ؟ تېلېفوننى قويۇۋەتتىم، خوش ئەمىسە!

— بۈگۈن ۋاقتىدا كەلمەيدىغان بولسىڭىز، پۇشايمان قىلىپ قالىسىز! — خۇا جىڭجىڭ تۇرۇبكىنى ۋاققىدە قويۇۋەتتى.

سۇڭ جېن گاڭگىراپ قالدى، ئۇ ئەزەلدىن شۇنداق مۇلايىم ئىدى، بۇنداق قوپاللىق قىلمايتتى.

سۇڭ جېن ئەتە ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشقا بارماقچى بولدى.

سۇڭ جېن تۇرۇبكىنى قويۇپ، زاۋۇتنى كۆرۈپ باقماقچى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇپ ماڭدى، چۈنكى نۇرغۇن مال فرانسىيىگە سېلىناتتى.
سۇڭ جېن زاۋۇتتىن ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، توختام ئىمزالاشقا بارماقچى بولدى.
سۇڭ جېن ئۆيگە كىرىشىگە جىن ھامما بېگىمنىڭ ئۇنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.
سۇڭ ئەپەندى تاماقخانىدا ئۆيدىكىلەر بىلەن چاي ئىچىۋاتاتتى.
— بالام، تەلىيىڭ بار ئىكەن، بۈگۈن كەچتە ئاخىرقى قېتىملىق كىنونى كۆرەلەيدىغان بولدۇڭ، — دېدى سۇڭ ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ.
— توختام ئىمزالىغىلى بارىدىغان تۇرسام؟
— قارشى تەرەپنىڭ توختام ئىمزالاشقا مەسئۇل دىرېكتورى جىددىي ئىش بىلەن ياپونىيىگە كېتىپتۇ، توختامنى كېلەر ھەپتە ئىمزالايدىغان بولدۇق، بىراق ئۇلار ئاغزاكى ۋەدە قىلدى، شۇڭا بۈگۈن بارىدىغان يېرىڭگە بېرىۋەر.
— بىراق مەن جىڭجىڭغا ئېيتىپ قويغان، ئۇ يەنە مېنى گېپىڭىزدە تۇرمىدىڭىز دەپ خاپا بولىدۇ.
— سەن ئۇنىڭ بىلەن سائەت قانچىدە كۆرۈشمەكچى بولغان؟
— سائەت بەشتىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولغانىدىم.
— ھازىر ئەمدى بەشتىن 50 مىنۇت ئۆتۈپتۇ، سائەت قانچىنىڭ كىنوسىنى كۆرمەكچى بولغانىدىڭلار؟
— يەتتە يېرىمنىڭ.
— ۋاقىت بارئىكەن، ھازىر بارساڭمۇ ئالتىدىن سەل ئاشقاندا بارىسەن.
— بالام، سەن ئاۋۋال ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ قوي، — سۇڭ خانىم ئوغلىنىڭ ئۇيان - بۇيان چېپىپ جاپا تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى، — ئۇنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇشىغىمۇ بىرمۇنچە ۋاقىت كېتىدۇ، سەن ئازراق چاي ئىچىۋېلىپ ماڭساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن!
— ئاپاڭ توغرا ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ ياسىنىپ - تارىنىشىغا

بىر مۇنچە ۋاقىت كېتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى بالدۇرراق تېلېفون قىلىپ قوي.

سۇڭ جېن قولىدىكى ماتېرىيال سومكىسىنى قويۇپ، تېلېفون قىلدى.

تېلېفوننى جىڭجىڭنىڭ خىزمەتكارى ئافېڭ ئالدى.

— تۇرۇپكىنى خېنىمغا بېرىڭ!

— خېنىم ئۆيدە يوق.

— ئۆيدە يوق؟ — سۇڭ جېن ھەيران قالدى، خۇا جىڭجىڭ ھۆسن تۇزەش ئورنىدىن باشقا يەرگە ئۆزى يالغۇز بارمايدىغان، يېقىندىن بېرى ئۇ يەرگىمۇ سۇڭ جېننى ھەمراھ قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى، — خېنىم نەگە كەتتى؟

— بىلمەيمەن، خېنىم نەگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى.

— ئۇ بېشىنى يۇيدۇرغىلى چىقىپ كەتتىمۇ ياكى كوچا ئايلىنىۋاتامدىغاندۇ؟

— خېنىم ساترىچخانىغا چۈشتە بېرىپ كەلگەن، ئۇ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىپ چىقىپ كەتتى، كوچا ئايلانغىلى چىقمىدى.

— قاچان قايتىپ كېلەر؟

— بىلمىدىم، ئۇ كەچلىك تاماقتا كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ؟

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ — سۇڭ جېن ھەيران قالدى، جىڭجىڭ بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتى.

— خېنىم ئىشىكتىن چىققۇچە ئاشپەزگە تاماق ئېتىشنى تاپىلىمىدى، تاماق ۋاقتىغىچە قايتىپ كېلىدىغان بولسا، تاماق بۇيرۇپ قوياتتى.

— ھە!

— سۇڭ بەگزادە، باشقا ئىش بارمۇ؟

— خېنىم قايتىپ كەلگەندە ماڭا تېلېفون قىلسۇن، سەل تۇرۇپ ئۆزۈم يەنە تېلېفون قىلىمەن، — سۇڭ جېن روھسىزلىنىپ تۇرۇپكىنى قويدى.

— بالام، نېمە بولدى؟ — سورىدى سۇڭ ئەپەندى.
— جىڭجىڭ ئۆيدە يوق ئىكەن، ئۆزى يالغۇز نەگە كەتكەندۇ؟
— بايا سەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ دوستلىرى بىلەن كۆڭلىنى ئېچىپ كېلىشكە چىقىپ كەتكەندۇ؟
— ئۇنىڭ ھەممە دوستى ئامېرىكىدا، بۇ يەردە دوستى يوق.
— تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا كەتكەندۇ ياكى دادىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كەتكەندۇ، — سۇڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى، — ئۇنى ساقلىساڭمۇ كەلمىگۈدەك، كىنونىڭ بۈگۈن ئاخىرقى مەيدانى بولغاندىكىن، بېلەتنى ئىسراپ قىلماي، ئۆزۈڭ بېرىپ كۆرۈپ كەلمەمسەن؟
خۇا جىڭجىڭ ئادەتتە ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، دەردىنى تۆكەتتى، بۇنىڭغا سۇڭ جىنمۇ ئىشەندى، ئۇ چوقۇم بىر ئىشقا يولۇقمايدۇ.
— كىنونىغۇ كۆرگۈم بار، بىراق ئۆزۈم يالغۇز كۆرگۈم كەلمەيدىكەن.
— مەنسى بىلەن بىرگە بار! — سۇڭ خانىم مەنسىنى ئىتتىردى، — مەنسىنى ئوينىتىپ كەلمىگىنىڭگىمۇ ئۇزۇن بولدى.
— مەنسى، ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ — سۇڭ جىن ئۇنى تەكلىپ قىلدى.
— ئىشقىلىپ ئەتە ئىمتىھان ئالمايدۇ، — دېدى مەنسى، — تاپشۇرۇقلارنىمۇ ئىشلەپ بولدۇم.
— بىراق، شاڭچيەن ...
— بۈگۈن يا شەنبە، يا دەم ئېلىش كۈنى بولمىسا، — دېدىن جىن ھامما، — مەنسى بىلەن شاڭچيەننىڭ كۆرۈشىدىغان كۈنى ئەمەس.
— شاڭچيەن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى قويۇقلىشىپ قالغاندىغۇ؟ يەنىلا ئادەتتە كۆرۈشمەي يۈرەمسىلەر؟
— ئاندا-ساندا كۆرۈشۈپ قالىمىز، لېكىن بۈگۈن كۆرۈشمەيمىز.

— بولدى، گەپنى ئاز قىلىڭلار، مەنسى، كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ چىقىڭ، — سۇڭ خانىم ئوغلىنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى، — ئازراق تورت يەۋال، كىنو كۆرۈپ بولغۇچە سائەت ئون بولۇپ كېتىدۇ.

— تاماق بۇيرۇتۇپ قويغاندىم، كاتىپقا ئۇنى قايتۇرۇۋېتىشنى ئېيتىپ قويماپتىمەن.

— ئۇنداق بولسا، مەنسى بىلەن بىرگە يەپ كەل، جىن هامما، مەنسىگە ئېيتىپ قويۇڭ، چىرايلىق ياسانسۇن، كىنو كۆرۈپ بولۇپ تاماققا بارىدىكەن ...

بۇ كىنونى سۇڭ جېن بىلەن مەنسى ھەر ئىككىسى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار بىرلىپ كۆردى، سۇڭ جېن ياخشى ھەمراھ تاپقاندى، جىڭجىڭ بۇنداق كىنولارنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى.

كۇلۇبنىڭ تاماقخانىسىغا كىرگەندە، سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭغا تېلېفون قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇ مەنسىگە:

— مەن جىڭجىڭغا تېلېفون قىلىپ باقاي، قايتىپ كەلگەن بولسا، بىز بىلەن بىرگە تاماق يېسۇن، بولامدۇ؟ — دېدى.

مەنسى ئەلۋەتتە ماقۇل بولاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ خەقنىڭ ئورنىدا كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ - دە.

سۇڭ جېن بىردەمدىلا قايتىپ كەلدى، مەنسى ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، جىڭجىڭنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى سەزدى.

— ئۇ تېخى كەلمەپتۇ، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، شاڭچيەننى سورىسام، ئۇمۇ يوق دەيدۇ.

— ئۇ ئادەتتە دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە ئاساسەن ياتاقتا بولىدۇ.

— بىز قورۇما بۇيرۇتايلى ...

تاماق ۋاقتىدا، سۇڭ جېن گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كاللىسى توختاپ قالغاندەك قىلاتتى، مەنسى ئۇنىڭ ئۆزى بۇ يەردە ئولتۇرغىنى بىلەن، خىيالى خۇا جىڭجىڭدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

— تاماقنى يەپ بولۇپ جىڭجىڭ ھەدەملەرنىڭكىگە بېرىپ

www.uyghurkitap.com

باقامسىز؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — سۇڭ جېن توساتتىن روھلاندى، — ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق گەپ قىلماي چىقىپ كەتمەيتتى، دادىسىنىڭ شىركىتىگە بارسىمۇ ماڭا تېلېفون قىلىپ قوياتتى، مەن ئۇنىڭ بىرەر بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. تاماقنى تېزرەك يەپ بېرىپ باقايلى!

مەنسى سۇڭ جېننىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بالدۇرراق قايتىپ ئۇخلىماقچى بولدى.

ئۇ سۇڭ جېننىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشىنى كۈتۈپ تۇرماي، تاكسىغا چىقىپ ئۆيگە قايتتى.

سۇڭ جېن خۇا ئائىلىسىگە ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى.

خۇا جىڭجىڭ تېخىچە قايتمىغانىدى. ئافېڭ ئۇنىڭغا جىڭجىڭنىڭ تېلېفون قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. سۇڭ جېن ئىلاجسىز ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرماقچى بولدى. ئۇ مېھمانخانىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇردى، تېلېۋىزوردا ئىنگلىز تىلى پروگراممىسىمۇ توختاپ كەتكەنىدى، سۇڭ جېننىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ مۈگدەپ قالدى.

سۇڭ جېن چالا ئۇيقۇلۇقتا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ تىۋىشىنى، ئارقىدىن خۇا جىڭجىڭنىڭ ئافېڭ بىلەن گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

ئۇ دەرھال سەگەكلەشتى، خۇا جىڭجىڭ راستتىنلا قايتىپ كەلگەنىدى.

— جىڭجىڭ، قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ قەيەرگە باردىڭىز، مەن سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغىلى نە ۋاخ، — سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— سىز ئولتۇرۇشقا بارماقچىدىڭىزغۇ! مەن باشقا بىر يەرگە باردىم.

— ئولتۇرۇش بولمىدى، توختامىمۇ ئىمزالانمىدى، باشقا بىر كۈنگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولدى. مەن سائەت بەشتىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە سىزگە تېلېفون قىلغانىدىم، سىز چىقىپ

كېتىپسىز!

— شۇنداقمۇ؟ مەن بىلمەيدىكەنمەن.

— ۋوي، سائەت ئىككى بولۇپ كېتىپتۇ؟ سىز زادى نەگە باردىڭىز؟ مۇشۇنداقمۇ كەچ قايتامسىز؟ مېنىڭ ئەنسىرەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىز، بىلمەمسىز؟ — دېدى سۇك جېن سائىتىگە قاراپ.

— نېمىگە ئەنسىرەيتتىڭىز؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان چوپچوڭ ئادەم، كىچىك بالا ئەمەس. قەيەرگە بېرىشىمغا كەلسەك، نەگە بارغۇم كەلسە، شۇ يەرگە بارىمەن، مەن سىزگە، ۋاقتىدا كەلمەيدىغان بولسىڭىز پۇشايمان قىلىپ قالىسىز، دېمىگەنمىدىم؟

— ھە؟ سىز مېنى قەستەن قورقۇتماقچىمۇ؟

— بىرىنچى قېتىم سىزگە كۆرسىتىپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىگە ماقۇل دەپ يۈرۈۋېرىدىغان ئىش يوق، — خۇا جىڭجىڭ سۇك جېنغا ئالايدى، — كۆرىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشۈشكە كېچىكىپ كېلەمسىز، كەلمەي قويامسىز؟

— مېنىڭ كېچىكىپ قېلىشىمدا سەۋەب بار، مەن سودا ئىشى بىلەن كېچىكىپ قېلىۋاتىمەن، سىز ئەزەلدىن مېنى چۈشىنەتتىڭىز، دائىم سودىڭىز مۇھىم دەيتتىڭىز، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى دەپ خىزمىتىمگە تەسىر يەتكۈزمەيتتىڭىز. غەرەز ئۇقاتتىڭىزغۇ؟

— ئۇ چاغدا سىز بەك ئالدىراش ئىدىڭىز، شۇڭا سىزنى توغرا چۈشىنەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى مەن سىزنىڭ قىز دوستىڭىز ئىدىم. ئىشلىرىڭىزنى سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقۇم يوق ئىدى، — خۇا جىڭجىڭ گەپنى تىزىۋەتتى، — ھازىر خىزمىتىڭىز ئىزىڭىزغا چۈشتى، بۇرۇنقىدەك كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز خىزمەت بىلەن شەخسىي ئىشىڭىزنى ئوبدان ئايرىۋېلىشىڭىز كېرەك، پەقەت تىجارەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، خوتۇنىڭىز بىلەن كارىڭىز بولمىسا بولمايدۇ.

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

— تىجارەت قىلغاندىكىن ئۇنداق ئولتۇرۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ، كۆڭلىدە دېگۈدەك سىز بىلەن بىرگە بولۇۋاتىمەن، قانداقمۇ سىز بىلەن كارىم بولمىسۇن؟

— مەن سىزنى ئولتۇرۇشقا بارماڭ دېمىدىم، بالدۇرراق خەۋەر قىلىپ قويۇڭ دەۋاتىمەن، مەن بىلەن ۋەدىلىشىپ قويۇپ، ئولتۇرۇشقا كېتىپ قالسىڭىز بولمايدۇ - دە. بولدىلا، بۈگۈن سىزنى كەچۈرۈۋېتەي، بۇ ئىش قايتا تەكرارلانمىسۇن، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننىڭ قولىدىن تارتىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى.

— جىڭجىڭ، مېنى نەگە تارتىپ كېتىۋاتىسىز؟

— ھۇجرامغا باشلاۋاتىمەن، ئاشخانىغا ماڭدىمىكىن دەپ قالدىڭىزمۇ؟

— جىڭجىڭ، ھازىر يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى، ئەتە خىزمەتكە بارىمەن، بالدۇرراق قايتىپ ئۇخلاي.

— شۇنداقمۇ؟ — جىڭجىڭ تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى، — خاتالىقىڭىز ئۈچۈن مەن تېخى سىزنى جازالىمىدىم جۇمۇ! بۇ يەرگە كەلگەن تۇرۇقلۇق ماڭا ھەمراھ بولمايدىغان ئادەم نېمە دەپ كەلدىڭىز؟

— سىزدىن ئەنسىرەپ كېلىشىم، سىز ئادەتتە سىرتقا يالغۇز چىقمايتتىڭىز ئەمەسمۇ؟

— ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈۋېلا مەن بىلەن كارىڭىز بولمامدۇ؟ بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ئۆزۈمنى دېڭىزغا تاشلىۋالاتتىمكەن، — جىڭجىڭ سۇڭ جېننىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى، — كېتىڭ! مەن بىلەن كارىڭىز بولمايدىغان بوپتۇ - دە!

— جىڭجىڭ ... — سۇڭ جېن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ئىلگىرى سۇڭ جېن بىلەن جىڭجىڭ پەقەت سوقۇشمايتتى. سۇڭ جېن باشقىلار بىلەن سوقۇشۇشنى ياقتۇرمىغاچقا،

ئاسانلىقچە باشقىلار بىلەن سوقۇشمايتتى.

خوۋا جىڭجىڭمۇ ئەزەلدىن ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشماي، دائىم ئۇنىڭغا يول قويـاتتى، شۇڭا ئۇلار سوقۇشماي، ئىناق ئۆتۈپ كەلگەنىدى.

يېقىندىن بېرى ئۇلار سوقۇشۇپ قالىدىغان بولدى، جېدەلنىڭ كۆپىنچىسىنى خوۋا جىڭجىڭ تېرىيتتى، سۇڭ جېن خىزمەت بىلەن كېچىكىپ قالسا ياكى جىڭجىڭغا قىزغىن بولمىسا، جىڭجىڭ دائىم ئۇنى سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى.

سۇڭ جېن خوۋا جىڭجىڭنىڭ ئادەم تىللاشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان بولدى.

ئىلگىرى ئۇلار كۆرۈشمەكچى بولغاندا، خوۋا جىڭجىڭ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇچرىشىدىغان جايغا ئۆزى باراتتى.

سۇڭ جېن ئۇنى ئالغىلى بارغان چاغلاردا، ئۇ چىرايلىق ياسىنىپ ــ تارىنىپ تۇرغان بولسا، دەرھال سۇڭ جېننىڭ كاستۇمىغا ماس كېلىدىغان كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقاتتى، شۇنداق چاغلاردىمۇ ھەرگىز سۇڭ جېننى ساقلىتىپ قويمايتتى.

بىراق يېقىندىن بېرى، سۇڭ جېن ئۇنى ئالغىلى بارمىسا بولمايدىغان بولدى، ئۇ سۇڭ جېننى كۆرۈپ، ئاندىن ئالدىرىماي گىرىم قىلىدىغان بولدى. سۇڭ جېن ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ خىزمەتكارلارنى، بولۇپمۇ ئايال خىزمەتكار ئافېڭنى كۆپرەك ئىشقا بۇيرۇيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

سۇڭ جېن باشقىلارنى بۇنداق سىلكىپ ئىشقا بۇيرۇشتىن قورقاتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ھېچقايسىسى خىزمەتكارلارنى بۇنداق سىلكىپ ئىشقا بۇيرۇمايتتى.

سۇڭ جېن خوۋا جىڭجىڭنىڭ بەك ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ ئافېڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئافېڭنى دەپ جىڭجىڭ بىلەن دېيىشىپ قالدى.

خوۋا جىڭجىڭ ئۇنى خىزمەتكارغا يان باسماسلىقى كېرەك، بىر چاكارنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن قارشى مەيداندا تۇرماسلىقى كېرەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپ قارىدى.

خوۋا جىڭجىڭ سۈڭ جېننى ئەرزىمەس چاكار ئۈچۈن مەن بىلەن قارشىلاشتى، دەپ ئەيىبلىدى.

بىر كۈنى، خوۋا جىڭجىڭ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ، ئافېڭنى سومكىسىنى ئاچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئافېڭ ئۇقۇشماي باشقا بىر سومكىنى ئاچىقاندا، جىڭجىڭ سومكىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى، ئافېڭ بېشىنى پەس قىلىۋالغان بولسىمۇ، سومكا ئۇنىڭ پېشانىسىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى.

— بىرەر يېرىڭىز يارىلانمىغاندۇ؟ — سۈڭ جېن ئالدىراپ ئافېڭنىڭ قېشىغا كەلدى.

ئافېڭنىڭ پېشانىسى يارىلانغان بولسا كېرەك، پېشانىسىنى تۇتقىنىچە گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدى.

— سومكىڭىز ئۇنىڭ پېشانىسىنى سۈرۈۋېتىپتۇ، — دېدى سۈڭ جېن خوۋا جىڭجىڭغا، — ئۇنىڭغا نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىسىز؟

— ئۇنداق قىلسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ بۇ بىرىنچى قېتىملىقى بولمىسا، ئالدىنقى قېتىمدا ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىم ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتكەن، ئۇ قانچىلىك نېمىتى؟ — خوۋا جىڭجىڭ ئافېڭغا ئالايدى، — ئاپام ئۇنىڭغا 5000 سوم بېرىپ ئەكەلگەن، ئۇ ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا جازالاش كېرەك، قىلغۇسى كەلمىسە قىلمىسۇن، خەقلەر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرۇقلۇق 5000 سوم ئالالمايدۇ، ئۇ سەھرالىق باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ پۈتتۈرمىگەن تۇرسا.

— گېپىڭىزچە، پۇل تۆلىگەندىن كېيىن خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرسىمۇ بولغۇدەك ـ دە؟ — سۈڭ جېن ئافېڭنى پېشانىسىگە ئازراق دورا سۈرۈۋېلىشقا بۇيرۇدى.

— سۈڭ جېن، بولدى قىلسىڭىز بولارمىكىن؟ — خوۋا جىڭجىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ سۈڭ جېن تەرەپكە كەلدى، — مەن خىزمەتكارنى ئەدەپلەپ قويۇۋاتىمەن، سىزنى جازالىغىنىم يوق،

سىز نېمىشقا مەن بىلەن قېرىشىپ، مېنى ئەيىبلەۋېرىسىز؟

— سىزمۇ بەك ئاشۇرۇۋېتىۋاتىسىز، بېشى يېرىلىپ كەتسە قانداق قىلاتتىڭىز؟ سومكىنى خاتا ئاچقىلى قويغان بولسا، كېيىن يەنە بىرىنى ئاچقىسىلا بولىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇ يا خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن تۇرسا؟

— سىز ئۇنى دەپ مەن بىلەن سوقۇشامسىز؟ — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېنغا چەكچەيدى، — ئۇ زادى سىزنىڭ نېمىڭىز ئىدى؟ ئۇنىڭغا ئەجەب يان بېسىپ كەتتىڭىزا! ؟ ئۇنىڭغا كۆزىڭىز چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇنى تىللىسام ئىچىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— سىز، سىز پەقەت غەرەز ئۇقمايدىكەنسىز، — سۇڭ جېننىڭ ئاچچىقى كەلدى، — سىز مېنىلا ئەمەس، ئۆزىڭىزنىمۇ ھاقارەتلىدىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئوبدان تەكشۈرۈڭ!

سۇڭ جېن سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەسلىدە ئۇ خۇا جىڭجىڭ بىلەن تاماق يېگىلى بارماقچىدى. خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننىڭ قىلغىنىغا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئۇلارنىڭ تونۇشقاندىن بېرى تۇنجى قېتىم قاتتىق سوقۇشۇشى ئىدى.

سۇڭ جېننىڭ چىقىپ كېتىشى خۇا جىڭجىڭنى ھەيران قالدۇردى.

سۇڭ جېن تۇنجى قېتىم قىز دوستى بىلەن سوقۇشۇپ كۆڭلى غەش بولدى، بىراق خۇا جىڭجىڭنىڭ سۆزى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەندى.

ئەتىسى سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭغا تېلېفون قىلمىدى، ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى يانمىغانىدى، ئۇ ئۆيگە قايتىپ، ھۇجرىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ تونۇشقىنىغا ئىشلارنى ئەسلىدى، ئۆزىنىڭ قىلغانلىرى خۇا جىڭجىڭنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىك ئىدى، خۇا جىڭجىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ھالەتتىمۇ ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئۇ ئولتۇرالماي قالدى، ئۇنىڭ خۇا جىڭجىڭ بىلەن مۇشۇنداقلا

تۇگىشىدىغانغا ئاساسى يوق. راست، يىقىندىن بىرى ئۇنىڭ خۇا جىڭجىڭدىن بارغانسېرى كۆڭلى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ بىردىنلا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، پەقەت غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇنى ئاز دەپ مىجەزىمۇ بارغانچە ئۇساللىشىپ كېتىۋاتاتتى، گەرچە ئۇ سۇڭ جېنغا ئىنتايىن ئاز ئاچچىق قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمەتكارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن ئۇنىڭ مۇلايىم، سىلىق ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى، سۇڭ جېن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى.

بىراق نىمىلا دېگەنبىلەن، خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭ بولغۇسى خوتۇنى، ئەڭ يېقىن ئادىمى تۇرسا.

سۇڭ جېن بۇلارنى ئويلاپ، تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ خۇا ئائىلىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستى، بىراق ئۈچ نومۇرنى بېسىپ بولۇپ قولىنى تارتىۋالدى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئويلاپ يەتتى.

خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېنىنىڭ كېلىپ ئەپۇ سورىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى، بىراق ئىككى كۈن كۈتكەن بولسىمۇ، سۇڭ جېن كەلمىدى، ئۇنىڭدىن تېلېفونمۇ يوق. خۇا جىڭجىڭ ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى، ئەگەر سۇڭ جېن راستتىنلا كەلمەي قويسا، ئۇنىڭ ئەجرى بىكار كەتمەمدۇ؟ ئۇ بىر چاكار ئۈچۈن سۇڭ جېندىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ ـ دە!

خۇا جىڭجىڭ ئاخىر سۇڭ جېنغا تېلېفون قىلدى، ئۇ ھېلىقى ئىشلارنى تىلغا ئالماي، تانسىغا بېرىپ كېلىشنى ئېيتتى، سۇڭ جېنمۇ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى، بىر مەيدان داۋالغۇشتىن كېيىن ئىشلار ئىزىغا چۈشتى.

بىراق، سۇڭ جېننى غۇم ساقلىمايدۇ دېسە، يالغان گەپ بولۇپ قالاتتى.

خۇا جىڭجىڭ ئاپېڭنى كەتكۈزۈۋېتىپ، يەنە بىر خىزمەتكارنى ئەكەلدى. ئۇ ئەمدى سۇڭ جېننىڭ ئالدىدا خىزمەتكارلارنى

تىللىمايدىغان بولدى.
سۈڭ جېن بىلەن خۇا جىڭجىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، ئاسانلا ئەپلىشىپ قالدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، سۈڭ جېننىڭ شىركىتىگە ياپونىيىلىك ئىككى سودىگەر كەلدى، ئۇلارنىڭ سودا ئالاقىسى ھەم دوستانە ھېسسىياتى بولغاچقا، سۈڭ جېن ئۇلارنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى، ئۇلار سۈڭ جېنغا كېچىلىك ئايروپىلاندا قايتىدىغانلىقى ھەم تاماق يېگۈسى يوقلۇقىنى، بۇ يەرگە پەقەت سۈڭ جېن بىلەن كۆرۈشكەچ، پاراڭلاشقىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.
ئۇلار قىزغىن پاراڭلاشتى، سۈڭ جېن يەنە خۇا جىڭجىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاتىپىنى قەھۋە دەملەشكە بۇيرۇپ، ئارقىدىن يەنە جىڭجىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۇچرىشىدىغان جايىنى ئېيتىپ قويۇشنى، بىراق قاچان بارىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەسلىكى، چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەچلىك تاماق يېيىشكە ئۇلگۈرۈپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى، بۇ سودىگەرلەر سائەت توققۇزنىڭ ئايروپىلانىدا قايتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.
بۇ ئىككى سودىگەر سائەت ئالتىدە كەتتى، سۈڭ جېن دەرھال ماشىنىسىنى ھەيدەپ خۇا ئائىلىسىگە كەلدى، يېڭى خىزمەتكار ئۇنى كۆرۈپ:
— خېنىم سىرتقا چىقىپ كەتتى! — دېدى.
سۈڭ جېننىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.
ئۇ ئۆيگە قايتىپ، دەھلىزدە ئولتۇرغان مەنسىنى كۆردى.
مەنسى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى.
— نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭىز؟ — سورىدى سۈڭ جېن.
— تاغام توغرا ئېيتىپتۇ.
— توغرا ئېيتىپتۇ؟ ئۇ نېمە دېگەنىدى؟

— ئۇ سىزنى بۇگۈن چوقۇم سەككىزدىن بۇرۇن قايتىپ كېلىدۇ، — دېگەنىدى.

— شۇنداقمۇ؟ — سۇك جېن ھەيران قالدى، ئۇ قولىدىكى ھۆججەت سومكىسىنى قويۇپ سورىدى، — ئۇ قانداق بىلىپتۇ؟ مەن ئۇنىڭغا كەچلىك تاماققا قايتمايدىغانلىقىمنى ئېيتقان تۇرسام؟

— شۇڭلاشقا شۇنداق دېدى، — مەنسى تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، — ئەمەلىيەتتە مەن ئاربلاشماسلىقىم كېرەك ئىدى.

— ئېيتىڭا، — سۇك جېن مەنسىنى تارتىپ ئولتۇرغۇزدى، — سىز مېنىڭ ئەزەلدىن بۇنداق كېكەچلەپ تۇرىدىغانلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ.

— تاغامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا، ياپونىيىلىك ئىككى سودىگەر سىزنىڭ ئىشخانىڭىزدا ئىكەن، شۇڭا ئۇ سىزنىڭ بۇگۈنكى ئۇچرىشىشقا كېچىكىپ بارىدىغانلىقىڭىزنى، جىڭجىڭنىڭ يەنە ئاچچىقىدا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى پەملەپتۇ.

— ئۇ تازىمۇ بىر ... بولدىلا، ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايلى، — سۇك جېن قولىنى پۇلاڭلاتتى، — تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ئىشلەپ بولدىڭىزمۇ؟

— ئىشلەپ بولدۇم.

— تېز كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ چىقىڭ، ئىككىمىز تاماق يەپ كېلەيلى، — سۇك جېن مەنسىنى ئىتتىردى، — تاللا تاماقخانىغا بارايلى ...

ئۇلار مېھمانساراي رېستورانىغا كېلىپ، ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا مەنسى سۇك جېندىن سورىدى:

— جىڭجىڭ ھەدەمگە تېلېفون قىلىپ باقامسىز، ئۆيگە قايتىپ كەلدىمىكىن، قايتىپ كەلگەن بولسا، بىرىپ ئەكەلمەمسىز؟

— ئۇ يېرىم كېچە بولمىغۇچە قايتمايدۇ، — سۇك جېن مەنسىنىڭ قولىدىن تارتتى، — يۈرۈڭ، ئىككىمىز خاتىرجەم تاماق يەيلى.

ئالدىنقى قېتىم سۇك جېن ئەنسىزلىكتە گېلىدىن تاماق

ئۆتمىگەنىدى، بۇگۈن خاتىرجەم ئولتۇرۇپ يەۋەردى، ئۇ بىر تەخسە گۆشنى يەپ بولۇپ، ئارقىدىن بىر تەخسە ئىسسىق قورۇما، بىر تەخسە راك ... ئەكېلىپ، مەنىسى بىلەن خۇشال پاراڭلاشقاچ يېدى.

— سىز بىلەن تاماق يېسەم ئەڭ كۆڭۈللۈك يەيمەن، باشقىلارنىڭ مېنىڭ تاماق يېيىشىمگە قاراپ ئولتۇرۇشىدىن ئەنسىرەيدىكەنمەن، بىرگە يېسە نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك، دادام ـ ئاپامنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، جىق يېيەلمەيدۇ. جىڭجىڭ سەمرىپ، فىگورىسىنىڭ سەتلىشىپ كېتىشىدىن، تېرىسىگە تەسىر قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ـ بۇنى يەپ قويۇپ، قورسىقىم تويدى، دەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بۇنداق يەرگە كەلسە، بەك كۆڭۈلسىز.

— ھەربىر ئادەمنىڭ ئىشتىھاسى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارى ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ھەربىر ئادەمنىڭ ياشاش مۇھىتىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىر ئۆيدە چوڭ بولغاچقا، تاماقنى جىق يەيدىغاندىمىز.

— توغرا، ئىككىمىز ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمىز، جىڭجىڭنىڭ ھەرىكەت قىلغۇسى كەلمەيدۇ، جاپادىن قورقىدۇ، ئۇ گۈزەللىك گىمناستىكىسى ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، بىراق مەن ئوينىيالمايمەن.

— مەنمۇ ئوينىيالمايمەن، مەن پەقەت سۇ ئۈزۈش، تېننىس توپ، راكېت توپ ئويناشنىلا بىلىمەن. ۋالىبول بىلەن ۋاسكېتبولنى مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئۈچۈنلا ئويناپ قويىمەن.

— ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا مەنمۇ ۋاسكېتبول ئويناشنى ياخشى كۆرەتتىم، مۇسابىقىدە مۇكاپاتمۇ ئالغانىدىم. بىراق ھازىر ئۇنى ئوينايدىغان پۇرسەتمۇ يوق، بۇرۇنقى كوماندا ئەزالىرىنى تېپىش تەس ئىكەن. شۇڭا، مەنمۇ پەقەت سۇ ئۈزىمەن، تېننىس توپ، راكېت توپ ۋە گولف توپنىلا ئوينايمەن. جىڭجىڭ بولارنىڭ بىرىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ، ئۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىشىدىن، چارچاپ قېلىشىدىن قورقىدۇ!

— ئۇ تانسىنى بەك ياخشى، لەرزان ئوينايدىكەن، — دېدى مەنسى مېۋە - چېۋىلەردىن يەۋېتىپ، — سۇك جېن ئاكا، سىزمۇ تانسىغا ئامراق، بۇ جەھەتتە ئىككىڭلار بەك ماسلىشىسىلەر.

— دەسلەپ قايتىپ كەلگەن چېغىمدا خىزمەت بېسىمىنىڭ ئېغىرلىقىدا تانسا ئويناپ، كاللامنى سەگىتىشنى ياخشى كۆرەتتىم، بىراق بارغانسېرى قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدىم، دېسكوخانا ۋە كەچلىك مۇراسىمخانىلارغىمۇ جىڭجىڭنى دەپلا بارىمەن. ئۇ يەرلەر بەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ، بولۇپمۇ دېسكوخانا دەڭا، ئىچىدە نەچچە سائەت سولىنىپ، قۇلىقىم پاڭ بولۇپ قالاي دەيدۇ. جىڭجىڭ بارىمىز دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، ھەرگىز بارمايتتىم، — دېدى سۇك جېن، — پۇرسەت تېپىپ سۇ ئۈزۈشتە بەسلىشىپ باقامدۇق؟

— ياخشىغۇ! — مەنسى يەنە بېشىنى چايقىدى، — بىراق ۋاقىت چىقماسمىكىن، ئادەتتە خىزمەتكە بارىسىز، دەم ئېلىش كۈنىدە جىڭجىڭ ھەدەمگە ھەمراھ بولىسىز.

— يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەنمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بەرىبىر جىڭجىڭ ئەتىگىنى ئورنىدىن بالدۇر تۇرۇشنى خالىمايدۇ، ئۇ ھەر كۈنى چۈشكىچە ئۇخلايدىغان تۇرسا.

— بۇرۇن يەكشەنبە كۈنلىرى ئەتىگەندىلا چىقىپ كېتەتتىڭلارغۇ؟

— ئىلگىرى دەمسىز؟ — سۇك جېن ئاچچىق كۈلدى، — ئادەم ھامان ئۆزگىرىدۇ، بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە مۇنداق بولۇپ قالىدۇ ... قانداق، بەسلىشەمسىز؟

— بەسلىشىمەن.

— يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن سەككىزدە كۆرۈشىمىز ...

ئۇلار تاماقنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك يېدى، ھېساباب قىلىدىغان چاغدا مەنسى:

— مەن ئۆزۈم تاكسىغا ئولتۇرۇپ كېتەلەيمەن، — دېدى.

— نېمىشقا مېنىڭ ماشىنامغا چىقمايسىز؟

— سىز خوۋا ئائىلىسىگە بېرىپ، جىڭجىڭ ھەدەمنى

ـ ئاقلايدىغان تۇرسىڭىز؟

— بۇگۈن بارمايمەن، ئالدىنقى قېتىم نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ، ئىچىم بەك سىقىلدى، بىر قېتىم ئۆتتى، ئەمدى سەل كاللامنى ئىشلەتمىسەم بولمايدۇ.

بىراق جىڭجىڭ ھەدەم، ئۇ ...

— ئۇ بەلكىم مېنى خاتا قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن، بىراق مەن ھەرگىز بوينۇمغا ئالمايمەن. ئۇنىڭ قېشىغا كىچىكىپ بولسىمۇ بېرىۋاتىمەن، خىزمەت سەۋەبىدىن كېچىكىپ قالغاندىكىن، مېنى كەچۈرۈۋېتىشى كېرەك، بىراق ئۇ ئۇنداق قىلماي، ئوينىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ، بۇنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆرمەيمەن. ئەتە تېلېفون قىلىپ قويسام ئوڭشىلىپ قالىدۇ. ئىككىمىز تەڭ قايتىمىز.

بۇگۈن قورسىقىم بەك تويۇپ كېتىپتۇ، — دېدى سۇڭ جېن يولدا كېتىۋېتىپ.

— مېنىڭمۇ شۇ.

— پىيادە ماڭساق راھەتلىنىپ قالاتتۇق، بىراق ئەتە دەرسكە بارىسىز - دە؟

— ئانچە كەچ ئەمەسكەن، — دېدى مەنسى سائەتكە قاراپ، — پىيادە ماڭساق، تامىقىمىز سىڭىپ كېتەتتى.

مەنسى سۇڭ جېن بىلەن بىرگە يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، باشقا ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى.

سۇڭ جېن ماشىنىسىنى تاغ چوققىسىغا توختاتتى، ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، ساپ ھاۋادىن قېنىپ سۈمۈردى. ئۇلار بىر هازا مېڭىپ، شىپاڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نېمىدېگەن راھەت، — دېدى مەنسى ۋادەكنى تۇتۇپ، — جىڭجىڭ ھەدەم ئىككىڭلار بۇ يەرگە دائىم كېلەمتىڭلار؟

— بىر قېتىم كەلگەن، ئۇ تاغ چوققىسى، دەريا بويلىرىدا سەيلە قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ، ھەر قېتىم بۇنداق يەرلەرگە كەلسەك، ئۇ يەنىلا دىسكوخانىغا بېرىپ هاراق ئىچكەن ياخشىكەن،

دەيدۇ.

— مەن ئەزەلدىن ئۇنى بەك رومانتىك دەپ قارايدىكەنمەن.

— بەزىدە شۇنداق! — يېقىندىن بېرى خۇا جىڭجىڭدا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى، ئۇ ھەتتا سۇڭ جېنغىمۇ تونۇق بەرمەيۋاتاتتى، — شاڭچيەن ئىككىڭلارچۇ؟ بۇ يەرگە كېلىپ باققانمۇ؟

— ئۇ بارايلى دېگەندە مەن رەت قىلغانىدىم!

— سىزمۇ بۇنداق يەرلەرنى ياقتۇرمايدىكەنسىز - دە!

— ياقتۇرىمەن، بىراق كىم بىلەن كېلىشىمگە قارايمەن.

— بۇ يەر بەك خىلۋەت ئىكەن، — سۇڭ جېن ئەتراپىغا قارىدى، — سىز شاڭچيەنگە تېخىچە ئىشەنچ قىلالمايۋاتامسىز؟

مەنسى بېشىنى لىڭشىتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەتلا ئىشەنچ مەسىلىسى ئەمەس ئىدى.

— شاڭچيەن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جېن مەنسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ.

— گېپىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋاتىمەن، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

— ئۇ سىزگە قانداقراق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىۋاتقىلىمۇ خېلى بولدى، ئۇنىڭغا قارىتا ئازراق بولسىمۇ تونۇشقا كەلگەنسىز؟

— ئۇ ماڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ، مېنى ھۆرمەتلەيدۇ، ماڭا كۆيۈنىدۇ.

— ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ شارائىتىمۇ يامان ئەمەس، ئۆزى قاملاشقان، سىزگە ماس كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىلا ياخشى كۆرىدۇ. كەلگۈسىدە ياخشى ئەر بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئۇنچە يىراقنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن، — مەنسىنىڭ مەڭزى ئوت ئېلىپ كەتتى.

— سىلەر تېخى كىچىك، ئاستا - ئاستا تونۇشىسىلەر،

ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىشىسىلەر، — دېدى سۇڭ جېن، — ئادەمگە سىرتىغا قاراپلا باھا بېرىشكە بولمايدۇ، قارشى تەرەپنى ئوبدان چۈشەنمەي تۇرۇپ ھەرقانداق ۋەدە بېرىشكە بولمايدۇ، ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇش كېرەك. ئەرلەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا ئاقىۋىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، بىراق ئاياللار ئېغىر زىيان تارتىدۇ، مەن بەك جىق سۆزلەمدىكەنمەن؟

— سىز ماڭا كۆڭۈل بۆلگەچكە مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، بۈگۈن مۇشۇنداق ئۇزۇن پاراڭلىشىپتۇق، سۇڭ جېن ئاكا، مەن سىزگە رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ، سىز بىلەن پاراڭلىشىمەن، ئىلگىرى مەن سىزنى كىچىك دەپ سەل قاراپ كەپتىمەن ...

سۇڭ جېن مەنسىنىڭ ئەتە مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرغۇسى كەلمىدى. بىراق ماشىنىدا ئۆيگە قايتقۇچە داۋاملىق پاراڭلاشتى.

— سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىز بار ئىدىغۇ، نېمىشقا يېقىندىن بېرى ئۆيگە كەلمەس بولۇپ قالدى؟

— دوستۇم؟ — مەنسىنىڭ شاڭچيەندىن باشقا دوستى يوق ئىدى.

— ساۋاقدىشىڭىز دېيىشىم كېرەك ـ ھە؟

— جۇ ۋېنفېڭمۇ؟

— توغرا، ئۇنىڭ بىر ئاكىسى بار ئىدىغۇ؟

— ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ كاساپىتىدىن بولدى. مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرىپ، بوش ۋاقتىم بولسا شاڭچيەن بىلەن بىرگە بولغاچقا، تەبىئىيلا جۇ ۋېنلۇڭ بىلەن ئارىلىشالمىدىم.

— ئۇ ئاكامنى ياراتمىدىڭ دەۋاتامدۇ؟

— بىز ئون نەچچە يىللىق ساۋاقداش، ئۇ مېنى بەك چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاكىسى ئۇنى ماڭا كۆڭۈل بۆلمىدىڭ دەپ

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

ئەيىبلەپ، ئۇنى رەنجىتىپ قويغاچقا، ئۇ خۇا شاگچيەنگە ئۆچ بولۇپ كەتتى، شۇڭا ئۆيىمىزگە كەلمەس بولۇپ كەتتى.

— ئون نەچچە يىللىق ساۋاقداش، ئون نەچچە يىللىق دوستلۇق ئاسان قولغا كەلمەيدۇ، ئۇنى ئوبدان قەدىرلەش كېرەك، ئۇ باشقا ئىشلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك، جۇ ۋېنفېڭ بىلەن ئوبدان ئارىلىشىڭ...

سۇڭ جېنىنىڭ سۆزى بىلەن بولسا كېرەك، ئەتىسى دەرستىن چۈشكەندە، مەنسى جۇ ۋېنفېڭنى چايخانىغا تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار بىر كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، جۇ ۋېنفېڭ بوش ئاۋازدا توۋلىۋەتتى ھەم مەنسىنى نوقۇدى:

— بىز يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق!

— كىم؟

— رېستوراننىڭ ئىشىكى ئالدىغا قارا!

مەنسى بۇرۇلۇپ قارىدى، ئىشىك ئالدىدا ئىنتايىن چىرايلىق ياسانغان بىر ساھىبجامال تۇراتتى.

ئۇ قىز ئۇچىسىغا ھال رەڭ يىپەك كاستۇم ـ يوپكا كىيگەنىدى، كىيىمى كۆزلۈك كىيىم بولسىمۇ، ياقىسى بەكلا تۆۋەن ئويۇلغانىدى، ئۇ بىر ئەرگە كۈلۈپ گەپ قىلىپ، ئاندىن ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

— ئۇ يۈزدەيۈز خۇا جىڭجىڭ، بىراق ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەر سىنىڭ نەۋرە ئاكاڭ ئەمەس، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ.

— سۇڭ جېن ئاكام تېخى ئىشتىن چۈشمىدى.

— ئۇ ئەر كىمدۇ؟

— مەن كۆرۈپ باقمىغان.

— ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ يېقىن ئاشىقى!

— سۇڭ جېن ئاكام، ئۇنىڭ بۇ يەردە بىرمۇ دوستى يوق دەۋاتقان، نەدىكى ئاشىقى بولسۇن؟

— ئەمىسە ئۇ ئەر كىم؟

— تۇغقىنى بولسا كېرەك.
— قارا ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا، قولىلىرىنى تۇتۇشۇۋاپتۇ.
— ئۇ بەك ئەركىن، خۇا شاڭچيەن ئىككىلىسى دائىم قۇچاقلىشىپ يۈرىدۇ.
— ئالدىغا ئۆتۈپ باقامدۇق، ئۇلار ماڭماي نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟
— ياق، — مەنسى جۇ ۋېنفېڭنى تۇتۇۋالدى، — ئۇ بىلىپ قالسا بولمايدۇ.
— نېمىدىن قورقاتتىڭ، ئۇ يامان ئىش قىلىۋاتىدۇ، سېنى كۆرسە چۆچۈپ كېتىدۇ!
— ۋېنفېڭ، مېنىڭ ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشقۇم يوق.
— قارا، قارا، تۇغقىنىمكىن دەيسەن، ئۇلار گەپ قىلىپ، كۈلۈشۈپ، بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، قارا، سەن كەتمە، ئۇ قىز ئەرگە يۆلەندى، قارا، قىزنىڭ چىرايىغا، ئاۋۇ ئەرنىڭ ھالىتىگە، بېشىمنى كېسىۋەتسەڭمۇ ئۇنىڭ خۇا جىڭجىڭنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن.
مەنسى خۇا جىڭجىڭنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە قاراپ گەپ قىلمىدى.
— ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسەن؟
بۇ چاغدا، بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى، ئەر خۇا جىڭجىڭنىڭ بېلىدىن يۆلەپ ماشىنىغا چىقاردى.
مەنسى بىلەن جۇ ۋېنفېڭ ماشىنىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.
— بىز ماروژنىخانىغا بارايلى.
ئۇلار ماروژنى يەۋاتقاندا، جۇ ۋېنفېڭ بايىقى ئىشلارنى تەشتى:
— سۇڭ جېن ئاكاڭنىڭ خۇا جىڭجىڭدىن باشقا ئارىلىشىۋاتقان قىزى يوقمۇ؟
— يوق، جىڭجىڭ ھەدەم ئۇنىڭ بىردىنبىر قىز دوستى.
— نېمىدېگەن تەڭسىزلىك، نەۋرە ئاكاڭ بىرلا قىزغا ئەقىدە قىلىپ يۈرۈپتۇ، ئۇ قىز خالىغان يىگىتلەر بىلەن ئويناپ

www.uyghurkitap.com

يۇرۇپتۇ، — دېدى جۇ ۋېنفېڭ، — سەن خۇا جىڭجىڭنى ئىلگىرى يىگىتلەر بىلەن ئارىلاشمىغان دەۋاتاتتىڭ، ئۇ ئەر كونا ئاشىقىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئەر نەۋرە ئاكاڭ بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان بولسا كېرەك.

— ئۇنىڭ ھېچ يېرى نەۋرە ئاكامغا يەتمەيدىكەن، — مەنسى بېشىنى چايقىدى، ئۇ بايىقى ئەرنىڭ خۇا جىڭجىڭنىڭ ئاشنىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىسىمۇ، نەۋرە ئاكىسىغا ئىچى ئاغرىدى.

— بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىستىلىنىڭ ناچارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ! بۈگۈنكى بىز كۆرۈپ قالدۇق، بىز كۆرمىگەندە يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ، كىم بىلىدۇ؟ — ۋېنفېڭ مەنسىگە قارىدى، — سەن بۈگۈن كۆرگەنلىرىڭنى نەۋرە ئاكاڭغا چوقۇم ئېيت.

— ئۇنىڭغا ئېيتامدىم؟ قانداق بولار؟

— نېمىشقا بولمىغۇدەك، بۇ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ئىش تۇرسا.

— باشقىلار مېنى ئارىغا سوغۇقچىلىق سالدى دەپ خاتا چۈشىنىپ قالسا بولمايدۇ، — مەنسى سۇڭ جېننى يوشۇرۇن ياخشى كۆرمىگەن بولسا (ھازىرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەمدۇ، يوق، ئۇ ئۆزىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيتتى)، سۇڭ جېنغا ئېيتىپ، خۇا جىڭجىڭنى كۆپرەك كۆزىتىشنى تاپىلايتتى، ئۇ ئىشنى دەپ سۇڭ جېن ئۇنىڭغا تەتۈر قارىسا قانداق قىلغۇلۇق؟

— خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ، دەمسەن؟ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن تۇرساق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ نەۋرە ئاكاڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ بولغان، ئۇ باشقا ئەرلەر بىلەن تېخىمۇ ئارىلاشماسلىقى كېرەك، نەۋرە ئاكاڭنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقا يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلماقچى، ھەددىدىن ئاشقانلىقىقۇ، بۇ!

— بىزمۇ ھېچنېمىگە ئىسپات بولالمايمىز، بەلكىم ئۇ ئادەتتىكى دوستىدۇر؟

— ئەگەر ئۇ ئەر ئۇنىڭ ئادەتتىكى دوستى بولسا، ئۇ ئەزەلدىن

ئەرلەرگە قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ كۈنۈپ قالغان، ئۇ بۇ دوستىنى نەۋرە ئاكاڭغىمۇ كۆرسەتكەن، نەۋرە ئاكاڭغا دېسەڭ، ئۇ چوقۇم ساڭا ئۇ ئەرنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

— ناۋادا، نەۋرە ئاكام بىلمەيدىغان بولسا، گېپىمنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ كېتەرمۇ؟

— ئەمىسە تېخىمۇ ئېيتىشىڭ كېرەك. سەن زادى سۈك ئائىلىسىنىڭ ئادىمىمۇ ياكى خۇا ئائىلىسىنىڭ ئادىمىمۇ؟ بۇنداق ساداقەتسىز، خىيانەتچى بولغۇسى خوتۇننى ۋاقتىدا يولغا سېلىپ قويغان ياخشى!

مەنسى ئۆيگە قايتقۇچە خىيالغا پاتتى: بۇ ئىشنى سۈك جېنغا ئېيتىش كېرەكمۇ؟ ئېيتىش كېرەك بولسا قانداق ئېيتىش كېرەك؟ مەنسى گاڭگىراپ قالدى.

ياكى سۈك ئائىلىسىدىكىلەر ئارقىلىق سۈك جېنغا ئېيتىش كېرەكمۇ؟

ئاۋۋال كىمگە ئېيتىش كېرەك؟ تاغىسى دەسلەپتىلا خۇا جىڭجىڭنى ياقتۇرمىغان. جېن ھاممىمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە قاراشتا، ئۇنىڭغا ئېيتىشقا بولمايدۇ. ھاممىسى خۇا جىڭجىڭنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى، بىراق خۇا جىڭجىڭ بىلەن سۈك جېن توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن خۇا جىڭجىڭنىڭ قىلىقلىرى بارغانسېرى كۆڭۈلگە ياقمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئىشنى كۆپەيتكەندىن كۆرە، ھېچكىمگە ئېيتمىغان تۈزۈكمۇ، قانداق؟

مەنسى ئۆيگە كىرىشىگە سۈك جېن تاماقخانىدىن چىقىپ كەلدى.

— سىز چۈشتىن كېيىنلىك چايغا كەلمىدىڭىزغۇ؟

— جۇ ۋېنفېڭ بىلەن ماروژنى يېگىلى باردىم. كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋاپسىز، خۇا ئائىلىسىگە بارامسىز؟

— ئۇ بۈگۈن يەنە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ دەككىسىنى يېدى، — دېدى جېن ھاما چىقىپ، — ھېچ يەرگە بارمايدۇ ياكى

يەنە سىزنى ئاۋارە قىلامدىكىنتاڭ.

— خەقنى ئايىماي تىللاۋېرىسىز ـ ھە! — سۇلۇ جېنجىل ھاممىنى كەينىدىن قوغلىدى، — بۈگۈن ئاخشام راستىنلا ھېچ يەرگە بارمايمەن، ئۆيدە دادام ـ ئاپاملار بىلەن تاماق يەيمەن.

— بۈگۈن يەنە كېچىكىپ قاپسىز ـ دە؟ — مەنسى كۆڭۈل بۆلۈپ سورىدى.

— چۈشتىن كېيىن جىددىي يىغىن ئاچقان، پەقەتلا يېرىم سائەت كېچىكىپ قالدىم، يىغىن تۈگىمەي تۇرۇپ چىقىپ كېتەلمەيمەن ـ دە!

— تاماقتىن بۇرۇن ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

— بار، مەنمۇ سىز بىلەن پاراڭلىشاي دەپ تۇراتتىم.

— مەن يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ چىقىمەن. 25 مىنۇتتىن كېيىن سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بويىدىكى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ساقلاڭ، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئالدىرىماي چىقىڭ، مەن سىزنى ساقلاپ تۇرىمەن!

مەنسى چاقماق تېزلىكىدە يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ گۈللۈككە كەلدى. ئۇ يۇيۇنۇۋېتىپ، خۇا جىڭجىڭ بۈگۈن ئاخشام بايىقى ئەر بىلەن بىرگىمىدۇ، ھەر قېتىم سۇلۇ جېن خىزمەت بىلەن كېچىكىپ قالسا ياكى بارالماي قالسا، خۇا جىڭجىڭ دائىم چىقىپ كېتىپ، يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلىدىكەن، شۇ چاغلاردىمۇ ئۇ ئاشۇ ئەر بىلەن كۆرۈشكىلى بارغانمىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

مەنسى كېلىپ، تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، سۇلۇ جېن ئۇنىڭغا بىر ئالما بەردى.

— سۇلۇ جېن ئاكا، كەچلىك تاماقتىن كېيىن سىز جىڭجىڭ ھەدەمنىڭكىگە بېرىپ، ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرۇڭ، بەرىبىر ئەتە شەنبە ئىكەن، سىز ھازىر شەنبە كۈنلىرى ئىشلىمەيسىزغۇ؟

— بارمايمەن، ئۇنىڭ ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە ئۇنى ساقلاپ

ئۆلتۈرۈش بەك زېرىكىشلىك.

— بىراق ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسا بولمايدۇ ـ دە!

— قانداق كارىم بولماپتۇ؟ ئۇ مېنىڭ كېچىكىپ قېلىشىمغا ياكى بارماي قېلىشىمغا تاقەت قىلالمىدى، ئۇ تىجارەتچىلەرنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇ مېنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوينىغىلى بارىدۇ، دەپ قارايدىكەن، — سۇڭ جېن قولىنى قېقىپ قويدى.

— بىراق بۇرۇن ئۇ سىز كېچىكىپ قالسىڭىز ياكى بارالماي قالسىڭىزمۇ سىزدىن ئاغرىنمايتتى!

— راستلا شۇنداق ئىدى، مەن ئۇنى خىزمىتىمنى چۈشىنىدۇ، ماڭا كۆڭۈل بۆلىدۇ، كۆيۈنىدۇ دەپ تەسىرلىنىپ يۈرۈپتىمەن. بىراق توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن ئۇ پۈتۈنلەي باشقا ئادەم بولۇپ قالدى، گەپلىرى ئىنتايىن كەسكىن، بىر ئېغىز گەپتىن قالماي مەن بىلەن تەرگىشىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۇ بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتىمۇ؟

— ئېيتتى، ئۇ دائىم، بىز ئىلگىرى دوست ئىدۇق، ئەمدى ئەر ـ خوتۇن بولۇشقا پۈتۈشتۇق، خوتۇنىنىڭ ئەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بار، دەيدۇ، — سۇڭ جېن ئۇھ تارتتى، ئۇ يەنە مېۋە سېۋىتىدىن بىر تال نەشپۈت ئېلىپ يېدى.

— ئۇ ھەر قېتىم ئۆزى يالغۇز چىقىپ كېتىپ، يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلگەندە نەگە بارغانلىقىنى ئېيتامدۇ؟

— تاماق يېگىلى باردىم، كىنو كۆرۈپ كەلدىم، بازار ئايلاندىم، دىسكوخانىغا بېرىپ كەلدىم، دەيدۇ.

— ئۇ ئۆزى يالغۇز بارامدىكەن؟

— ئەلۋەتتە ئۆزى يالغۇز بارىدۇ ـ دە!

— ئۇ نېمىشقا نەۋرە ئاكىلىرى ياكى نەۋرە ھەدىلىرى بىلەن بىرگە بارمايدۇ؟ ئۆزى يالغۇز دىسكوخانىغا بارسا قىزىقى بولامدۇ؟

— ئۇنىڭ نەۋرە ئاكا ـ ھەدىلىرى، ھەتتا ئۇنىڭدىن سەككىز ياش چوڭ تاغىسىمۇ چەت ئەلدە، بۇ يەردىكى نەۋرە ئىنى ـ سىڭىللىلىرى بەك كىچىك، ئۇلار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ

www.uyghurkitap.com

كەتمەيدىكەن.

— دوستلىرىچۇ؟

— ھەممىسى ئامېرىكىدا. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇيمەن، ئامېرىكىغا بارغاندا ھەممىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويىدى، ئۇنىڭ كەينىگە كىرگەنلەرمۇ بار ئىكەن.

— ئۇ بۇ يەرگە قايتىپ كەلگىلىمۇ ئۇزۇن بولدى، دوست تاپقان بولغىيتتى، — مەنسى بۇنى يىپ ئۇچى ئىزدەش، ئۇ ئەرنىڭ كىملىكىنى بىلىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قارىدى، — جىڭ ھەدەم چىرايلىق، نۇرغۇن يىگىتلەر كەينىگە كىرىدۇ. سىز دائىم ئۇنى يالغۇز سىرتقا قويۇپ بېرىپ، كارىڭىز بولمىسا، ئۇنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماڭ، ئەڭ ياخشىسى تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى ساقلاڭ!

— ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ نۇرغۇن يېتەرسىزلىكىنى بايقىدىم، ئۇنىڭ مىجەزى ئوسال ئىكەن، غەرەز ئۇقمايدىكەن، مېنى باشقۇرىمەن دەپ تۇرىدىكەن. بىراق ئۇ ھەرگىز ماڭا خىيانەت قىلمايدۇ، مەندىن باشقا يىگىتلەر بىلەنمۇ ئارىلاشمايدۇ.

— سىز ئۇنى كۆزىتىپ باقتىڭىزمۇ؟

— بۇنداق ئىشلار ھامىنى چىقىپ قالىدۇ، چۈنكى مەن بەك ئوڭاي سېزىۋالالايمەن. مەن ھەر قېتىم كېچىكىپ قالسام، ئۇ ماڭا تەرىنى تۈرۈپ چىقىپ، مېنى قورقۇتۇپ قويۇپ، قايتا كېچىكىپ قېلىشىمغا يول قويمايدۇ. بىراق ئەتىسى يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك خۇشال يۈرىمىز، ئۇ ھازىرغىچە ماڭا ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، ئۇ ھەرگىز باشقا بىرىنى تېپىۋالمايدۇ.

— سۇڭ جېن ئاكا، مەن جىڭجىڭ ھەدەمنى ساداقەتسىز دېمەكچى ئەمەسمەن، بۇ پەقەت پەرىزىم.

— ماڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن، — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويىدى، — ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز چىقىپ كېتىشىمۇ توغرا ئەمەس، بۇنى مەنمۇ ئويلاندىم،

ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەل قىلىش چارىسىنىمۇ تاپتىم.

— شۇنداقمۇ؟ — مەنسى ئوشۇق گەپ قىلمىدى، ئۇنداق قىلمىسا، ئارىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قوياتتى.

— بىز توي قىلغاندىن كېيىن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرسەك، ئۇ تەبىئىي ھالدا مېنى چۈشىنىدىغان، ماڭا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ، — دېدى سۇڭ جېن كۈلۈپ تۇرۇپ، — كېيىن بالىمىز بولغاندا، ئۇنى قوغلىسىمۇ ئۆيدىن چىقمايدىغان بولىدۇ.

— سىلەر پات ئارىدا توي قىلامسىلەر؟

— قاچان قىلساق بولىۋېرىدۇ، شېرىن ئاي سەپىرى قىلىشقىمۇ ۋاقتىم بار، ھازىر ئالدى بىلەن ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك، — سۇڭ جېن توختاپ قالدى، — بۇ گېپىمنى دادام - ئاپامغا ھەرگىز ئېيتىپ قويماڭ!

— بىلىپ قويۇڭ، مەن ئۇنداق ئاغزى ئىتتىكلەردىن ئەمەس، مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالايمەن.

— جىڭجىڭ باشقا يەردىن ئۆي تۇتۇشىمىزنى خالايدىكەن، ئۇ، دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز مېنى ياقتۇرمايدۇ، جىن ھاممىمۇ ماڭا باشقىچە قارايدۇ، دەيدۇ.

— سىزنىڭ سىرتتىن ئۆي تۇتقۇڭىز بارمۇ؟

— ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. مەن سۇڭ ئائىلىسىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى، سىرتتىن ئۆي تۇتسام، ئاپام ئالدى بىلەن چىدىماي ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنى ئېيتىشقىمۇ ئاغزىم بارمايدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىسىلەر؟

— ئۇنى چوقۇم قايىل قىلىمەن! ئەگەر ئۇ مېنى ياخشى كۆرسە، چوقۇم ماقۇل بولىدۇ، بىراق ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇ جىڭجىڭغا يۈزدەيۈز ئىشىنەتتى، مەنسى ئۆزىنىڭ بوگۇن كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويمىغانلىقىغا خۇشال بولدى.

بۇ چاغدا، جىن ھامما ئۇلارنى تاماق يېيىشكە چاقىردى. تاماق ۋاقتىدا سۇڭ جېن ئۇلارغا:

— دادام ئەمدى شىركەتكە بارمىسىمۇ بولىدۇ، شىركەتنىڭ

ئىشلىرى ئىزىغا چۈشۈپ بولدى، مەنمۇ خېلى ئارام تېپىپ قالدىم. دادا، ئاپا، سىلەر نېمىشقا چەت ئەللەرنى ئايلىنىپ كەلمەيسىلەر؟ — دېدى.

— دادىڭ ئىككىمىز مەسلىھەتلەشتۇق، ساياھەت قىلساق، بىر - ئىككى ئايسىز قايتىپ كېلەلمىگۈدەكمىز، شۇڭا چاغاندىن كېيىن چىقايلى دەۋاتىمىز، سەنمۇ بىز بىلەن بىرگە چاغان ئۆتكۈزمىگىلى ئۇزۇن يىللار بوپتۇ.

— چاغان بەكمۇ قىزىپ كېتەر - ھە، يەنە پوجاڭزا ئاتاتتۇق. چەت ئەللىكلەر مىلاد بايرىمى بىلەن يېڭى يىل بايرىمىنى ئۆتكۈزىدۇ، ساۋاقداشلىرىم، دوستلىرىم ھەممىمىز چاغاننى ئۇنتۇپ قالدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ!

— بۇ يىل مەن سىزگە نۇرغۇن چاغانلىق تاماقلارنى ئېتىپ بېرىمەن، — دېدى جىن ھاما.

— گۆش كومىلچى شورپىسى قىلىپ بېرەرسىز؟

— ھەممىنى ئېتىپ بېرىمەن!

— جىنجىڭ گۆش كومىلچى شورپىسىنى ياقتۇرمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ئۇ گۆشلۈك تاماقلارنى يېمەيدىكەن، سەمرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە كېرەك.

— بەگزادە ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خۇا خېنىم يېمەيدىكەن.

— غىزالىنىش ئادىتىڭلار ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ خانىم.

— شۇ، ئوخشىمايدىكەن.

— ئۇلارنىڭ غىزالىنىش ئادىتىلا ئەمەس، تۇرمۇش ئادىتىمۇ ئوخشىمايدۇ، — دېدى سۇڭ ئەپەندى ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، — سۇڭ جىن بالدۇر يېتىپ، بالدۇر تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، كەسپىنى مۇھىم بىلىدۇ، ئانچە - مۇنچە ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى

خالايدۇ. بىراق، جىگجىك پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسى، ئۇ كىچىسى ئۇخلىمايدىغان شەپەرەڭنىڭ ئۆزىغۇ! ئۇ يەنە خىزمەت، تىجارەت دېگەنلەرگە قىزىقمايدۇ، ئۇ سۇڭ جىيىنىڭ زاۋۇتنى تاقاپ قويۇپ، كۈندە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى خالايدۇ.

— راست شۇنداقمۇ؟ — سۇڭ خانىم ھەيران بولۇپ ئېرىگە قارىدى، — سىز قانداق بىلىسىز؟

— مەن باشقىلارغا باھا بېرىشكە ماھىر!

— ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق كۆپ پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بۇرۇن نېمىشقا سەزمىدىڭىز؟

— «ئادەم ئۆزۈن يىلدا سىنىلار» دېگەن مانا شۇ، شۇنداقمۇ ئوغلۇم؟

— شۇنداق بولسا كېرەك! — سۇڭ جېن ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قولىنى ئۇچۇردى.

— بەگزادە، خۇا خېنىم ئىككىڭلارنىڭ مىجەزى كېلىشمەمدۇ، قانداق؟

— ھەي! — سۇڭ جېن قولىدىكى چوكىسىنى قويۇپ، سالفېتكا بىلەن ئاغزىنى سۈرتتى، — ئەمدى بولغاندا مىجەزىمىز كېلىشمەيدۇ، دېگەنىلەن تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك، خۇا جىگجىڭنى ئەمرىمگە ئالمىسام بولمايدۇ.

— ھەممىنى قىلغان ئۆزۈڭ! — سۇڭ خانىم ئوغلىغا قارىدى، — ئۇنىڭدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەي قالدىڭ!

— ئاپا، — سۇڭ جېن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — ئوغلىڭىز قەھرىمان ئەمەسمۇ؟

— قاراڭ ئۇنىڭغا، خىيالىغا كىرىپ چىقماي يۈرگىنىنى، ئازراقمۇ ئەنسىرەش يوق، ئالدىمىزدا كۈنلەر ئۇزۇن!

— ئەنسىرىگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ جىن ھامىمام كىچىكىمدە، تەقدىرنى خۇدا بەلگىلەيدۇ، دەيتتى، ئەگەر خۇدا خۇا جىگجىڭنى پېشانەمگە پۈتكەن بولسا، كۈندە ئەنسىرەپ يۈرگىنىم بىلەنمۇ ھامان ئۇنى خوتۇن قىلىمەن!

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، يەنە «بەختىڭنى ئۆزۈڭ تاپىسەن» دەيدىغان گەپمۇ بار، ئادەم خۇراپاتلىقتا ئىشەنسە بولامدۇ، ئالدىڭدا قۇدۇق بولسا، ئەگىپ ئۆتمەي، بۇنىمۇ تەقدىر دەپ قۇدۇققا سەكرەمسەن؟ — دېدى سۇڭ ئەپەندى، — مېنىڭچە ئادەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ!

— مەن بېگىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، هازىر قايسى دەۋر؟ — جىن هاما دەرهال ئىپادە بىلدۈردى، — ئىلگىرى تاۋۇز چاغىنىدا تولۇن ئايىنى كۆرەتتۇق، هازىر كۆرۈش ئەمەس، ئايغا چىققىلىمۇ بولىدىغان بولدى. شۇڭا، تەقدىر ئوڭ كەلگەندە، ئامال بار ئۇنى قەدىرلەش كېرەك، تەتۈر كەلگەندە، ئۇنىڭدىن دەرهال ئۆزىنى قاچۇرۇش كېرەك. هېچكىم تاڭمايدىغاندۇ؟

— دادا، سىز دائىم ماڭا، ئادەم هەرقانداق ئىشتا ۋىجدانىغا يۈز كېلىشى، ئۆزى قىلغان ئىشىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، دەپ تەربىيە قىلاتتىڭىزغۇ؟

— بۇ ...

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

— مەنسى، — دېدى سۇڭ جېن ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، — تاپشۇرۇقىڭىزنى ئىشلەپ بولۇپ مەن بىلەن شاهمات ئوينامسىز؟ شاهمات ئوينىمىغىنىمغا ئۇزۇن بوپتۇ!

— ئەتە شەنبە، ئۆگۈنلۈككە يەكشەنبە، تاپشۇرۇقلىرىمنى ئالدىرىماي ئىشلىسەممۇ بولىدۇ، مېۋىڭىزنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئوينىساق ئوينايلى.

— ئەمەلىيەتتە بەگزادە بىلەن مەنسى خېنىم گۈلى گۈلىگە كەلگەن بىر جۈپلەر ئىدى.

— جىن هاما! خۇا شاڭچىيەنگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلساق بولمايدۇ، ئۇ مەنسى دېسە جېنىنى بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالمايلى.

سۇڭ جېن بىلەن خۇا جىڭجىڭ سائەت بەش يېرىمنىڭ كىنوسىدىن چىقىپ، ماشىنىسىنى هەيدەپ كۇلۇبقا بېرىپ تاماق

يىمەكچى بولۇپ، ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا ماڭدى.

ماشىنا توختىتىش مەيدانى چوڭ، ئادەم ئاز، تەلىيىگە چىراغ خېلى يورۇق ئىدى.

سۇڭ جىن ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى تاپتى.

ئۇ توساتتىن بىرىنىڭ كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى.

ئۇ دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى.

بىر قىز بىلەن بىر يىگىت ماشىنىنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىنى قوغلىشىۋاتاتتى، يىگىت ئاخىر قىزنى تۇتۇۋېلىپ سۆيدى، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ، ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى.

يىگىتنىڭ تۇرقى تولىمۇ تونۇش ئىدى، بىراق سۇڭ جىن يىراقتىن ئېنىق كۆرەلمىگەچكە، ئىختىيارسىز ئۇلار تەرەپكە ماڭدى.

— هەي! ماشىنىمىز بۇ يەردە، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جىننى تارتىۋالدى، — نەگە بارىسىز؟

— خۇا شاڭچيەننى كۆرۈپ قالدىم، — سۇڭ جىن خۇا جىڭجىڭنى تارتىپ ماڭدى، — بېرىپ كۆرۈپ باقايلى.

— خۇا شاڭچيەن؟ ئۇ بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ، — خۇا جىڭجىڭ تېخىمۇ چىڭ گەپ قىلىپ، سۇڭ جىننى تارتىپ تۇرۇۋالدى، — بۈگۈن سەيشەنبە، ئۇ توپ مۇسابىقىسىگە بارىدۇ!

ماشىنا توختىتىش ئۆيىدە ئەكس سادا ياڭرىدى، سۇڭ جىن ئۆزى يالغۇز يۈگۈرۈپ باردى، يىگىت تۇيۇقسىز قىزنى ماشىنىغا ئىتتىرىپ، ئۆزىمۇ دەرھال ماشىنىغا چىقىۋالدى.

— هەي، شاڭچيەن! — سۇڭ جىن توۋلىغىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى، — خۇا شاڭچيەن.

ماشىنا دەرھال ئوت ئېلىپ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

— هەي! — سۇڭ جىن مۇشتىنى ئۇچۇردى.

سۇڭ جىن ئاچچىقىدا بىردەم تۇرۇپ، ماشىنىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى، خۇا جىڭجىڭ ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇراتتى، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇلايىم قىياپەتتە سورىدى:

— ئۇ شاگچىيەن ئەمەستۇ؟

— قانداقسىگە ئەمەس بولىدىكەن؟ ئۇنى ئېنىق كۆرگەن تۇرسام!

— ئېنىق كۆردىڭىزمۇ؟ چىراغ غۇۋا تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە يىراقتا چىرايىنىمۇ كۆرگىلى بولمىسا!

— ئۇنى يان تەرىپىدىن تونۇدۇم، ئۇنىڭ ئاۋازى، بەدەن شەكلى خۇا شاگچىيەنگە ئوخشاش تۇرامدۇ؟

— يان تەرەپتىن قانداق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرىدۇ؟

— ئۇ چوقۇم خۇا شاگچىيەن!

— بايا ئۇنى چاقىردىڭىز، ئەگەر راستتىنلا خۇا شاگچىيەن بولسا، بىزنى كۆرۈپ قېشىمىزغا كەلمەمتى؟

— ھەي! ئۇ كېلەلەمدۇ؟

— نېمىشقا كېلەلمىگۈدەك؟

— ئۇنىڭ يېنىدا بىر قىز تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئۇلار بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتىغۇ، ئۇ مەنسىنىڭ كەينىگە كىرگەندە، باشقا قىزلار بىلەن ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، بۈگۈن ئۈستىدىن چۈشتۇق، بۇ ئۇنىڭ مەنسىنى ئالداپ يۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلىمامدۇ! — سۇڭ جىن ئاچچىقىنى باسالماي قالدى. ئۇ ئۇلارنى تونۇشتۇرغان، ئەگەر خۇا شاگچىيەن مەنسىگە يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلسا، مەنسى سۇڭ جىننى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

— نېمىنىڭ ئۈستىدىن چۈشتىڭىز؟ — خۇا جىڭجىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، مۇلايىملىق بىلەن دېدى، — ئۇلارنى كارىۋاتتا تۇتۇۋالمىساق. بۇ دېگەن ئاممىۋى ماشىنا توختىتىش مەيدانى، بۇ يەردە يامان ئىش قىلغىلى بولامدۇ؟

— يامان ئىش قىلمىغان بولسا، نېمىشقا ئۇنى چاقىرسام، ماشىنىسىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ كېتىپ قالىدۇ؟

— شاڭچيەن بولمىغاچقا قېچىپ كەتكەن گەپ، سىز ئۇنى شاڭچيەن دەپ توۋلاپ ئارقىسىدىن قوغلىسىڭىز، ئۇ ئادەم سىزنى بۇلاڭچى ياكى ساراڭ دەپ قېلىپ، ئۆز بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، دەرھال ماشىنىسىنى ھەيدەپ قاچقان گەپ، ئەگەر بىزمۇ تېگى-تەكتىنى بىلمەيدىغان بىر كىشىگە يولۇقۇپ قالساق، سىزمۇ قېچىپ كېتىسىز.

— ئۇ چوقۇم شاڭچيەن، ئۇ مېنىڭ ساراڭ ئەمەسلىكىمنى بىلىدۇ.

— ئۇ راستىنلا شاڭچيەنمۇ، ئەمەسمۇ، ھېچقايسىمىز ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمىز، بىراق ئۇ ھەيدىگەن ماشىنا چوقۇم ئۇنىڭ ماشىنىسى ئەمەس.

سۇڭ جېن ھېلىقى ماشىنىنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ ماشىنا راستىنلا شاڭچيەننىڭ ماشىنىسىغا ئوخشىمايتتى.

— سىز ئۇنى ماشىنا ئوغرىلىغان دەپ قالمىغانسىز، ئۇ مۇھەببەتتە ئالا كۆڭۈللۈك قىلغىنى بىلەن، باشقا ئىشتا ئۇنداق ئەمەس جۇمۇ؟

— بۇ ...

— بۇ، ئۇ، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننىڭ بىر قولىنى چۇشۇرۇۋېتىپ، يەنە بىر قولىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قارىدى، — ئەجەب تالىشىپ كەتتۇق، بىز زادى تاماق يېگىلى بارامدۇق، بارمامدۇق؟

سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭنى ماشىنىسىغا سېلىپ، تاماق يېگىلى ماڭدى.

تاماق ۋاقتىدا سۇڭ جېن بايىقى ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق تونۇغان، ئۇنىڭ بەدەن شەكلى ۋە يان تەرىپىدىن شاڭچيەن ئىكەنلىكى ئېنىق، خۇا جىڭجىڭ ۋارقىراپ گەپ قىلغاندا، ئۇ ئارقىسىغا قارىغان، گەرچە بۇ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئارىلىقتىكى ئىش بولسىمۇ، سۇڭ جېن ئۇنىڭ خۇا شاڭچيەن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرگەندى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى خۇاجىڭجىڭ، — گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

سۇڭ جېن بېشىنى چايقىدى.

— سىز يەنىلا شاڭچيەننى ئويلاۋاتامسىز؟

— شۇنداق!

— ماڭا ئىشىنىڭ، ئۇ شاڭچيەن ئەمەس، شاڭچيەننىڭ قىزلار بىلەن ئالاقىسىنى ئۆزگىنىگە ئۆزۈن بولدى. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئۇنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلمەي قالدىڭىز.

— مەن يەنىلا ئۇنى خۇا شاڭچيەن دەپ قارايمەن، بىراق ئۇ قېچىپ كەتتى!

— ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ شاڭچيەن ياكى باشقا بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىنتايىن ئوڭاي، — خۇا جىڭجىڭ ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدى، ئۇ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىچىگە تارتىپ، ئىككى توپ ئىس چىقاردى.

— قانداق ئامال بار؟ — سۇڭ جېن ئالدىغا ئېڭىشىپ، شىرەگە تىرىلىپ ئولتۇرۇپ سورىدى.

— ئۇنىڭ ياتىقىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ سىرتقا چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى بىلىپ باقامدۇق.

سۇڭ جېن سائىتىگە قارىدى، سائەت 10 بولاي دېگەنىدى:

— ئۇ بولغان تەقدىردىمۇ ياتىقىغا بېرىپ بولىدىغان چاغ بولدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ، دەرھال ياتىقىغا كەتمەي، سىرتتا ئايلىنىپ يۈرەلەمتى؟

— باشقىلار ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز.

— ئاشۇ قىز ئارقىلىقمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن ئۇنىڭ سائەت يەتتىدە قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورايمىز.

— ئۇنداق قىلساقمۇ كار قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ دېيىشىنى چالدىغانلار!

— ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسىڭىز، بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسىڭىز، قانداق

قىلاي دەيسىز؟ — خۋا جىڭجىڭ تۇمشۇقىنى سوزدى، — ئۇنى شاڭچيەن ئەمەس دەپ ئېيتتىمغۇ، سىز بىكاردىن ئۇنى گۇناھكار قىلىۋاتىسىز، بوپتۇ، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئىسپات تاپامدۇق؟ سىز ئارتۇقچە گۇمان قىلىپ كېتىدىغان ئوخشايسىز. ھېلىغۇ ئۇ شاڭچيەن ئەمەسكەن، شاڭچيەن بولغان ھالەتتىمۇ، مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس، نېمىشقا ماڭا ئاچچىق قىلىسىز؟

— ئۇنداق قىلمىدىم.

— ئۇنداق قىلمىدىم دەيدا؟ تاماق ۋاقتىدا مەن بىلەن كارىڭىز بولمىدىغۇ، — خۋا جىڭجىڭ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ خاپا بولغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— كەچۈرۈڭ، جىڭجىڭ، — سۇڭ جىن دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، — بايا مەن بەك جىددىيلىشىپ كېتىپ، سىزنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، توغرا ئېيتىسىز، سىز دېگەن سىز، شاڭچيەن دېگەن شاڭچيەن، سىز بىلەن ئالاقىسى يوق.

— نېمىشقا شۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىسىز؟

— ئەگەر ئۇ شاڭچيەن بولسا، مەن مەنسىگە يۈز كېلەلمەيمەن، چۈنكى مەنسىنىڭ يىگىتلەر بىلەن ئارىلاشقۇسى يوق ئىدى، مېنىڭ زورلىشىم بىلەن ئۇ شاڭچيەن بىلەن ئارىلىشىۋاتقان، شاڭچيەننىمۇ باشقا قىزلار بىلەن ئارىلاشمايدىغانغا ۋەدە بەرگەن، ئەگەر ئۇ ئاشۇنداق ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ يۈرسە، مەن مەنسىگە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟

— بۇ ئىشقا مەن ياردەم قىلالىشىم مۇمكىن.

— قانداق ياردەم قىلىسىز؟ — سۇڭ جىن ئالدىراپ سورىدى.

— ئۆيگە قايتىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن، ئەگەر ئۇ راستىنلا شۇنداق ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ يۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ تاناۋىنى راسا تارتىمەن!

— ئاشۇنداق قىلارسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جىن، — ئۇ سىزنىڭ ئامراق ئىنىڭىز تۇرسا.

— «ئادالەت يولىدا قېرىنداشلىرىدىن ۋاز كېچىش» دېگەننى

www.uyghurkitap.com

ئـاڭلىمىغانمۇ؟ — خۇا جىڭجىڭ دائىم قايىل قىلارلىق سۆزلەر بىلەن سۇڭ جىىنى ئىشەندۈرۈپ قوياتتى، — توغرا، ئۇ مېنىڭ بىـرلا ئـىـنىم، مەنسى سىزنىڭ سىڭلىڭىز، ئۇ ھەم مېنىڭمۇ سىـڭـلىم، شاڭچيەن مەنسىگە يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلىپ قويسا، مەن ھەرگىز ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيمەن.

— جىڭجىڭ، سىز بەك ياخشى، مەن خاتىرجەم بولدۇم، — سـۇڭ جىىن ئۇھ تارتتى، — ئەگەر ئۇ شاڭچيەن بولمىسا مەن خاتالاشقان بولاي، ئەگەر راستىنلا شاڭچيەن بولسا، ئۇنى ئەدەپلەپ يـۈرمـەي ماڭا ئېيتىڭ، مەن ئۇنىڭغا، مەنسىنىڭ تۇنجى قېتىم يـىـگـىـت بىلەن ئارىلىششى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئازار بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قوياي.

— چـۈشەندۈرۈپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنى جازالاش كېرەك.

— بـولـدىـلا، شـاڭچيەن ئەقلىدىن ئېزىپ شۇنداق قىلىپ قـويـغـانـدۇ، ئـەمـەلـىـيـەتـتـە، بـىـز ئـۇنىڭ مەنسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمىز، — سۇڭ جىىن سائىتىگە قارىدى، — شاڭچيەننى ئىزدەيدىغان بولسىڭىز بالدۇرراق قايتايلى.

— تانسخانىغا بارمامدۇق؟

— ئەتە بارايلى، — دېدى سۇڭ جىىن، — ئەتە قانغۇدەك ئوينايلى ...

خـۇا جـىـڭجىڭ ئىنىسىنى ئىزدىدى، بىراق ئۇنىڭدىن قىز دوستى بار ـ يوقلۇقىنى سورىماي ئۇنى ئەيىبلەپ كەتتى:

— ئـەجـەبـمۇ يۈرىكىڭ چوڭكەن، ئاشۇ قىزلارنى ئاممۇۋى سورۇنلاردا ئەگەشتۈرۈپ يۈرگىنىڭنى قارا!!

— مـەن سىلەرنىڭ كىنوغا بېرىشقانلارنى بىلمەيدىكەنمەن، قورقۇپ ئۆلەي دېدىم، ھەدە، مېنىڭ گېپىمنى قىلىپ قويدۇڭمۇ؟

— قىلمامدىغان! خاتا تونۇپ قالدىڭىز، ئۇ مەكتەپتە، دېسەم، ئۇ شۇ دەپ تۇرۇۋالدى.

— قـانـداق قـىـلـىـمـەن؟ ئـۇ مـەنـسـىـگە ئېيتىپ قويسا

توگەشمەمدىم.

— ئۇ بىرەر ئىسپاتى يوق تۇرۇپ ھەرگىز ئېيتمايدۇ. بىراق ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن سېنى كۆزىتىدۇ، ئارقاڭغا ئادەم سېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇ مەنسىنى بەك قوغدايدىكەن.

— ئاپلا، ئەتە مەن سۇڭ ئاكامغا ئۇنىڭ مەن ئەمەسلىكىمنى قەسەم قىلىپ بەرمىسەم بولمىغۇدەك!

— ئۇنداق قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئەڭ ياخشىسى، مەنسىنى قولغا كەلتۈر!

— قانداق قىلىمەن؟

— ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشۇڭ تەس، شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنى قولغا كەلتۈر.

— بۇ تېخىمۇ قىيىن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ماڭا قولىنىمۇ تەستە تۇتقۇزىدىغان تۇرسا. ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويسامۇ خاپا بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

— شۇڭا، ئامال قىلىپ ئۇنى قولغا كەلتۈر.

— ئۇ يا ھاراق ئىچمىسە!

— ھاراق ئارقىلىق ئۇنى تارتىمەن دېيىشىڭ خام خىيال، ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلىپ قولغا كەلتۈر، ۋاقتى كەلگەندە، قانداق قىلىمەن دېسەڭ ئۇ ئىلاجسىز ماقۇل دەيدىغان بولىدۇ.

— ھەدە، ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىل دېمەكچىمۇ؟

— سېنى قورقۇتۇپ قويمىغاندىمەن، ساپ مۇھەببەتلىك يىگىت، قىزلارنىڭ ئاغزى قاتتىق، بىراق ئۇنداق ئەرلەرنىڭ ئالدىدا رايىش بولۇپ كېتىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشەن!

خۇا شاڭچيەن بېشىنى لىڭشىتىپ، تۇيۇقسىز سىرلىق كۈلۈپ كەتتى:

— مەن قىزلارنى جەلپ قىلالايدىغان تۇرسام، نېمىشقا بۇ ئېسىمگە كەلمىدى؟ شۇنداق قىلغان بولسام، ئۇ بۇرۇنلا مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتمەمتى. ۋاقتى كەلگەندە، ئۇنى ئىتائەتچان قىلمۇېتىمەن.

— سەن راستىلا بەك دۆت، ئۆز ئارتۇقچىلىقىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلمەيسەن، — خۇا جىڭجىك ئۇنىڭغا ئەسكەرتتى، — بۇ ئىشنى ئامال بار تېزرەك قىل، بولمىسا، سۇڭ جىن سىنى تۇتۇۋالىدىغان بولسا، ۋاقتى كەلگەندە مەنسىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولىسەن.

— دەرھال تۇتۇش قىلىمەن، ئۈمىدىڭنى چوقۇم ئاقلايمەن، — خۇا شاڭچيەن مۇشتىنى كۆتۈردى.

— تۆتىمىز تەڭ توي قىلالامدۇق، يوق، كۆرىمىز.

— ماڭا بەك ئىشىنەتتىڭغۇ؟ ھا ـ ھا ـ ھا … — خۇا شاڭچيەن كۆرەڭلىك بىلەن كۈلدى.

— سەن چوقۇم قىلالايسەن، بىراق ساڭا يەنە مېنىڭ ياردىمىم كېرەك، — خۇا جىڭجىك ئۆزىنى ئىشارەتلىدى.

— سەن ماڭا كۆيۈنىسەن، ئىشلارنى ئۆزۈڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىسەن.

— شۇنى بىلسەڭلا بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن چىشىمغا تېگەمسەن؟

— قاچان چىشىڭغا تەگدىم، سىنى دادام ـ ئاپاملاردىنمۇ بەكرەك ھۆرمەتلەيدىغان تۇرسام! — خۇا شاڭچيەن خۇا جىڭجىڭنىڭ بىلىكىدىن قۇچاقلىدى.

— مۇشۇ تاتلىق ئاغزىڭ بىلەن ئاشۇ نارەسىدە قىزنى ئالدا! — خۇا جىڭجىك ئىنىسىنىڭ زىنىقىغا نوقۇدى، ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن بەك خۇشال بولۇۋاتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىنىسى ئۈچۈن ئادەم «قەستلەش» پىلانىنى باشلىۋەتتى.

## 7

بۈگۈن مەكتەپتىن دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى، خۇا جىڭجىڭ ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، جۇاڭ مەنسىگە تېلېفون قىلدى.
— مەنسى، سىز بىلەن بىرگە تاماق يېيىشكىلى ئۈزۈن بوپتۇ، چۈشتە بىزنىڭكىگە كەلسىڭىز، بىرگە تاماق يېسەك بوپتىكەن، — دېدى خۇا جىڭجىڭ. جۇاڭ مەنسى خۇا جىڭجىڭنى يەڭگەم دەپ بىلگەچكە، ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى، شۇڭا ئۇ دەرھال ماقۇل بولدى.
خۇا جىڭجىڭنىڭ كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ ئەسلىدە ھاراقنى دورا ئارىلاشتۇرۇپ، جۇاڭ مەنسىنى ياۋاشلىق بىلەن بويسۇندۇرماقچى ئىدى، بىراق خۇا شاڭچيەن ئۇنىڭغا قارشى چىقتى:
— ئۇ ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپكۆندۈزدە مۇشۇنداق ئىش قىلامدۇق؟ — دېدى خۇا شاڭچيەن.
— ئەمىسە مېۋە سۈيىگە سالايلى!
— ئۇنداق قىلساقمۇ بولمايدۇ، — خۇا شاڭچيەن بېشىنى چايقىدى، ئۇ مەنسىنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان، مەنسىگە نىسبەتەن بەلگىلىك تونۇشتا ئىدى، — مەنسى بەك مۇلايىم بولغىنى بىلەن، بەزى تەرەپلەردە ئىنتايىن جاھىل، ئەگەر دورىنى بالدۇر سېلىپ قويساق، ئۇ سۈيىقەست قىلدى، دەپ ماڭا ئۆچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆتۈپ، يۈرىكىنى ئۇتالىسام نېمە پايدىسى؟
— بىراق ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ، يۈرىكىنىمۇ ئۇتۇشقا ئىشەنچىڭ بار ئىدىغۇ؟
— يېقىندىن بېرى مۇناسىۋىتىمىز يامان ئەمەس كېتىۋاتىدۇ، ئۇ سۆڭ ئاكامنىڭ سۆزىنى بەك ئاڭلايدىكەن، ئىلگىرىكىدەك ئۆزىنى تارتمايدىغان بولدى، مەن پەقەت پۇرسەت كۈتۈۋاتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن سەن ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت يارىتىپ بېرەلەيمەن، سېنىڭ راستىلا ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

— مۇتلەق ئىشەنچ قىلالمايمەن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى ھاياجانلاندۇرالماي، تېخىمۇ قاتتىق تۇرۇپ قويسام، ئۇنىڭغا ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىم، ئۇنىڭغا موھتاج بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھېسسىياتىمنى كونترول قىلالماي قالغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ قويسام بولىدۇ. ئۇ دورا ئارقىلىق ئەيۋەشكە كەلتۈرگەندىن ياخشى ئەمەسمۇ. ئۇ دېگەن قىز، ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالساملا، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ياۋاشلىق بىلەن يېنىمدا قالىدىغان بولىدۇ.

— ئۆزۈڭگە بەك ئىشىنىپ كەتتىڭمۇ، قانداق؟ خاتا مۆلچەرلەپ قويساڭ ئىشىڭ تۈگەشكىنى!

— ھەدە، سەن ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسەن، قاراپ تۇر، مەن بىلەن ئەپلىشىپ قالغان قىزلار ماڭا بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىۋالىدۇ، ئۇنى قوغلاپمۇ كەتكۈزەلمەيسەن. مەنسى مۇتەئەسسىپ بولغىنى بىلەن ئۇمۇ ئادەم تۇرسا، قانداق ئادەمنىڭ ھەۋسى بولمايدىكەن؟ ھەدە، ماڭا ئىشەن، قىزلارنى مايىل قىلىۋېلىشتا خېلى كارامىتىم بار، ئۇ ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— قېنى كۆرىمىز! — خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىنىڭ ئالىقىنىغا ئۇرۇپ قويۇپ كۈلدى، — پۇرسەتنى چىڭ تۇت، ئەگەر مەغلۇپ بولۇپ، ئۇنى قاچۇرۇپ قويىدىغان بولساڭ، ئۇ ياۋاشلاپ قالغان ھالەتتىمۇ، ساڭا ھەرگىز ئالدانمايدىغان بولىدۇ.

— بۈگۈن چوقۇم ئەيۋەشكە كەلتۈرىمەن، ھەدە، مېنى ئوبدان تەبرىكلەپ قوي!

— مۇبارەك بولسۇن! — خۇا جىڭجىڭ ئىنىسىنىڭ قولىغا يەنە ئۇرۇپ قويدى، ئۇ مەنسىنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىپ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

خۇا شاڭچيەن مەنسىنى ئۆيگە باشلاپ كەلدى، ھەدە ـ ئىنى ئىككىسى مەنسىنى ھەسسىلەپ ئەتىۋارلىدى، ئۇلار چۈشلۈك

تاماقنى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك يېدى.

پىلان بويىچە، تاماقتىن كېيىن ئازراق پاراڭلاشماقچى ياكى ئويۇن ئوينىماقچى بولدى، مەنسىنى بىراقلا ھۇجرىغا تارتىپ ئەكىرگىلى بولمايتتى.

بەربىر خۇا شاڭچيەننىڭ بىر كۈن ۋاقتى بار ئىدى.

ئەلۋەتتە ئىشلار ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى: سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭغا، شەرقى جۇڭگولۇق ئۈچ سودىگەرنىڭ شياڭگاڭغا كېلىدىغانلىقى، ئۇلارنى زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ، مال زاكاز تالونىنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىكەنلىكى، شۇڭا سەل كېچىكىپ بارىدىغانلىقى، بىراق بالدۇر قايتىپ كېلىشىمۇ مۇمكىنلىكىنى، قىسقىسى، ئىشلار سودىگەرلەرنىڭ رايى بويىچە بەلگىلىنىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ كەچۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئۇ يەنە بالدۇر ماڭسا، ئۇنى ئالغىلى بالدۇر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بىراق ئۇ ھەر قېتىم شۇنداق دەيتتى، بىراق كېچىكىپ كېلەتتى، ئۇ تېلېفون قىلغاندا، خۇا جىڭجىڭ ھامان سىرتقا چىقىپ كېتەتتى.

شۇڭا سۇڭ جېن بۈگۈن چوقۇم كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىسى خىزمەت بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن، خۇا شاڭچيەننىڭ مەنسىنى كۆندۈرۈشكە بىر كۈن ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى.

بىر چاغدا، جىڭجىڭ مەنسىگە:

— شاڭچيەن ساۋاقداشلىرىدىن سىز چوقۇنىدىغان ناخشىچىلارنىڭ پلاستىنكىسىنى ئارىيەت ئېلىپ كەپتىكەن، شاڭچيەننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كۆرۈڭ، — دېدى.

— جىڭ ھەدە، ئىككىمىز تەڭ كۆرەيلى، — بۇ جەھەتتە، مەنسى بىلەن خۇا جىڭجىڭنىڭ مىجەزى ئوخشاش ئىدى.

— ياق، سىلەر كۆرۈڭلار! مەن بۇ يېشىمدا ئۇنداقلارغا چوقۇنمايدىغان بولۇپ قالدىم، — خۇا جىڭجىڭ ئۇنىڭ بىلىكىگە

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇپ قويدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، شاڭچيەن سىزگە ھەمراھ بولسۇن.

— سۈك جىن ئاكام قاچان كېلىدۇ؟

— ئۇ بۈگۈن كەلمەيدۇ، مەن كونا دوستۇم بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن. سۈك جىن خاتىرجەم خىزمەت قىلىۋەرسۇن.

— جىڭجىڭ ھەدە، سىز ئۇنىڭدىن ئاغرىنىمامسىز؟

— ئاغرىنمايمەن! مەن كىچىك بالا بولمىسام، بۇنداق ئىشلارنى ئوبدان چۈشىنىمەن، ئۇ خىزمەتكە بەك بېرىلىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلىۋەرسە، ئائىلىسىگە، تۇغقانلىرىغا مېھرى قالمايدۇ، كەلگۈسى تۇرمۇشىمۇ تەسىر يېتىدۇ، مەن ئۇنى ئۆزگەرتمەكچى. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئۆزۈم يالغۇز سىرتقا چىقمەن ياكى كونا ساۋاقداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىمەن. ئۇنىڭغا ئاچچىق قىلىپ، سىرتلارغا چىقىۋاتىمەن، شۇنداق قىلسام ئۇ ماڭا دىققەت قىلىدۇ، بىراق، بىر ئادەمنى ئۆزگەرتىشنىڭ قىيىنلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن.

— ھە ... — مەنسى بېشىنى لىڭشىتتى، جىڭجىڭنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ سۈك جىننى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ھېلىقى ئەرگە كەلسەك، ئەھۋالنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ، قالايمىقان گۇمان قىلماسلىق كېرەك، ئۇ بەلكىم ئۇنىڭ ساۋاقدىشى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ چاغدا، خىزمەتچى كىرىپ، خوا جىڭجىڭغا بىرىنىڭ ئىككى دەستە قارا ئەتىرگۈل ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— قارا ئەتىرگۈل؟ راستىنلا جەنۇبىي ئامېرىكىدىن ئايروپىلان ئارقىلىق ئەۋەتىپتۇ-دە؟ — خوا جىڭجىڭ ئىختىيارسىز توۋلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— جىڭجىڭ ھەدە، مەن ئەزەلدىن قارا ئەتىرگۈلنى كۆرۈپ باقمىغان، سىز بىلەن چىقىپ كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — مەنسىمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

— نېمىشقا بولمىغۇدەك، يۈرۈڭ! — خوا جىڭجىڭ مەنسىنىڭ

قولىدىن تارتقىنىچە يۇگۈردى.

— ھەدە ··· — خۇا شاڭچيەن جىددىيلىشىپ توۋلىدى.

خۇا جىڭجىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى، خىيالى سىرتتا، خۇا شاڭچيەننىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىرمىدى، مەنسى ئارقىغا بۇرۇلۇپ دېدى:

— سىز گۈلنى كۆرۈشكە قىزىقمىسىڭىز، بولدى ئۇلتۇرۇۋېرىڭ!

— ھە، ياق! مېنىڭمۇ سىلەر بىلەن بىرگە چىققۇم بار، بىراق ھەدەم بەك ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنى چاقىرىڭ، بىزنى ساقلاپ تۇرسۇن، — خۇا شاڭچيەن تېرىكىپ قالدى. «بۈگۈن مۇھىم بىر ئىشنى بېجىرىدىغان تۇرساق، ھەدەم نېمىشقا گۈلنىڭ كەينىنى ئاڭلاپلا، روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسىنىمۇ باشلاپ مېڭىپ، پىلانىمىنى بۇزىدىغان بولدى.»

خۇا ئائىلىسىنىڭ بېغى ئەلۋەتتە سۇڭ ئائىلىسىنىڭكىدەك چوڭ بولمىغىنى بىلەن ھەر خىل گۈل، دەل - دەرەخلەر، مەخسۇس گۈلچىلىرىمۇ بار ئىدى. گۈلچى ئەتىرگۈلگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭمۇ بۇخىل گۈلنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

قارا ئەتىرگۈل ئۇلارنىڭ بېغىدىكى گۈللەرگە سېلىشتۇرغاندا، چىرايلىق ھەم چوڭ ئىدى، ئاپقۇردەك چوڭلۇقتىكى بۇ گۈلنىڭ بەرگى ھەم قارا، ھەم يارقىن، ھەم قېلىن، گۈلچىگە خۇددى قارا مەرۋايىتقا ئوخشايتتى.

ئىككى قىز گۈلنى تۇتۇپ تۇراتتى، خۇا شاڭچيەن بىر چەتتە تاقەتسىزلىك بىلەن ئاھ ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ توختىماي سائىتىگە قارايتتى، سائەت تۆتتىن ئاشقان، ئەگەر مەنسى گۈلنى كۆرۈپ بولۇپلا ئۆيگە قايتىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، بۈگۈنكى پىلانى كۆپۈككە ئايلىناتتى.

— ھەدە، — خۇا شاڭچيەن ھەدىسىنى تارتىپ، مەنسىنىڭ ئارقىسىدىن ئىشارەتلەپ، شەرەت قىلىپ ھەدىسىگە سائىتىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتتى، — كونا دوستۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىسەن، كېچىكىپ قالمىغىن يەنە.

— توغرا! ئۇ مېنىڭ يىگىتىم ئەمەس، كېچىكىپ قالساممۇ ئېغىر ئالمايدۇ، — جىڭجىڭ ئېسىگە كەلدى، ئۇ ئىنىسىگە ئىشارەت قىلغاچ مەنسىنى ئىتتىردى، — مەن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ بولۇپ سىرتقا چىقىمەن، ئىككىڭلار پلاستىنكا كۆرمەكچى ئەمەسمىدىڭلار.

خۇا جىڭجىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئاۋۋال خو مىڭاۋغا تېلېفون قىلىپ، ئۇ ئەۋەتكەن قارا ئەتىرگۈلنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن بۈگۈن كەچ سائەت سەككىزدە بىرگە تاماق يېيىشكە كېلىشىپ قويدى. ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ ئايال خىزمەتكار ئافاڭنى چاقىردى:

— بۈگۈن ئەتىگەن جۇاڭ خېنىمغا تېلېفون قىلىمەن دەپ بەك بالدۇر ئويغىنىپ كەتكەنىدىم، بەك چارچاپ كېتىپتىمەن، بىردەم ئۇخلىۋالاي، سۇڭ بەگزادىدىن تېلېفون كېلىپ قالسا، مېنى سىرتقا چىقىپ كەتتى، دەپ قوي، سائەت ئالتىدە مېنى ئويغىتىپ قوي، مۇنچىغا چۈشىمەن.

بۈگۈنكى ئىشلار جايىدا، ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، جىڭجىڭ خاتىرجەم بولۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

خۇا شاڭچيەن مەنسىنى ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى، ئەمەلىيەتتە، بۇ مەنسىنىڭ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا تۇنجى قېتىم كىرىشى ئەمەس، ئىلگىرىمۇ پلاستىنكا كۆرگىلى بىرنەچچە قېتىم كىرگەنىدى.

خۇا ئائىلىسىدىكى چوڭلار ئادەتتە ئۆيدە كۆپ تۇرمايتتى، جىڭجىڭمۇ كىنو، تېلېۋىزور دېگەنلەرگە ئانچە قىزىقمايتتى، شۇڭا پەقەت شاڭچيەننىڭ ھۇجرىسىدا VCD ئاپپاراتى ۋە 36 دىيومىلىق تېلېۋىزور بار ئىدى.

شاڭچيەننىڭ ھۇجرىسىدا تېلېۋىزور كۆرگەندە، ئاندىن كىنو كۆرگەندەك بولاتتى. شاڭچيەن مەنسىگە بىر كۆرپىچەكنى بەردى،

ئاندىن ئۇ چىراغنى ئۆچۈرگەچ، ئىشكنى قۇلۇپلىۋەتتى، بۇنداق بولغاندا، ھېچكىم كىرەلمەيتتى. شاڭچىيەن مەنسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، مۇرىسىگە قولىنى ئېلىپ ئولتۇردى.

مەنسى سۇڭ جىبىننىڭ چوقۇم جىڭجىڭغا ئۆيلەنمەكچى، شاڭچىيەننىڭ ئۆزىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغانلىقىنى، سۇڭ جىبىننىڭ شاڭچىيەننى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شاڭچىيەننىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن بېرى، شاڭچىيەنگە ئانچە قارشىلىق قىلمايدىغان بولغانىدى. ئىلگىرى شاڭچىيەن ئۇنىڭغا تېگىپ قويسا، پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتەتتى، ھازىر ئۇنى قولتۇقلىۋالسىمۇ، بىلىكىدىن تۇتۇۋالسىمۇ، بېلىدىن قۇچاقلىۋالسىمۇ، ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ خوشلاشقۇچە سۆيۈپ قويسىمۇ، قارشىلىق بىلدۈرمەيدىغان بولغانىدى. بىراق بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشىگە يول قويمايتتى، شاڭچىيەنمۇ بۇنىڭدىن رەنجىپ كەتمەيتتى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەنسى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئېكرانغا قادىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئەس ـ يادى ئاشۇ چوقۇنغۇچىسىدا، ئەمەلىيەتتە يازلىق تەتىلدە ئۇ جۇ ۋېنفېڭ ۋە گەن يۈلىڭلار بىلەن بۇ كېچىلىكنى كۆرگەن، بىراق شۇ چاغدا تاماشىبىنلار بەك ھاياجانلىنىپ قىيقاس كۆتۈرگەن، ھەممىسى ھېسسىياتىنى بېسىۋالالماي، سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقىۋالغۇسى كېلىپ كەتكەن بولغاچقا مەنسىمۇ ھاياجانلىنىپ ئۇلار بىلەن تەڭ توۋلاپ، سەكرەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغانىدى، ئەمدىلىكتىمۇ بۇ ناخشىچىنىڭ لىرىك مۇھەببەت ناخشىسىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتاتتى.

— ساۋاقداشلىرىمغا ئېيتىپ، بۇ پلاستىنكىدىن سىزگە بىرنى ئېلىپ بېرەي!

— ھىم … — مەنسى دەرھال ماقۇل بولدى.

سۇڭ جىبىننىڭ بۈگۈنكى ئىشلىرى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق

بولدى، ئۇ زاكاز تالوننى تاپشۇرۇۋالغاندى، ئۇ سودىگەرلەرنى ئۈزىتىپ قويۇپ، سائىتىگە قارىدى، تېخى بالدۇركەنغۇ! سائەت تېخى تۆتمۇ بولماپتۇ.

ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۈچ پارچە ھۆججەتكە ئىمزا قويۇپ، بۈگۈنكى ئىشلىرىنى تاماملىدى، ئۇ جىڭجىڭنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىگە مۇلايىم ھەم كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆيۈنۈشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرماقچى بولۇپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ يەنە قويۇپ قويدى، ئەگەر ئۇنىڭغا تېلېفون قىلمايلا ئۆيىگە بارسام، ئۇ قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر؟ جىڭجىڭ ھامان ئۇنىڭدىن، دائىم تىجارەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەن بىلەن كارى بولمىدى، دەپ ئاغرىناتتى. بۈگۈن خېرىدارلار بالدۇر قايتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودىمۇ جايىدا بولغاندىكىن، ئۇدۇل جىڭجىڭنىڭ ئۆيىگە ماڭدى ...

شاڭچيەن مەنسى بىلەن بىرگە پلاستىنكا كۆرۈۋاتاتتى، مەنسى چوقۇنغۇچىسىنىڭ ناخشا ئېيتىشىغا، ھەربىر ھەرىكىتىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ كەتكەن، قانچە كۆرسىمۇ زېرىكمەيتتى.

شاڭچيەننىڭ كۆزى مەنسىدە، مەنسى ئۇنىڭغا بارغانسېرى چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، قارىغانسېرى ئۇنىڭغا مەپتۇن بولاتتى، ئۇ ئىختىيارسىز مەنسىنىڭ بويىنىنى بويلاپ سۆيۈپ كەتتى ... مەنسىنىڭ ئوڭاي غىدىقى كەلگەچكە، بويىنىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ:

— ئۇنداق قىلماي مېنى خاتىرجەم كۆرگىلى قويۇڭا، — دېدى.

شاڭچيەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيگىنىچە پىچىرلىدى:

— مەنسى، تاتلىقىم، مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزنى ئالماي قويمايمەن!

مەنسىنىڭ بەدىنى تىكەنلەشتى، ئۇ ئەزەلدىن ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى:

— بولدى قىلىڭا! مېنىڭ بىرەر كۆرۈنۈشىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتكۈم يوق!

— ئۆيىڭىزگە ئەكېتىپ كۆرسىڭىز بولىدۇغۇ!

— ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ؟ سىز ئۇنى ساۋاقداشلىرىڭىزدىن ئارىيەت ئەكەلگەن تۇرسىڭىز، ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ - دە!

— سىزنى ئالداپ قويدۇم، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنى بازاردىن سېتىۋالغان، ئەكېتىپ كۆرۈڭ ...

— سىز ...

خۇا شاڭچيەن تىزگىنەك بىلەن تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، مەنسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

مەنسىنىڭ قورقۇپ جېنى چىققىلى تاس قالدى، ئۇ شاڭچيەننى كۆچەپ ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىككە يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇلۇپنى ئاچتى، ئىشىكنى ئاچسىلا چىقىپ كېتەلەيتتى، خۇا شاڭچيەن ئۇنى ئارقىسىدىن تارتىپ مەھكەم قۇچاقلاپ دۈمبىسىدىن ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇنى ئۆزىگە قارىتىپ، مەھكەم قۇچاقلاپ، لېۋىگە سۆيۈپ كەتتى.

مەنسىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئىدى، ئۇ شاڭچيەننىڭ بۇنداق قىزغىن سۆيۈشىگە مەبست بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۆڭلى ئېلىشتى.

— سەن ... قولۇڭنى تارت ... — مەنسى ئۇنىڭ كالپۇكىنى چىشلىۋالدى، ئۇ ئاغرىققا چىدىماي، مەنسىنى قويۇۋەتتى، مەنسى قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى، شاڭچيەن ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋالغاچقا، مەنسى پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىقلا ئۆزىنى قوغدىماقچى بولدى.

خۇا شاڭچيەن ئۆزىنى ئوڭ - سولغا قاچۇرۇپ، مەنسىنى تېرىكتۈردى، مەنسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆماق، تېخىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

— ئاتىدىغاننىڭ ھەممىنى ئېتىپ بولغانسىز؟ — شاڭچيەن

ئۇنىڭغا قاراپ ھىجايدى.

— قېشىمغا كەلگۈچى بولما، — مەنسى غال ـ غال تىترەيتتى، — كېلىدىغان بولساڭ، ئادەم چاقىرىمەن!

— چاقىر، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، — شاڭچيەننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ھاياجىنىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى، تۇرقىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، مەنسىنى قۇچاقلىۋالىدىغاندەك ئىدى.

— جىڭجىڭ ھەدە، — مەنسىنىڭ چىرايى تاتارغان، جىڭجىڭنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشىغا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك ئىدى،

— ئۇ چوقۇم مېنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ!

— ھەدەمنىڭ ماڭا قانچىلىك ئامراق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئەزەلدىن مېنىڭ سىزنى ئەمرىمگە ئېلىشىمنى ئارزۇ قىلىدۇ.

— ئاپا! — مەنسى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن ۋارقىرىدى، — قۇتقۇزۇڭلار ...

خۇا شاڭچيەن خۇددى بۈركۈت توخۇنى تۇتۇۋالغاندەك، مەنسىنى يەرگە بېسىۋېلىپ، ئاغزىغا سۆيۈپ كەتتى، قولى ئۇنىڭ كۆكسىدە ئىدى ...

مەنسى شاڭچيەننى كۈچەپ ئىتتىرىپ، قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋارقىرىغىنىچە بېشىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن قاچۇردى، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ، ئۆزىنى قوغداشقا تىرىشاتتى.

مەنسى جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇا شاڭچيەننى ھەيران قالدۇردى: ئۇ ئارىلاشقان قىزلار ئەزەلدىن ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ باقمىغان، تولىمۇ رايىش ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ مەنسى قارشىلىق بىلدۈرگەنسېرى ئۇنىڭ ھەۋىسى تېخىمۇ قوزغىلىپ، ئۇنى يەۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

بىرى ھۇجۇم قىلىپ، بىرى قارشىلىق بىلدۈرۈپ، كەسكىن ئېلىشتى ...

بۇ چاغدا خىزمەتكار سۈڭ جىنغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى:

— سۈك بەگزادە!

— خېنىم قېنى؟

— ئۇخلاۋاتىدۇ، ئافاڭنى چاقىرىپ قوياي، سىزنى كۈتسۇن.

— بولدى چاقىرماڭ، مەن خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەي، — سۈك جېن قولىدىكى بىر دەستە ئەتىرگۈلنى پۇلاڭلاتتى.

خىزمەتكار بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىدى.

ئۆي ئىچى جىمجىت، سۈك جېن ئۆزىنى يېنىك تۇتۇپ، پەلەمپەيدىن چىقتى.

بۇ چاغدا سائەت بەشتىن ئاشقانىدى.

شاڭچيەننىڭ ھۇجرىسى كەسكىن ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلانغان، شاڭچيەن ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەپ تۇراتتى.

مەنسى تەنھەرىكەت ماھىرى بولغىنى بىلەن، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ قىز دە، جىسمانىي جەھەتتە شاڭچيەنگە تەڭ كېلەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شاڭچيەن بارغانسېرى تەلۋىلىشىپ تېخىمۇ كۈچلىنىپ كېتىۋاتاتتى … مەنسى يەنىلا قارشىلىق كۆرسىتىپ ۋارقىرايتتى، ئاۋازى بوغۇلۇپ، يۇم - يۇم يىغلايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇنجى قېتىم زوراۋانلىققا ئۇچرىشى بولغاچقا، قورقۇپ روھى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان، كاللىسىغا كۇرمىڭ خىياللار كىرىۋېلىپ، پۇت - قولى يۇمشاپ كېتىۋاتاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ تولۋاپ قوياتتى:

— قۇتقۇزۇڭلار … قۇتقۇزۇڭلار …

شاڭچيەن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ، قولىنى ئىچىگە سوزاتتى، مەنسى پۇتۇن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ۋارقىرايتتى:

— ياق … ئۇنداق قىلما … قۇتقۇزۇڭلار …

سۈك جېن شاڭچيەننىڭ ھۇجرىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىچىدىن زەئىپ تولۋىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ توختاپ قالدى: شاڭچيەننىڭ ھۇجرىسىدىن بىر قىزنىڭ

ئاۋازى چىقىۋاتىدىغۇ؟

سۇلۇڭ جېن ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى ئىشنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ ئەجەب قىز دوستىنى ئۆيگە باشلاپ كېلىشكە جۈرئەت قىپتا؟ بۇ ئۇنىڭ ئۇستىدىن چۇشىدىغانغا ئوبدان پۇرسەت بولدى، ئۇنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكىنى ئىسپاتلايدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ، ئىچىدىكى تىۋىشنى ئاڭلىماقچى بولدى، ئىچىدىن بىرىنىڭ «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ توۋلىغانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ قېتىم ئۇ ئېنىق ئاڭلىدى: ھەي، بۇ مەنسىنىڭ ئاۋازىغۇ؟ ئۇ بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ نېمىشقا قۇتقۇزۇڭلار دەپ توۋلايدۇ؟

— شاڭچيەن، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ئىشىكنى ئاچ! — سۇلۇڭ جېن ئىختىيارسىز ئىشىكنى قېقىپ توۋلىدى، — مەنسى، ئىچىدە نېمە قىلىۋاتىسىز، چاپسان ئىشىكنى ئېچىڭ...

خىزمەتكار ھولۇققان ھالدا پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى:

— سۇلۇڭ بەگزادە، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ تۆۋەنگە چۈشۈڭ، مەن سىزگە چاي قۇيۇپ بېرەي.

— سىلەرنىڭ بەگزادە بىلەن خۇاڭ خېنىم ئىچىدە ئىكەن!

— ئۇلار، ئۇلار... ئافاڭنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — ئىچىدە ئادەم يوق! بەگزادە... ئۇ... مەكتەپتە...

سۇلۇڭ جېن ئۇنداق ھاماقەتلەردىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى دەرھال سېزىۋالدى:

— شاڭچيەن، ئىشىكنى ئاچ، بولمىسا ئىشىكنى چېقىپ كىرىمەن...

— بەگزادە، كىرسىڭىز بولمايدۇ...

خۇا شاڭچيەن مەنسىنى قولغا كىرگۈزۈش ئالدىدا ئىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى مەنسىنىڭ تېنىگە ئېرىشىش، باشقا ئىشلار خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى، سۇلۇڭ جېننىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمىدى، مەنسى قورقۇپ كەتكىنىدىن ھوشىنى يوقاتقان، سۇلۇڭ جېننىڭ

ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى.

سوڭ جېن توتقۇچىنى بوراپ باقتى، بايا مەنسى ھوجرىدىن قېچىپ چىقماقچى بولغاندا قولۇپنى ئىچىۋەتكەچكە، ئىشىك ئېچىلدى.

ئافاڭ سوڭ جېنغا ئېسىلىۋالدى:

— بەگزادە، كىرسىڭىز بولمايدۇ!

سوڭ جېن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ كىرىپ يىغلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى، ئۇ دالاندىن ھوجرىغا كىرىپ تۇرۇپ قالدى:

خۇا شاڭچيەن بىر قولىدا مەنسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قولىدا كىيىمىنى يېشىۋاتاتتى؛ مەنسى بېشىنى تولغاپ، پۇتى بىلەن تېپىپ، يۇم - يۇم يىغلايتتى.

— خۇا شاڭچيەن! — سوڭ جېن قولىدىكى گۇل بىلەن شاڭچيەننى ئۇرۇپ ۋارقىرىدى، — پاسكىنا قولۇڭنى تارت!

سوڭ جېن ئۇنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۈتمەيلا، ئوڭ قولىدا ئۇنىڭ ئارقا چېچىدىن قاماللاپ، سول قولىدا ئۇنىڭ پۇتۇنلەي يېشىۋېتىلمىگەن كۆڭلىكىنى قاماللاپ، تامغا ئىتتىردى، خۇا شاڭچيەن تەييارلىقسىز تۇرغاچقا، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى:

— سوڭ ئاكا ...

— سوڭ ئاكا دەۋاتامسەن؟ — سوڭ جېن ئاچچىقىدا ئۇنى تامغا قىستاپ، ئۇنىڭ كۆكرىكى، قورسىقىغا راسا مۇشتلىدى، ئاندىن بېشىنى ئارقىغا قايرىدى، — ھايۋان، مەنسىگە چېقىلدىڭمۇ؟

— يا ... ياق ...

— گېپىڭگە ئىشىنەمدىم؟ — ئۇ يەنە بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى، — ئالدامچى، زىناخور ...

— بولدى ئۇرماڭ، بۇنداق بوزەك قىلسىڭىز ... ئادىللىق بولمايدۇ ...

— مەنسىگە چېقىلساڭ ئادىللىق بولامدۇ؟ ھۇ، سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام ...

www.uyghurkitap.com

— بولدى ئۇرماڭ ... ئىشەنمىسىڭىز، ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ بېقىڭ ...

— سۇڭ جېن، قولىڭىزنى تارتىڭ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولدىڭىز! — ئافاڭ خۇا جىڭجىڭغا خەۋەر قىلغانىدى، خۇا جىڭجىڭ دەرھال ئۇيقۇسىنى ئېچىپ يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ئۇ مەنسىنى بوزەك قىپتۇ!

— قىز — يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى ئىككىسىنىڭ ئىشى، ئۈچىنچى ئادەمنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ ئورنى يوق، قولىڭىزنى تارتىڭ!

— سۇڭ جېن قولىنى قويۇۋېتىشىگە، خۇا شاڭچيەن تامغا سۈركەلگىنىچە يەرگە يىقىلدى.

— شاڭچيەن، قانداقراق؟ ھېچنېمە بولمىغانسەن ... ھەي! قارا سېنى ئۇرۇپ قىلىۋەتكىنىنى ... ئافاڭ، تېزرەك دوختۇر چاقىرمامسەن؟ شاڭچيەن، نېمىشقا سەنمۇ ئۇرمىدىڭ، قاراپ تۇرغۇچە، ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ قويساڭ بولماسمىدى؟

— ئۇ تۇيۇقسىز كېلىپ قالدى، ئۇلگۇرەلمەي قالدىم ...

سۇڭ جېن مەنسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولدى، مەنسى يەردە ياتاتتى، يۈزىنى بىر چەتكە قىلىۋالغان، كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلاتتى، سىرتىدىكى قىسقا چاپىنى، كوپتىسىنىڭ تۈگمىلىرى يېشىلگىنى يېشىلگەن، يېشىلمىگەنلىرى يىرتىۋېتىلگەن، كۆڭلىكى قايرىلغانىدى، ئۇ ئىككى پۇتىنى مەھكەم قىسىپ ئىككى قولىدا ئىچ ئىشتىنىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

— مەنسى، ھېچ ئىش بولماپتۇ، بىز ئۆيگە قايتايلى!

مەنسى ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى.

سۇڭ جېن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى تارتىپ چۈشۈرۈپ قويدى.

مەنسى دەرھال ئىككى قولى بىلەن سۇڭ جېننى ئىتتىرىپ، تۈۋلىغىلى تۇردى:

— ماڭا چېقىلما ... ماڭا چېقىلما ...

— قورقماڭ، مەن سۇڭ جېن ئاكىڭىز، — سۇڭ جېن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، — مەن سۇڭ جېن ئاكىڭىز.

— مەنسى ئۇنى ئىتتىرىپ توۋلىدى:

— قۇتقۇزۇڭلار ··· ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا چېقىلماڭ!

مەنسى بەك قورقۇپ كېتىپ، ئېسىنى يوقىتىپ قويغانىدى، سۇڭ جېنىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى، ئۇ مەنسىنى قايىل قىلىشنىڭ تەسلىكىنى بىلەتتى، بىراق بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكىمۇ بولمايتتى، ئۇ بويىنىدىكى گالستۇكىنى يېشىپ، مەنسىنىڭ ئىككى قولىنى باغلاپ، ئۆزىنىڭ كاستۇمىنى سېلىپ، مەنسىنىڭ ئۈستىگە ياپتى، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ، سول قولى بىلەن ئىككى پۇتىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— ھەي! — جىڭجىڭ شاڭچيەننى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، سۇڭ جېنغا ۋارقىرىدى، — شاڭچيەننى ئۇرۇپ، مۇشۇ ھالدا تاشلاپ قويۇپ، ئەپۇ سورىمايلا كېتەمسىز؟

— ئىنىڭىز نەۋرە سىڭلىمنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ، مەن كىمدىن ھېساب ئالىمەن؟

— ئۇنتۇپ قالماڭ، شاڭچيەن مېنىڭ ئىنىم، سىزنىڭمۇ ئىنىڭىز!

— مېنىڭ بۇنداق ھايۋاندەك ئىنىم يوق!

— مۇشۇنداق دەمسىز، مېنىڭ ئازراقمۇ يۈزۈمنى قىلمامسىز؟

— سىز دېگەن سىز، ئۇ دېگەن ئۇ. ئۇنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن ھازىر مەنسىنى ئۆيگە ئەكېتىپ، دوختۇرغا كۆرسىتىمەن، بىر ئىش چىقمىسىغۇ ياخشى، ئەگەر بىرەر ئىش چىقىدىغان بولسا، خۇدا شاڭچيەننىڭ جېنىنى ئالماي قويمايمەن!

— قېنى كۆرەرمىز ··· ھەي ···

سۇڭ جېن مەنسىنى ماشىنىسىغا سېلىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭغا بىخەتەرلىك تاسمىسىنى تاقاپ قويدى، ئاندىن ئۆيگە تېلېفون قىلىپ، جىن ھاممىغا دوختۇر چاقىرىشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆيگە

قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ مەنسىنىڭ توڭلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ توڭلاپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ پەلتۇسى خۇا ئائىلىسىدە قالغان، بايا ئالدىراشچىلىقتا ئۇ نەرسىلەر ئېسىگىمۇ كەلمىگەنىدى.

ئۆيدە، دادا ـــ ئاپىسى ۋە جىن ھامىلار ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇراتتى:

— مەنسى! — سۇڭ جېن مەنسىنى نوقۇپ چاقىردى، بىراق سادا چىقمىدى.

سۇڭ جېن مەنسىنى ماشىنىدىن كۆتۈرۈپ چۈشتى، مەنسى بېشىنى سول تەرەپكە قىلىۋالدى، ئىككى كۆزى مەھكەم يۇمۇلغان، ھوشىدىن كەتكەن ياكى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ئاھ خۇدا، مەنسىگە نېمە بولدى؟ — سۇڭ ئەپەندى، سۇڭ خانىم، جىن ھامىلار ئۇلارنى ئورىۋالدى.

— ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، دەپ بېرەي! — سۇڭ جېن ئۇنى كۆتۈرۈپ كىردى، جىن ھاما ئالدىدا كىرىپ، ئورۇن راسلاپ تۇردى، سۇڭ خانىم خىزمەتكارنى سۇڭ جېننىڭ چاپىنىنى ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇدى.

جىن ھاما مەنسىنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، سۇڭ جېن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئولتۇرۇپ، دوختۇرنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

— مەنسى بۈگۈن نېمىشقا مەكتەپكە بارماي، خۇا ئائىلىسىگە باردى؟ — سۇڭ جېننىڭ سەل ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى.

— مەكتەپ بۈگۈن ئۇلارنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىپتۇ، — دېدى سۇڭ خانىم، — ئەتىگەن ئۇ مەن بىلەن بىرگە ناشتا قىلىپ بولۇپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، جىڭجىڭ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى.

ئۇ ئەزەلدىن ئۇنداق ئەتىگەن تۇرمايتتىغۇ؟

— بىزمۇ ھەيران قالدۇق، جىڭجىڭ شەپەرەڭنىڭ ئۆزى ئىدى، چۈش بولمىغۇچە ئورنىدىن تۇرمايتتى، كىم بىلسۇن،

بۈگۈن ئەتىگەن ئۇندىن چارەك ئۆتكەندە، مەنسىنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تېلېفون قىپتۇ، مەنسىگە: «سىز بىلەن تاماق يېمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، ئۇبدان قورۇمىلارنى تەييارلاپ قويدۇق، كېلىپ بىز بىلەن بىرگە تاماق يەپ كەتمەمسىز، سائەت 12 دە شاڭچيەن سىزنى ئالغىلى باريدۇ» دەپتىكەن، نېمە ئىش بوپتۇ؟ جىڭجىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى قېنى؟

— جىڭجىڭ نېمىشقا بۇنداق ئەتىگەن تۇرۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇ مەنسىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قاپتۇ، ئەجەبا بۇ ئىشى ...

سۇڭ جېن ئويلىغانسېرى قايمۇقۇشقا باشلىدى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — سۇڭ ئەپەندى بىلەن سۇڭ خانىم مەنسىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

سۇڭ جېن بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھەي! نېمە دەۋاتىسەن؟ — سۇڭ خانىم چۆچۈپ كەتتى، جېن ھاما ئىچىدىكى ئۆيدە ئاڭلاپ، ئۇمۇ چۆچۈپ كەتتى، سۇڭ ئەپەندىنىڭ چىرايى تاتاردى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن سىڭلىسىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلىسۇن! — ئۇ ھايۋان مەنسىگە چېقىلىپ قويمىغاندۇ؟

— بۇنىڭغا مەنمۇ بىرنېمە دېيەلمەيمەن، ئۇنى كۆرۈپ كاللام پىرقىراپ قالدى، خۇا شاڭچيەننى ئۇرۇپ، مەنسىنى قايتۇرۇپ كېتىش بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، بىراق مەنسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ... ئەنسىرەپ قالدىم ...

— دوختۇر كەلگەندە ئۇبدان تەكشۇرۇپ بىرنېمە دېسۇن! — سۇڭ خانىمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ تىللاپ كەتتى، — ھەدە ـ ئىنى ھەر ئىككىسى ياخشى ئادەملەر ئەمەس، تەربىيە كۆرمىگەنلەر، ناۋادا ئۇ مەنسىگە چېقىلىپ قويغان بولسا، ئۇنداقتا ... مەنسىنىڭ ھاياتى نابۇت بولدى دېگەن گەپ! ھەي، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمىز؟

— خۇا شاڭچيەننى دەرھال ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغۇزىمەن، — سۇڭ جېن مۇشتىنى تۇردى، — ئۇ مەنسىگە بىھۆرمەتلىك قىلدى، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— مەنسى خېنىمنى خۇا ئائىلىسىگە ياتلىق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى جىن هامما بېشىنى چايقاپ، — ئۇ ئۆلسىمۇ خۇا شاڭچيەنگە ياتلىق بولمايدۇ.

— جىن هامما، نېمە دەۋاتىسىز؟

بۇ چاغدا دوختۇر يېتىپ كەلدى، سۇڭ خانىم دوختۇرنى مەنسىنىڭ هۇجرىسىغا باشلاپ كىردى، سۇڭ جىن دادىسى بىلەن دالاندا ساقلاپ تۇردى.

سۇڭ جىن ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ، مۇشتىنى پۇلاڭلىتاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ دەل ۋاقتىدا بېرىپ، مەنسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. دوختۇر چىققاندا، ئۇ ئالدىغا بېرىپ سورىدى:

— دېڭ دوختۇر، مەنسى ئۇخلاپ قاپتىمۇ، هوشىدىن كېتىپتىمۇ؟

— هوشىدىنمۇ كېتىپتۇ هەم ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئۇ كۆچەپ تىركەشكەچكە، هالىدىن كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەك قورقۇپ كېتىپتۇ.

— ئۇنى تەكشۈردىڭىزمۇ، ئۇ … — سۇڭ ئەپەندىمۇ ئالدىغا بېرىپ سورىدى.

— ئۇ قاتتىق زورلۇقا ئۇچراپتۇ، تەلىيىگە سۇڭ جىن دەل ۋاقتىدا كېلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئىپپىتى ساقلىنىپ قاپتۇ، — دېدى دوختۇر بېشىنى لىڭشىتىپ، — بىراق ئۇنىڭ بەدىنىمۇ، يۈرىكىمۇ قاتتىق زەربىگە ئۇچراپتۇ، ئىككى كۈنگىچە كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇشى مۇمكىن. تۇرۇپ هاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قېلىپ، تۇرۇپ ۋارقىراپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماڭلار. ئۇنىڭغا ئوكۇل ئۇرۇپ قويدۇم، بىرنەچچە سائەت ئۇخلاپ كېتىشى مۇمكىن، كېرەك يوق، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوڭشىلىپ قالىدۇ …

هەممەيلەننىڭ يۈركى ئورنىغا چۈشتى، ئۇلار مەنسى ئويغىنىپ يېنىدا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، يەنە قورقۇپ كېتىشىدىن

ئەنسىرەپ، نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭغا قارايدىغان بولدى.

تاماقتىن كېيىن سۇڭ جېن بىلەن دادىسى مەنسىنىڭ يېنىدىن چىقتى، جىن هاما تامىقىنى يەپ بولۇپ نۆۋەت ئالماشتى، ئارقىسىدىن سۇڭ خانىم سۇڭ جېننى ئۇخلاشقا كىرگۈزۈۋېتىپ، مەنسىنىڭ قېشىغا كىردى.

سۇڭ جېننىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇنىڭ بولغۇسى خوتۇنىنىڭ ئىنىسى مەنسىنى مۇشۇنداق دەپسەندە قىلغانىدى، بايا مەنسى ئويغىنىپ، ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ قېلىپ، ئارقىدىن بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋېلىپ، بىر پەس تىترەپ، ئاندىن جىمىپ كەتكەن، ئەسلىدە ئۇ ئۇخلاپ قالغانىكەن.

سۇڭ جېن تاقەتسىزلىنىپ مەنسىنىڭ هۇجرىسىغا كىردى، سۇڭ خانىم بىلەن جىن هاما مەنسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، سۇڭ جېن ئاپىسىنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى، ئاپىسى تونەپ ئادەتلەنمىگەن، ياشلار بىرنەچچە كېچە كەم ئۇخلىغانغا هېچنېمە بولۇپ قالمايتتى.

— ئۇ تېخىچە ئويغانمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جېن مەنسىنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ئۇخلاۋەرگەن بولسا مەيلىتىغۇ، — دېدى جىن هاما بېشىنى چايقاپ، — خۇا بەگزادە ئۇنى قانداق قىلىپ شۇنچە قورقۇتۇۋەتتىكىن، ئويغىنىپلا چۆچۈپ كېتىۋاتىدۇ!

— هۇ زىناخور، ئۇنى ئويلىساملا ئاچچىقىم كېلىدۇ.

— هېلىمۇ ياخشى مەنسى خېنىم دەپسەندە قىلىنماپتۇ، بولمىسا، ئۇ ئۆلۈۋېلىشتىن يانمايتتى!

— ئۇ راستىنلا كۆڭۈلدىكىدەك ئەر بولالمايتتى، ئادەمنىڭ ئالىسىنى ئۆزگەرتمەك تەس. جىن هاما، سىز چۈشتىن كېيىن مەنسى ئۆلسىمۇ ئۇنىڭغا ياتلىق بولمايدۇ، دېگەندەك قىلدىڭىزغۇ؟

— ئەلۋەتتە! مەنسى خېنىم ئۇنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيدىغان تۇرسا!

— بىراق، ئۇلار ئارىلىشىۋاتقىلى يېرىم يىل بولۇپ قالدى،

يېقىندىن بىرى ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندەك ئىدى، مەنسى ئۇنى پۈتۈنلەي ياقتۇرمايدۇ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

— بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ خۇا شاڭچيەن بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىمۇ پۈتۈنلەي سىز ئۈچۈن، — جىن ھاما سۇڭ جېنىغا چەكچەيدى.

— مەن ئۈچۈن؟ نېمە دەيدىغانسىز! ئۇلارنىڭ چىراي شەكلىمۇ پۈتۈنلەي بىر ـ بىرىگە ماس كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇا شاڭچيەن مەنسىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭ …

— دەسلەپتە مەنسى خېنىم ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشقا ئۇنىمىغان، بىراق، سىز ئۇلار ئارىلاشسا، خۇا خېنىم ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىگىمۇ پايدىسى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ سىزنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشقا ماقۇل بولدى.

— مەن جىڭجىڭنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۆزۈمنىڭ شەخسىيەتچىلىك قىلىپ قويغانلىقىمغا ئىقرارمەن. بىراق كېيىن مەنسىگە ئۆزىڭىزنى ھەرگىز زورلىماڭ، ھېسسىياتىڭىزنى تەبىئىي تەرەققىي قىلدۇرۇڭ، دېگەنىدىم.

— مەنسى خېنىم كۆڭلىدىكى ئادىمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى سۇۋۇپ، كەلگۈسىدە كىم بىلەن بىرگە بولسامۇ بەرىبىر دەپ قارىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، خۇا شاڭچيەندەك چوشقا بىلەن ئارىلىشىشقا رازى بولدى.

— ئۇ بىرەرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىكەن؟ — سۇڭ جىن ھەيران قالدى، — كىمنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ؟ قايسى ئەخمەقكەن ئۇ، مەنسى ياخشى كۆرسىمۇ ئىلىك ئالمايدىغان!

— ئالدىنقى يىللاردا، يازلىق تەتىلدە قايتىپ كېلىپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن خۇشال ئوينىغانلىقىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە! ئۇ چاغدا مەنسى سېمىز، ئاپئاق، بەك ئوماق ئىدى!

— ئامېرىكىغا كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇردىڭىزمۇ؟

— ھەئە! بىز دائىم ئالاقىلىشىپ تۇردۇق، دائىم مەكتەپ ۋە ئائىلىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق پىكىر ئالماشتۇراتتۇق، — دېدى سۇك جېن، — مەن ئۆز سىڭلىم بىلەن خەت يېزىشقاندەك ھېس قىلاتتىم، ئالدىنقى قېتىم قايتىپ كەلگىنىمدە، ئۇ يەنىلا شۇنداق سىپمىز ئىدى.

— مەنسى خېنىم ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايتتى، سىز ئالدىنقى قېتىم قايتىپ كەلگەندىلا ئۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، ئۇ ھەر قېتىم سىزدىن خەت تاپشۇرۇۋالغاندا، مەن، خانىم، ئەپەندى ھەممىمىز ئۇنى مۇھەببەت خېتى تاپشۇرۇۋالدى، دەپ كۈلۈپ كېتەتتۇق، ئۇ ئۆزىمۇ ئىنتايىن خۇشال بولاتتى.

— جىن ھاما؟ — سۇك جېن ھەيران قالدى، — سىز، مەنسى سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، دەۋاتمايدىغانسىز؟

— ئەلۋەتتە سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، سىزدىن باشقا كىمنى ياخشى كۆرەتتى؟ ئۇ سىزنى ياخشى كۆرگەچكە، باشقا باللار بىلەنمۇ ئارىلاشقۇسى كەلمىدى، تەتىلدە قايتىپ كەلگەن كۈنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ، ئۇ چىرايلىق ياسىنىپ ئالدىڭىزغا چىققانىدى، كىم بىلسۇن، سىز ئۇنى سىڭلىم دەپ چاقىردىڭىز، ئارقىدىن خۇا خېنىمنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىڭىز، ئۇنىڭغا خۇا شاڭچىيەننى تونۇشتۇردىڭىز، ئۇنىڭ سىزدىن كۆڭلى قايتمىدى، ھامان بىر كۈنى كۆڭلىنى ئۇتىمەن دەپ قارىدى، ئۇ تاكى خۇا خېنىم بىلەن توي قىلىشقا پۇتۇشكەنلىكىڭىزنى، مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىلا، سىزدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ ماڭا: «سۇك جېن ئاكامغا ياتلىق بولالمىغاندىكىن، كىم بىلەن بىرگە بولسامۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇ خۇا شاڭچىيەننى ياخشى كۆرمىسىمۇ، سىزنىڭ تەلىپىڭىز بويىچە ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشتى.

— ھوي! ئۇنداقتا مەن يۈزدەيۈز جىنايەتچى بوپتىمەن ـ دە؟ خۇا شاڭچىيەن دېگەننىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ ئالا نېمە ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولسا تېخىمۇ تەس كۈنگە

قالاتتى، شۇڭا بۇگۈنكى ئىشنى بالا ـ قازا ئەمەس، بەخت دېيەلەك بولىدۇ. بەگزادە، سىز ئەزەلدىن قار مەلىكىدەك قىزلارنى ئالىمەن، دەيتتىڭىزغۇ؟ قاراڭ، مەنسى خېنىمنىڭ چېچى ئۇزۇن، تېرىسى ئاپئاق، چىرايى مەلىكىلەرگە ئوخشايدۇ، كۆزى يوغان، بۇرنى ئېگىز، ئاغزى كىچىك، فىگۇرىسىنىڭ چىرايلىقلىقچۇ، ئۇنىڭ قار مەلىكىدىن قېيېرى كەم؟

سۇڭ جېن كارىۋاتتا ياتقان مەنسىگە قاراپ، توختىماي بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئۇ بەك مۇلايىم، ئىستائەتچان، ئادەمنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدۇ!

— بەگزادە، ھېچ چۈشەنمىدىم، خۇا جىڭجىڭنىڭ نەرىنى ياقتۇرۇپ قالغان بولغىيتتىڭىز، كىچىككىزدىنلا ئۇنىڭدەك سەتلەرنى ياقتۇرمايتتىڭىزغۇ؟

— ئۇنى راستتىنلا ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئىككىمىزنىڭ مىجەزىمىزمۇ كېلىشمەيدىكەن، — سۇڭ جېن مەنسىگە قارىدى، — بىراق، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم ئىگە بولۇشۇم كېرەك، ئۇ ئۆزى مەندىن يالتايمىغۇچە، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن يالتىيىۋالسام بولمايدۇ.

— مەن ئۇنىڭ سىزدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، ئۇ بۇدۇشقاقىنىڭ سىزگە چاپلاشقىنى چاپلاشقان. بەگزادە، ئەگەر خۇا خېنىمدىن راستتىنلا ئايرىلىپ كەتسىڭىز، مەنسى خېنىم بىلەن توي قىلارسىزمۇ؟

— جىن ھامما، سىز گەپكە ئۇستا جومۇ، قاراڭ، ئۇنى بۇدۇشقاقا ئوخشاتقىنىڭىزنى، توي قىلىشقا پۇتۇشۇپ بولغاندىكىن يېنىۋالسام بولمايدۇ، بولمىسا ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بولىمەن. ھەي، قاراڭ، مەنسىنىڭ كۆزى مىدىرلاۋاتىدۇ، ئۇ ئويغىنىدىغان ئوخشايدۇ، مەنسى، ئويغاندىڭىزمۇ؟

مەنسى كۆزىنى ئاستا ئاچتى، ئۇ ئاۋۋال جىن ھاممىغا، ئاندىن

سۇڭ جېنغا قاراپ، تۇيۇقسىز چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

— قورقماڭ، مەن سىزنى خۇا ئائىلىسىدىن قايتۇرۇپ كەلدىم، بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ كارىۋىتى، — سۇڭ جېن ئۇنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى ئارقىغا قايرىدى.

مەنسى دەرھال ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ، توۋلاپ كەتتى:

— ماڭا چېقىلغۇچى بولما، مېنى قويۇۋەت، ماڭا چېقىلما ...

— بىزنى تونۇمىدىڭىزمۇ، بۇ جىن ھامىمىڭىز، ئۇ سىزگە بەك كۆيۈنىدۇ، مەن سىزنىڭ نەۋرە ئاكىڭىز سۇڭ جېن، بىز سىزگە چېقىلدۇقمۇ؟

مەنسى بىر جىن ھامىمغا، بىر سۇڭ جېنغا قاراپ، تۇساتتىن بېشىنى يوتقانغا تىقىۋالدى ...

ئەتىسى، سۇڭ جېن مەكتەپكە بېرىپ، مەنسى ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى، ئەلۋەتتە خۇا شاڭچيەن بىلەن بولغان سەتچىلىكلەرنى دېسە بولمايتتى، ئۇ، مەنسىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئاغرىپ قاپتىكەن، مەنسى ھامىسى بىلەن بىرگە ئامېرىكىغا كەتتى، دەپ قويدى، ئەمەلىيەتتە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەكتەپ ئۇلارنى مىلاد بايرىمى ۋە يېڭى يىل بايرىمىلىق قويۇپ بېرەتتى، بىراق مەنسى مىلاد بايرىمىلىق تەييارلىغان ئويۇندا رول ئالىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېيتتى.

سۇڭ جېن جىن ھامىمىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ تىتىلداپ، شۇ كۈنكى ئىشلارنى ئۆز قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ تولىمۇ شەخسىيەتچى، مەنسىنىڭ ھېسسىياتىغا پەقەتلا ئېتىبار بەرمىگەنىدى.

سۇڭ جېن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى، سۇڭ خانىم مەنسىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىۋاتاتتى.

— ئاپا، مەنسى بۈگۈن قانداقراق؟

— تۈنۈگۈندىن تىنچلىنىپ قالدى، بىرنەرسىلەرنىمۇ

www.uyghurkitap.com

يەۋاتىدۇ، سەل ... سەل ھاڭۋېقىپ قېلىۋاتىدۇ، گەپ قىلمايدۇ. ھەي! بەك ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، ھېلىقى خۇا شاڭچيەن دېگىنىڭ ئۇنى زادى قانداق قىيىنغان بولغىيتتى، بىر ئوبدان چېچەن قىزنى ھاڭۋاقتى قىلىپ قويىدى.

سۇڭ جېن ئاپىسىنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ قويدى، ئەمەلىيەتتە ئۆزى تېخىمۇ بىئارام بولۇۋاتاتتى.

ئۇ مەنسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە جىن ھاما مەنسىنىڭ يېنىدىن تۇردى:

— ئەمدى مەنسىگە بىردەم ھەمرھ بولۇڭ، مەن ئاشخانىغا چىقىپ، باشقا بىر تاماق قىلىپ كىرەي، بىر كۈن سۇيۇق تاماي يېدى، تېخىمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتمىسۇن يەنە!

مەنسى ياستۇقتا يېرىم يۆلىنىپ ياتاتتى، ئۇ سۇڭ جېننى كۆرۈپ، يوتقاننى بوينىغىچە تارتىۋالدى، ئۇ تۇنۇگۈنكىدەك ئالاقزادە بولۇپ كەتمىگەن، بىراق يەنىلا ئۆزىنى قوغدىماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مەنسى، بىلەمسىز؟ بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، سىزنىڭ ھۇجرىڭىز، سىز بۇ يەردە تولىمۇ بىخەتەر.

مەنسى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى.

— مەن سىزنىڭ نەۋرە ئاكىڭىز، سۇڭ جېن ئاكىڭىز، مەن كىچىككىڭىزدىن سىزگە ئامراق ھەم سىزنىڭمۇ ئەڭ ئامراق ئادىمىڭىز.

مەنسى يوتقان بىلەن بېشىنى پۈركىۋالماي، سۇڭ جېنغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى، ئۇ خۇددى بىرنېمىنى ئويلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

سۇڭ جېن ئۇنى قورقۇتۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى، ئاستا ھەم كۈلۈمسىرەپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەنسىگە قولىنى ئۇزاتتى.

— ئەگەر مېنى سۇڭ جېن ئاكىڭىز دەپ بىلسىڭىز، قولىڭىزنى ئالىقىنىمغا قويۇڭ، — دېدى سۇڭ جېن.

مەنسى ئاۋۋال ئۈستىگە يېپىنغان يوتقانغا، ئاندىن سۈك جىنىنىڭ ئالىقىنىغا قارىدى، ئۇ سۈك جىنىنىڭ ئۇنىڭغا تېگىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن سۈك جىن ئاستا - ئاستا يېنىكلەپ قالغاندەك، كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى، مەنسى قولىنى ئاخىر سۈك جىنىنىڭ ئالىقىنىغا قويدى.

— مەنسى، — سۈك جىن خۇشال بولۇپ، مەنىسىنىڭ قولىنى بوشقىنا سىقتى، بىراق ئۇنى يەنە قورقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى، — مېنى ئاخىر ئېسىڭىزگە ئالدىڭىز، ئىككىمىز بىر ئۆيدە چوڭ بولغان، بىر - بىرىمىزگە ئامراق، سىز مېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايسىز، شۇنداقمۇ؟

مەنسىنىڭ چىرايىغا بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم يۈگۈرگەندى.

— ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

— مەن سىزنى يۆلەپ ياتقۇزۇپ قوياي، بولامدۇ؟ ھە، مانا ئەمدى ياخشى بولدى، — سۈك جىن مەنسىگە يوتقىنىنى يېپىپ قويدى، — ئويغانغاندىن كېيىن تاماق يەڭ، بولامدۇ؟

— سىز بۇ يەردىن كەتمەڭ، — دېدى مەنسى بوش ئاۋازدا، — مۇشۇ يەردە قاراپ ئولتۇرۇڭ، ئۇنى ھەرگىز كىرگۈزمەڭ!

— مەن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن، سىزگە ھەمراھ بولىمەن، ئويغىنىپ كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزلا مېنى كۆرىسىز، — سۈك جىن مۇلايىملىق بىلەن مەنسىنىڭ چېچىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، — ئۇخلاڭ، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ!

مەنسى كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

سۈك جىن كارىۋاتنىڭ يېنىدا مەنسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى، مۇشۇنداق چىرايلىق، ئوماق قىزغا خۇا شاڭچيەننىڭ زوراۋانلىق قىلىشقا قانداقمۇ كۆڭلى بارغان بولغىيتتى، سۈك جىن ئويلىغانسېرى تىت - تىت بولاتتى، خۇا شاڭچيەنگە نەپرىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوزغىلاتتى.

ئــەمــەلــىــيــەتتە، مەنسى خۇا شاڭچيەن بىلەن ئارىلىشىشنى دەسلەپتىلا رەت قىلغان، سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن، ئۆزىمۇ خۇا شاڭچيەننى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، مەنسىنى ئــۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشقا مەجبۇرلىغان، خۇا شاڭچيەننى ئۆيگە بــاشلاپ كېلىپ، ئۇلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەچكە، بۇگۈنكى ئىشلار يۈز بەرگەن. مەنسىنى سۇڭ جېن مۇشۇ هالغا قويغان، ئۇ قانداقمۇ ئۆزىنى ئەيىبلىمەي تۇرالىسۇن؟

ئۇ يەنىلا مەنسىگە قاراپ ئولتۇراتتى، مەنسى راستىنىلا قار مەلىكىسىنىڭ ئۆزى ئىدى، ئۇ مەنسى بىلەن بىرگە تۇرغان ئون نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭمۇ قاردەك پاك ئىكەنلىكىنى هېس قىلغانىدى.

مەنسى ئۇنى يەنىلا يوشۇرۇن ياخشى كۆرىدۇ. ئەسلىدە ئۇلار بــىر ـ بىرىگە تازا لايىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئائىلە كېلىپ چىقىشى، تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش، بىر ـ بىرىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئۇ هەرگىز خۇا جىڭجىڭغا ئوخشىمايتتى، سۇڭ جېن خۇا جىڭجىڭ بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ شەخسىيەتچى، باشقىلارغا كۆيۈنمەيدىغان خاراكتېرى ئاشكارىلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

بىراق، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خۇا جىڭجىڭغا ئۆيلىنىشنى پۈتۈشۈپ بولغان، مەنسىنىڭ تۇرلۇك ئارتۇقچىلىقىغا هەۋەس قىلىپ قېلىشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى.

— ياق، ماڭا چېقىلما، ماڭا چېقىلما …

سۇڭ جېن مەنسىنىڭ تولغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى، مەنسىنىڭ كۆزى يۇمۇق، بېشىنى ئۇيان ـ بۇيان تولغاپ، بەدىنىنى ئېتىپ، قوللىرىدا ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىنى سىقىملايتتى:

— ياق، مېنى قويۇۋەت …

سۇڭ جېن ئالدىراپ كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ، مەنسىنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇۋالدى.

— مەنسى، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، سىز چۈش كۆرۈۋاتىسىز،

سىز ئۆيىڭىزدە، ھېچنېمە بولمايسىز ...
مەنسى قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى، ئۇ كۆزنى ئاران ئېچىپ، سۇلۇك جىننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى:
— خۇا شاڭچيەن مېنى ئۇردى، ئۇ ... ئۇ ... ماڭا چېقىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇنى نېمىشقا كىرگۈزدىڭىز؟
— ئۇنى ھېچكىم كىرگۈزمىدى، مەڭگۈ كىرگۈزمەيمىز، سىزمۇ ھەرگىز ئۇنى كۆرمەيسىز، قورقماڭ، سىز بايا چۈش كۆرۈپسىز، — سۇلۇك جىن ئۇنى قۇچاقلاپ، دۈمبىسىگە بوش قېقىپ قويدى، — مەنلا بولىدىكەنمەن، ھېچكىم سىزگە چېقىلالمايدۇ، خۇا شاڭچيەن سىزگە يەنە چېقىلىدىغان بولسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!
— ئۇ راستتىنلا كەلمىدىمۇ؟ — مەنسى قاتتىق ئېسەدەۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى تولىمۇ بىچارە ئىدى، — مەن ئۇنى كۆردۈمغۇ، ئۇ مېنىڭ ... كىيىمىمنى تارتىپ يىرتىۋەتتى!
— سىز چۈش كۆرۈپسىز، چۈشىڭىزدە ئۇ ئەبلەخنى كۆرۈپسىز، قاراڭ، بۇ سىزنىڭ ھۇجرىڭىز، پەقەت ئىككىمىزلا بار، خۇا شاڭچيەن دېگەن ئەبلەخ يوق!
— ئۇھ ... مەن راستلا چۈش كۆرۈپتىمەن! — مەنسى ئەتراپقا قاراپ ئۇھ تارتىپ قويدى.
— ئۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئويلىمىسىڭىز چۈشىڭىزگىمۇ كىرمەيدۇ، كىچىك ۋاقتىمىزدىكى ئىشلارنى، ئارقا ھويلىدا مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىغانلىرىمىزنى ئويلاڭ، — سۇلۇك جىن ئۇنىڭ مەڭزىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى، ئۇ ئۇنىڭغا ئەزەلدىن مۇنداق مۇلايىم بىلىنمىگەنىدى.
— بىز يەنە ئوت قويۇپ ئوينايتتۇق!
— شۇنداق! باللىق چاغلىرىمىزدىكى كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئويلاڭ، باشقىلارنى ھەرگىز ئويلىماڭ. بىردەم ئۇلتۇرۇڭ، بولامدۇ؟ تاماق ھازىرلا پىشىدۇ!
مەنسى ياۋاشلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

www.uyghurkitap.com

جىن ھامما تاماق كۆتۈرۈپ كىردى، سۇلى ئەپەندى بىلەن سۇلى خانىممۇ مەنسىنى كۆرگىلى كىردى، ئۇلار مەنسىنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ كەتتى.

— سەن قايتىپ كېلىپ، يۈزۈڭنىمۇ يۇيماپسەن، چۈشتىن كېيىنلىك چايىنىمۇ ئىچمەپسەن، چىقىپ يۈزۈڭنى يۇيۇپ، تامىقىڭنى يە! — دېدى سۇلى خانىم سۇلى جېنغا قاراپ.

سۇلى جېن مەنسىنىڭ قىيمىغان ھالدا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويدى:

— مەن چىقىپ تامىقىمنى يەپ، يۇيۇنۇپ بولۇپ كىرىمەن!

— راستمۇ؟ — مەنسى ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.

— راست! — سۇلى جېن مەنسىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ بېشىنى لىڭشىتتى، — چوقۇم كىرىمەن!

مەنسى خۇشال كۈلۈمسىرىدى.

سۇلى جېن تامىقىنى ھاپىلا - شاپىلا يەپ، تېزلا يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، مەنسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

مەنسى سۇلى جېننىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا تىكلىنىپ ئولتۇردى.

— گېپىمدە تۇرامدىكەنمەن، ئىشەنچلىكمىكەنمەن؟ — سۇلى جېن مەنسىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

مەنسى بېشىنى لىڭشىتتى. سۇلى خانىم، سۇلى ئەپەندى، جىن ھاممىلار ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار قىزغىن پاراڭلاشتى، مەنسى گەپ قىلماي ئولتۇرغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

سۇلى جېن سائىتىگە قاراپ مەنسىگە دېدى:

— ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭىز بوپتۇ، دوختۇر سىزنى ئىككى كۈن ئوبدان ئارام ئالسا، سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ، دېگەندى.

مەنسى جىددىيلىشىپ بېشىنى چايقىدى.

— نېمىشقا ئۇخلىمايسىز؟ ئۇخلىمىسىڭىز سالامەتلىكىڭىز

قانداق ئەسلىگە كېلىدۇ؟ — دېدى سۇك جېن.

— چۈش كۆرۈشۈمدىن قورقىمەن، خۇا شاڭچيەننى يەنە كۆرگۈم يوق، ئۇخلاشتىن قورقۇۋاتىمەن!

— خۇا شاڭچيەن دېگەن ئەبلەغ! — دېدى جىن ھامما.

— ئۇنى كۆرۈپ قالسام، تەستىكىگە ئىككىنى سالمايدىغان بولسام، — دېدى سۇك خانىم ئاچچىق قىلىپ.

— قېنى ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىنى كۆرەي، پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام، — سۇك ئەپەندىنىڭ سۆزى مەنسىگە تىنچلاندۇرۇش دورىسىدەك بىلىندى.

— ئۇ ھەرگىز كېلەلمەيدۇ، ئۇنى ئويلىمىسىڭىز چۈشىڭىزگە كىرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بار، قېنى كىم سىزنى بوزەك قىلالايدىكىن؟

— مەن ئۇخلاپ قالسام كېتىپ قالىسىز، — دېدى مەنسى بېشىنى چايقاپ بوش ئاۋازدا، — ئۆزۈم يالغۇز قورقىمەن.

— ھە، بىلدىم، — سۇك جېن كۈلۈپ كەتتى، — سىز ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەۋېتىپسىز ـ دە؟ ماقۇل! مەن ئورۇندوقنى كارىۋىتىڭىزنىڭ قېشىغا قويۇپ ئۇخلاي، شۇنداق قىلسام خاتىرجەم ئۇخلايدىغانسىز؟

— سۇك جېن مەنسىنى خۇا شاڭچيەن دېگەن ئەبلەخنىڭ ئۆيىدىن قۇتقۇزۇپ كېلىپ، مەنسىنىڭ ئىشەنچلىك قەھرىمانى بولۇپ قاپتۇ ـ دە! — دېدى سۇك ئەپەندى.

— قوغدىغۇچى ئىلاھى! — سۇك خانىم جىن ھاممىغا تاپىلىدى، — ئورۇندۇقتا ئۇخلىسا قىينىلىپ قالىدۇ، بىر كارىۋات ئەكىرىپ قويۇپ بېرەيلى.

— ياق، ئاپا! دادامنىڭ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى ئەكىرەي، ئۇ ھەم راھەت، ھەم مەنسىگە قاراپ ياتالايمەن.

جىن ھامما ھەممە ئىشلارنى جايىدا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار مەنسى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— راستىلا ئۇخلامسىز؟ — سۇك جېن مەنسىنى يۆلەپ

ياتقۇزۇپ، يوتقىنىنى يېپىپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇشىغا مەنسى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى:

— چىقىپ كېتەمسىز؟

— ياق! ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتەي، مەن سىزگە قاراشقا ۋەدە قىلغان تۇرسام، — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يوتقانغا سېلىپ قويدى، — سىزمۇ بىر ئىشقا ۋەدە بېرىڭ!

— نېمە ئىش؟ — مەنسى ئۇنىڭغا قارىدى.

— قالايمىقان خىياللارنى قىلماي ئۇخلاڭ، مەن ئۇچىنى سانىغۇچە كۆزىڭىزنى يۇمۇپ بولىسىز! — سۇڭ جېن بۇ قېتىم مەنسى پۈتۈنلەي ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، چىراغنى ئۆچۈردى، ئۆينى پەقەت ھال رەڭلىك تام چىرىغى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

سۇڭ جېن مەنسىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كەلگەندە مەنسى خاتىرجەم ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ مەنسىنىڭ يەنە قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمىدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ يېنىدا مەنسىنىڭ ئۇخلاۋاتقاندىكى گۈزەل رۇخسارىغا قاراپ ئولتۇردى. مەنسىنىڭ ئوماق، گۈزەل چىرايى، تەكشى نەپەسلىنىشىگە قارىغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىر يەرلىرىنى چىمدىۋالغۇسى كېلەتتى.

خۇا جىڭجىڭ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ كېچىچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، بىردەم قولىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئېلىۋالسا، بىردەم پۇتىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېلىۋالاتتى، نەپەسمۇ شۇنداق ئېغىر ھەم تەكشىسىز، خورەك تارتىشچۇ تېخى، ئۇنىڭ چېچى قىسقا، ياستۇق ئۇستىدە ئادەمنى مەپتۇن قىلىپ كېتەلمەيتتى.

سۇڭ جېن قىزلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئۇخلىسا كېرەك، كېيىن ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالارمەن، دەپ ئويلىغانىدى. بۈگۈن مەنسىنىڭ ئۇخلىشىنى كۆرۈپ، قىزلار ئۇخلىغاندا، ھەقىقەتەنمۇ ئۇيقۇدىكى ساھىبجامالغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. سۇڭ

جىن مەنسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، هارغىنلىق هېس قىلمىدى.

مەنسى تۇيۇقسىز چۆچۈپ، يوتقىنىنى تېپىۋەتتى، سۈك جىن ئۇنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ، يوتقىنىنى ئوڭشاپ قويغاچ، ئاستا دۇمبىسىگە قېقىپ:

— ئۇخلاۋېرىڭ، قورقماڭ، مەن قېشىڭىزدا، سىزگە هېچكىم چىقىلالمايدۇ! — دېدى.

دەرۋەقە، مەنسى خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى. شۇنداق قىلىپ، سۈك جىن ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم گەپ قىلىپ قويۇۋىدى، كېيىنكى يېرىم كېچىدە، شۇنداق تاتلىق ئۇخلاپ كەتتى.

سۈك جىن ئۆيگە قايتىپ، مەنسىنىڭ قېشىغا چىقىپ ئەهۋال سورىغىلى ماڭغاندا جىن هامما ئۇچراپ قالدى:

— جىن هامما، مەنسى بۈگۈن قانداقراق؟ — دەپ سورىدى سۈك جىن.

— ياخشى بولۇپ قاپتۇ، ئۆزلۈكىدىن گەپ قىلىۋاتىدۇ، ئىشتىهاسىمۇ شۇنداق ياخشى.

— ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقاي!

— ئۇ هۇجرىسىدا يوق!

— ئۇ نەگە كەتتى! — سۈك جىن چۆچۈپ سورىدى، — ئۇنىڭ يېنىدا كىم بار؟ نېمىشقا چىقىپ كەتتى ...

— ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتمىدى، — جىن هامما كۈلۈپ كەتتى، — باغدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ ئىككى كۈن ئۆيدىن سىرتقا چىقماپتىمەن، ساپ هاۋا يەپ كىرەي دېۋىدى.

— هە، مۇنداق دەڭا! — سۈك جىننىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى، — بىراق كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى، ئۇ مۇزلاپ قالارمىكىن!

— شۇڭا، مەن ماۋۇ ئەدىيالنى ئېلىپ ماڭغان.

سۈك جىن باغقا چىقتى، ئۇ يىراقتىن مەنسىنى كۆردى، مەنسى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ئۇ

ئۇچىسىغا ھال رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىغا ھال رەڭلىك شىلەپە كىيگەنىدى.

— ھەي، مەلىكەم! بۈگۈن قانداقراق؟

— ياخشى، ئاخشام بەك ياخشى ئۇخلاپتىمەن، سىزنى بەك ئاۋارە قىلىۋەتتىم ـ ھە؟

— ئاۋارە قىلدىم دەمسىز؟ ئۆزۈم تاپقان ئىش بولغاندىكىن، خوپ بولدى، — سۇڭ جېن ئارقىسىدىن بىر دەستە ھال رەڭ ئەتىرگۈلنى چىقىرىپ مەنسىگە بەردى، — سىزگە سوۋغىتىم!

— ۋاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق، ئەزەلدىن بۇنداق چىرايلىق گۈلنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم! — مەنسى گۈلنى مەھكەم تۇتتى.

— خۇا شاڭچيەن سىزگە گۈل تەقدىم قىلىپ باقمىدىمۇ... — سۇڭ جېن گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي تۇرۇپ قالدى، — كەچۈرۈڭ!

— كېرەك يوق! — مەنسى گۈلگە قارىدى، — ھەممىنى قىلغان ئۆزۈم، ھەممىڭلارنى قورقۇتۇپ، پاراكەندە قىلىۋەتتىم.

— بۇنى قانداقمۇ سىزدىن كۆرگىلى بولىدۇ، سىز ياخشى قىز تۇرسىڭىز، سىز شۇ... يامان ئادەمگە يولۇقۇپ... ئۇ سىزنى قورقۇتۇۋەتتى، سىز بەك باتۇر قىز ئىكەنسىز، ئورنىڭىزدا باشقا قىز بولىدىغان بولسا، قورقۇپ ساراڭ بولۇپ قالاتتى، شۇڭا، مەن...

جىن ھاما ھال رەڭ ئەدىيالنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، مەنسىنىڭ تىزىغا يېپىپ قويدى:

— بەگزادە، مەن ئاشخانىغا كىرىپ باقاي، كۆن ئولتۇراي دەپ قالدى، خېنىمنى سىز ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىڭ.

— بولىدۇ، سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، خېنىمنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن.

مەنسى جىن ھامىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ دېدى:

— جىم ھامام سىزنى ماڭا ئىچى ئاغرىپ، مۇشۇنداق ياخشى قاراۋاتىدۇ، دەيدۇ.

— ئىچى ئاغرىپ دەمسىز؟ مەن ئۆزۈمگە يۈز كېلەلمەيمەن، — سۈك جىن بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ، مەنسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، — بىلىمەن، سىز ئەزەلدىن خۇا شاڭچيەننى ياقتۇرمايسىز، ئەگەر مەن سىلەرنى كۆپ قېتىم ئۇچراشتۇرمىغان بولسام، سىز ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشمايتتىڭىز، بۇگۈنكىدەك ئىش يۈز بەرمەيتتى، سىزنى بەك قورقۇتۇۋەتتىم.

— سىز مېنى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشقا زورلىمىغان، ئۆزۈم خالاپ ئارىلاشقان، ئۇنىڭ بۇنداق ئەسكىلىكىنى ئويلىماپتىمەن. ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمدىمۇ بار، ئۇنچىۋالا كاجلىق قىلىپ كەتمىسەممۇ بولاتتى، — مەنسى گۈل بەرگىنى بوشقىنا بېسىپ قويۇپ ئۇھ تارتتى.

— مەنمۇ سىزنى زورلىمىغان، بىراق خۇا شاڭچيەن بىلەن ئارىلىشىشىڭىزغا مەن سەۋەب بولغان، شۇ چاغدا جىڭجىڭنىڭ كۆڭلىنى دەپ شۇنداق قىلغانىدىم، خۇا شاڭچيەن دېگەن ئويۇنى جىق، ئالا كۆڭۈل بىرنېمىكەن، مەن ئۇنى بىلمەي، سىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ بېقىڭ، دەپتىمەن. قاتتىقراق ئېيتسام، ئۆزۈمنى، جىڭجىڭنى دەپ سىزگە ساتقىنلىق قىپتىمەن!

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ. خۇا شاڭچيەن بىر قارىماققا ياخشى بالىدەك كۆرۈنىدۇ، ھەممە ئادەم ئىككىمىزنى بەك ئىناق دەپ قارايدۇ، ئەگەر ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئاشۇ ئىشلارنى قىلمىغان بولسا، مۇناسىۋىتىمىز بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولاتتىم، ئىشقىلىپ، ئىشقىلىپ ... — مەنسى قولىدىكى گۈلنى چىڭ تۇتتى، — ئىشقىلىپ مەن مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. قىزلار ھامان ياتلىق بولىدۇ، كىمگە ياتلىق بولسامۇ ئوخشاش.

سۈك جىن ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى چۈشىنەتتى، جىن ھامما ئۇنىڭغا مەنسىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەندىكىن، كىمگە ياتلىق بولسىمۇ بەرىبىر ئىكەنلىكىنى

ئېيتقاندى.

سۇڭ جېن مەنسگە قاراپ ئازابلاندى، ئىچ ئاغرىتتى، ئۇ مەنسىنىڭ قولىنى ئاستا تۇتتى:

— مەنسى، سىزگە بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ ھەم سىزگە ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلغۇم كېلىدۇ، سىز بەك چىرايلىق، ئۇماق قىز، ماڭا بەك ئوبدان مۇئامىلە قىلىسىز، بىراق تەلىيىم يوق ئىكەن، چەت ئەلدىن قايتىپ تۇنجى كۈنىلا خۇا جىڭجىڭغا يولۇقۇپ قالدىم، ئىش تەرەققىي قىلىپ بۇگۈنگە كەلدى، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم..

— جىڭجىڭ ھەددەم ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا شۇنداق ماس كېلىسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر ئەر - خوتۇن بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، ئىشقىلىپ سىز بەختىڭىزنى تاپتىڭىز.

— مېنى بەختلىك دەمسىز؟ — سۇڭ جېن ئۇھ تارتتى، — جىڭجىڭ ئىككىمىز توي قىلىشقا پۇتۇشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى سىز ئەڭ ئوبدان بىلىسىز، ئۇ پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالدى، مەن ئۆزۈمنى ئانچە بەختلىك ھېسابلىمايمەن، يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىشلار، جېدەل - ماجىرالار تېخى ئالدىمىزدا ئوخشايدۇ.

— سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلارغا ئاز قالدى، بىر - بىرىڭلارغا كۆيۈنۈپ، بىر - بىرىڭلارنى توغرا چۈشىنىپ ئۆتۈڭلار!

— مەن سەل مۇتەئەسسىپرەك ئادەم، ئۆزۈم قىلغان ئىشقا مەسئۇل بولماسام بولمايدۇ، — سۇڭ جېن بېشىنى قامالىدى، — ھازىرقى ياشلاردەك بولغان بولسام، ئاللىقاچان ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن يېنىۋالاتتىم، خۇا شاڭچيەنىڭ قىلغان ئىشىدا ئۇ ئانچە - مۇنچە يول كۆرسەتكەن گەپ، ئۇ راستىنلا كەچۈرگۈسىز ئىش قىلدى!

بۇ چاغدا، خىزمەتكار سۇڭ جېنغا تېلېفون كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. سۇڭ جېن سىمسىز تېلېفوننى قولىغا ئالغاچ مەنسگە دېدى:

— مۇزلىدىڭىزمۇ؟ ئاۋۋال سىزنى ئۆيگە ئەكىرىپ قوياي.
— سىز تېلېفوننى ئېلىۋېرىڭ، مەن ئۆزۈم كىرىپ كېتەي.
— تـەڭ مـاڭايلى! — سۈڭ جېن ئەدىيالنى خىزمەتكارغا تۇتـقـۇزۇپ قـويـۇپ، ئۆزى مەنسىنى قولتۇقلىغاچ، تېلېفوننى قولىقىغا تۇتتى:
— ۋەي!
— نېمە بولدى سىزگە، ئىككى كۈندىن بېرى ئۆزىڭىزمۇ يوق، تېلېفونمۇ بېرىپ قويمايسىز، مەندىن تېلېفون ساقلىغانمىدىڭىز، نېمانچە يوغىناپ كەتتىڭىز، — جىڭجىڭ گەپنى ياغدۇرۇۋەتتى، ئادەتتە ئۇ ئىنتايىن مۇلايىم ئىدى، تازا ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك.
— مەنسى ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭغا قارىمىسام بولمايدۇ.
— سىز شاڭچىيەننى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ كېتىپ قالدىڭىز، ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق، دەرھال كېلىڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار.
— بولىدۇ! مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار، — سۈڭ جېن تېلېفوننى ئېتىۋېتىپ مەنسىگە قارىدى، — مەن جىڭجىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي، تاماقنا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن، بىراق سىز ئۇخلىغۇچە چوقۇم قايتىپ كېلىمەن.
— بولدى، ئالدىرىماي كېلىڭ، جىڭجىڭ ھەددەم بىلەن بىرگە تاماق يەڭ، ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ ئىشى بىلەن مۇناسىۋىتىڭلارغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماڭلار.
— ئۇ ئۆزىمۇ سىز بىلەن شاڭچيەن ئوتتۇراڭلاردىكى ئۈچىنچى شەخس، ئۇ سىزدىن ئەپۇ سوراپ، خۇا شاڭچيەننىڭ ئەدىپىنى بەرمىگۈچە ئۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم تاماق يېيەلمەيمەن، — سۈڭ جېن ئالدىراپ كېتىپ قالدى.
سۈڭ جېن خۇا ئائىلىسىگە كەلگەندە، خۇا جىڭجىڭ گىرىم قىلىپ، قىزىل كاستۇم - يوپكا كىيىۋالغىنى بىلەن ئۆكسىلى ئۆچكەندى.

— سىز ئاخىر ئىنىمدىن گۇناھىڭىزنى تىلىگىلى كەلدىڭىز!

— قىزىق، گۇناھىنى تىلەيدىغان ئادەم مەن ئەمەس، خۇا شاڭچىيەن، ئۇ نەۋرە سىڭلىمنىڭ نومۇسىغا تەگمەكچى بوپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى مەنسى قورقۇپ ساراڭ بولۇپ قالمىدى، ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ يەنە تايىغىنى يەيتتى.

— قىز - يىگىتلەر مۇھەببەتلىشىپ، بىر - بىرىگە مەيلىنى بىرىش كىچىك ئىشلارغۇ، ئۇنىڭغا ئۇنچە قورقۇپ كېتىشىنىڭ نىمە ھاجىتى؟

— مۇھەببەتلەشتى دەمسىز؟ مەنسى خۇا شاڭچيەننى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇلار پەقەت ئادەتتىكى دوستلار، خۇا شاڭچيەن مەنسىگە زورلۇق قىلدى. مەنسى ئەرلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى كىچىك ئىش دەپ قارىمايدۇ، ئۇ سىز ئەمەس! — سۇڭ جېن تۇيۇقسىز ئىلگىرى بولغان ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى، ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى جىڭجىڭ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىمۇ شۇنداق ئىش يۈز بەرگەن، جىڭجىڭ ئۆيىدىكىلەر، خىزمەتكارلارنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۇنى ھۇجرىسىدا تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ھاراق ئىچكۈزۈپ، تانسا ئويناپ، ئۇنىمۇ ئەقلىدىن ئازدۇرغانىدى، — ھەدە - ئىنى ئىككىڭلار بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، سىلەردە ئەخلاق قارىشى دېگەن نەرسە يوق.

— ھەي! نېمە مېنى چىشلەپ تارتىسىز؟

— ئالدىنقى كۈندىكى ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا سىزمۇ قاتناشقان، ئەمەلىيەتتە سىزمۇ مەنسىدىن گۇناھىڭىزنى تىلىشىڭىز كېرەك!

— ھۇ ئۆلگۈر، بىلجىرلىماڭ!

— ئادەتتە چۇش بولغاندا ئورنىڭىزدىن تۇرىدىغان ئادەم ئۇ كۈنى نېمىشقا ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، مەنسىنى تاماققا تەكلىپ قىلىسىز؟

— مەنسىدىن چالا - پۇچۇق بىر گەپلەرنى ئاڭلىۋېلىپ، ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى جىڭجىڭ قوللىرىنى شىلتىپ.

— مەنسى بەك قورقۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ئۇ كۈنى سىز تېلېفون قىلغاندا، مەنسى ئاپام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن، ئاپامدىن ئاڭلىدىم، ئاپام سىزگە ئۇۋال قىلدىمۇ؟

جىڭجىك قوللىرىنى چۈشۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— گېپىم تۈگىمىدى، خۇا شاڭچيەن مەنسىگە زورلۇق قىلىۋاتقاندا، سىز ئۇخلاۋېتىپسىز، مەن بۇنى خىزمەتكارىڭىزدىن ئاڭلىدىم، ئەمىسە ئۇ سىزگە ئۇۋال قىلدىمۇ؟ — سۇڭ جېن سۆزلىگەنسېرى ئاچچىقلىنىۋاتاتتى، — ئۇ چاغدا سىز گىرىم قىلماي نېمىشقا ئۇخلىماقچى بولدىڭىز، مەنسىنى خۇا شاڭچيەننىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپ، خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇيقۇڭىز كەلمىگەن بولغىيتتى؟ ئەگەر سىز راستىنلا مەنسى بىلەن پاراڭلاشقاچ تاماق يېمەكچى بولغان بولسىڭىز، نېمىشقا ئۇنى تاشلاپ قويۇپ ئۇخلىغىلى كىرىپ كېتىسىز؟

— بولدىلا، سۆزلەۋەرمەڭ، — جىڭجىك يۈزىنى سىلىۋېتىپ گەپ قىلىۋاتاتتى، — ئىنىم مەنسىنى ياخشى كۆرىدىكەن، مەن ئىنىم ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردىم، قانداق؟

— ئىش بۇنداق ئوڭاي ئەمەس، مەن چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئادەم، بۇنداق ئىشلارغا كاللام خېلى ئىشلەيدۇ، — سۇڭ جېن ئولتۇرۇپ جىڭجىڭدىن ھېساب ئالغىلى تۇردى، — ھېلىقى كۈنى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا ھېلىقى قىزنى قۇچاقلاپ تۇرغان يىگىت دەل خۇا شاڭچيەن، سىز ئۇنى كۆرۈپ، مېنى تارتىۋالدىڭىز. سىز خۇا شاڭچيەننىڭ ئاشۇنداق ئىشلىرىنى مېنىڭ بىلىپ قېلىشىمدىن ئەندىشە قىلىپ، مەنسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش غەرىزىدە ئۇنىڭغا زورلۇق ئىشلەتمەكچى بولدۇڭلار!

— توغرا، سىز نېمىدېگەن ئەقىللىق، ھەممىنى بىلىپ قالدىڭىز، — جىڭجىك ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، چاۋاك ئۇرۇپ قويدى، — شاڭچيەننىڭ ئۇ قىزلار بىلەن ئارىلىشىۋاتقىنى

راست، بىراق ئۇ مەنسىنى ئالماقچى بولغان، ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدۇ!

— ھەدە ـ ئىنى ئىككىڭلار بىرلىشىپ ئەسكىلىك قىلىدىڭلار، ھەر ئىككىڭلار مەنسىدىن ئەپۇ سوراڭلار!

— مەيلى! ئەپۇ سورىساقمۇ، گۇناھىمىزنى تىلىسەكمۇ مەيلى، كىم شاڭچيەننى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالسۇن دەپتۇ. بىراق سىز بىر ئىشقا ماقۇل بولۇڭ، — جىڭجىڭ سۇڭ جېنىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، — سىز بېرىپ مەنسىگە ئېيتىڭ، ئۇ ئىنىم بىلەن توي قىلسۇن، ماقۇل بولسىلا شاڭچيەن ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ، گۇناھىنى تىلىسىمۇ مەيلى.

— نېمە؟ مەنسى ئاشۇنداق بىر زىناخورغا تېگەمدۇ؟ ئۇ كۆڭلى تايىقىم ئۇنىڭغا ئازلىق قىلىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇ ھەرگىز خام خىيال قىلمىسۇن، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە بارىدىغان بولسا، دادام ئۇنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ. مەنسىمۇ ھەرگىز سىلەرنىڭ ئۆيگە كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ خۇا شاڭچيەننى كۆرەر كۆزىمۇ يوق!

— كەلگۈسىدە بىز توي قىلىپ قالساقچۇ، ئۇ مېنىڭ ئىنىم تۇرسا!

— سىزنىڭ سۇڭ ئائىلىسىگە ياتلىق بولۇشىڭىزنىڭ خۇا شاڭچيەن بىلەن ئالاقىسى يوق، بىز بىر ئائىلىلىكلەر ئۇنى ھەرگىز قارشى ئالمايمىز.

— سۇڭ جېن، ئۆتۈنۈپ قالاي، — جىڭجىڭ يالۋۇرغىلى تۇردى، — مەن سىزنىڭ بولغۇسى خوتۇنىڭىز، ياق، ئەمەلىيەتتىمۇ سىزنىڭ خوتۇنىڭىز.

— مەندىن قانداق ئىشنى تەلەپ قىلسىڭىز مەيلى، بىراق مېنى مەنسىنى ئۇ ھايۋاننىڭ قولىغا بېرىڭ دېسىڭىز، بۇ تەلىپىڭىزنى ھەرگىز ئورۇنلىمايمەن!

— شاڭچيەن مېنىڭ ئىنىم، ئۇنى نېمىشقا ھايۋان دەپ تىللايسىز؟

— ئۇ ھايۋاننىڭ قىلىقىنى قىلغان تۇرسا؟

— شاڭچيەن مەنسىگە ئېرىشەلمىسەم ئادەم بولماي كېتەي، دېگەننىدى، — جىڭجىلىڭ تەھدىت سالغىلى تۇردى، — ناۋادا، ئىنىم راستىنلا جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، مەن ھەرگىز رەقىبىمنىڭ ئائىلىسىگە كېلىن بولمايمەن. ئەگەر سىز مەنسىنى ئىنىمغا ياتلىق بولۇشقا كۆندۈرمەيدىغان بولسىڭىز، سىز بىلەن ئايرىلىپ كېتىمەن!

— جىڭجىلىڭ، سىز ۋىجدانىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، بولامدۇ؟ مەنىسى سىزنىڭ ئىنىڭىزدەك ئادەمگە ياتلىق بولسا بەختلىك بولارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇا شاڭچيەننىڭ ئىشى بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز تۇرسا، ئىككىمىزنىڭ ئۇنى دەپ ئايرىلىپ كېتىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— ئىشقىلىپ، شاڭچيەن مەنسىگە ئېرىشەلمەيدىغان بولسا، سىزمۇ ماڭا ئېرىشىمەن دەپ خام خىيال قىلماڭ، شاڭچيەن مېنىڭ ئەتىۋارلىق ئىنىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن كېچىشكە رازىمەن، ئەگەر سىز نەۋرە سىڭلىڭىزنى دەپ مېنىڭ گېپىمگە كىرمىسىڭىز، بىز ئايرىلىپ كېتەيلى! — دېدى جىڭجىلىڭ كۆرەڭلىك بىلەن، — خەقنى دەپ مەندىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىزغا ئەرزىمدۇ؟

— مەن ھەرگىز سىزدىن ئايرىلمايمەن، چۈنكى ئۆزۈم قىلغان ئىشقا مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك.

— ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئېلىپ قالدىڭىز، مەن ھەرگىز بۇ گېپىڭىز بىلەن مۇناسىۋىتىمىزنى ساقلاپ قالالمايمەن، ئىشقىلىپ، مەنسى شاڭچيەنگە تەگمىسە، ئىككىمىز ئايرىلىپ كېتىمىز!

— خۇا جىڭجىلىڭ، بۇ گەپنى سىز دەۋاتىسىز، ھە، ئەمىسە، مەندىن كۆرمەيسىز، ھە؟ — سۇڭ جېن ئورنىدىن تۇردى.

— سىزدىن كۆرمەيمەن، ھەرگىز سىزدىن كۆرمەيمەن، مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، مەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى بولغان بولاتتىڭىز، مېنى ياخشى كۆرمىگەن ئادەم بىلەن توي قىلىپ

نېمە قىلىمەن؟

— راستلا ئايرىلىپ كېتەمدۇق؟

— ئەلۋەتتە، سىز مەنسىنى ئەكېلىپ بەرسىڭىز پاكى شاگچىيەن بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭ يولى باشقا.

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى سۇڭ جېن كەسكىنلىك بىلەن، — ئايرىلىپ كېتىمىز دېسىڭىز، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن!

سۇڭ جېن ئىشىككە قاراپ ماڭدى، خۇا جىڭجىڭ چۆچۈپ تۇرۇپ قېلىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— راستلا كېتەمسىز؟ كېتىمەن دەپلا كېتەمسىز؟ سىز مېنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز، يوقىلىڭ، يوقال! قانچە يىراققا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى، ئازراقمۇ يۈزۈمنى قىلمىدىڭ، شاگچيەنگە نېمە دەيمەن، يوقال، ئۆل …

مەنسى سۇڭ جېن ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەندە، قولىدىكى سومكىسىنى ئالدى:

— كېيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ، سىرتقا چىقىپ تاماق يەمسىز؟

— ياق! ئۆيدە يەيمەن.

— ئىككى كۈن بولدى ئۆيدە تاماق يەۋاتىسىز، بۈگۈن جىڭجىڭ ھەدەم بىلەن بىرگە يېيىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ؟

— مەن سىزگە ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتتىم دېدىمغۇ؟ ئايرىلىپ كەتكەندىكىن ئارىلاشمايمىز!

— جىڭجىڭ ھەدەممۇ ئاچچىقىدا شۇنداق دېگەندۇ، سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارغا بولغان مۇھەببىتىڭلاردىن ئۇ سىزدىن ئايرىلىپ كېتىپ قانداق چىدايدىغاندۇ؟ — مەنسى سۇڭ جېنغا يالۋۇردى، — ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىڭ، بولامدۇ؟

سۇڭ جېن ئۆزىنىڭ شۇ كۈنى سەل يېنىكلىك قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمىلا دېگەنبىلەن،

جىڭجىڭنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى يوق، سۇك جېن مەنسىنىڭ سۆزىگە كىرىپ جىڭجىڭنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى.

تېلېفوننى ئافاڭ ئالدى:

— سۇك بەگزادىمۇ؟ خېنىم ئالدىنقى كۈنى چۈشتە ئايروپىلان بىلەن ئامېرىكىغا كەتتى.

— ئامېرىكىغا كەتتى؟ قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟

— خېنىم قاچان قايتىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى!

— ئۇ ماڭا بىرەر گەپ قالدۇرۇپ كەتمىدىمۇ؟

— ياق، ئۇنداق گەپ قىلمىدى.

— ئۇ ئازلا كىيىم بىلەن كەتتىمۇ؟ — سۇك جېن مەنسىنىڭ دېگىنى بويىچە سورىدى.

— ياق، جىق كىيىملىرىنى ئېلىپ ماڭدى، ھەتتا قارا ئەتىرگۈلنىمۇ ئەكەتتى ...

— نېمە؟ قارا ئەتىرگۈل ... ھەي، ئافاڭ، ئافاڭ ... — سۇك جېن تۇرۇپكىنى قويدى، — ئويلىغىنىمدەك بولدى، ئۇ ئاچچىقىدا شۇنداق دېمەپتۇ، ئۇ راستتىنلا مەن بىلەن ئايرىلىپ كەتمەكچى بوپتۇ، ئامېرىكىغا كېتىپتۇ، نۇرغۇن نەرسىلىرىنى ئېلىپ ماڭغىنىغا قارىغاندا، ئۇ قايتىپ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، قارا ئەتىرگۈلنىمۇ ئەكەتتى، دەيدۇ، نېمە قارا ئەتىرگۈلدۇ ئۇ؟

— ھېلىقى كۈنى، سىز جەنۇبىي ئامېرىكا ئاۋئاتسىيە شىركىتىدىكىلەر ئارقىلىق جىڭجىڭ ھەدەمگە ئىككى دەستە قارا ئەتىرگۈل ئەۋەتىپتىكەنسىز، مەنمۇ گۈللۈككە چىقىپ كۆردۈم، ئۇ بەك چىرايلىق ئىكەن.

— مەن ئەزەلدىن جىڭجىڭغا قارا ئەتىرگۈل سوۋغا قىلىپ باقمىغان، ھەرگىز مەن سوۋغا قىلمىغان، چوقۇم باشقا بىرى ئەۋەتكەن گەپ، ئافاڭنىڭ تىلىنى چايناپ گەپ قىلىشى بىكار ئەمەسكەن، ئەتىرگۈلنىمۇ ئېلىپ كەتتى، ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ، دەيدۇ.

— ئۇ كەتمىدى، سىز دائىم كېچىكىپ قالسىڭىز، ئۇ

خىزمەتكارلارغا مېنى سىرتقا چىقىپ كەتتى دەپ قويۇڭلار دەپ تاپىلايدىكەن، سىزگىمۇ سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىدىلىم دەيدىكەن، بىراق ھېلىقى كۈنى ئۇ ماڭغا سىز ھەر قېتىم كىچىككىنە قالسىڭىز ياكى بارماي قويسىڭىز، ئۆزى يالغۇز ئايلىنىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

— سىزنىڭچە ئۇ ئامېرىكىغا كەتمىگەن، ئۆيىدە بارمۇ؟

— مەن ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشىنى دەپ سىز بىلەن ئايرىلىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن، نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۇ ئىنىسىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا!

— بۇ ئىككى ئىش قانداقمۇ ئوخشىسۇن، مۇھەببەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تۇرسا. سىز ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بېقىڭ، شۇ چاغدا كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى بىلىسىز. ئىشىنىمەنكى، ئۇ سىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ!

— مېنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغۇم يوق. ئالدىنقى قېتىم بېرىپ قاتتىق ئۇرۇشۇپ كەلگەنىدىم، يەنە بارسام، خۇا شاڭچيەنگە قول تەگكۈزۈپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەيمەن.

سۇڭ جېنىنىڭ خۇا ئائىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن پۈتۈنلەي رايى قايتقانىدى، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئىككى كۈن بارماي، ئەركىن دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك بولغانىدى.

— ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغۇڭىز بولمىسا ئاپىسىغا تېلېفون قىلىپ باقامسىز، ئۇ يالغان ئېيتماس.

— شۇنداق، ئۇ چوقۇم راست گەپ قىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ بىلەنمۇ سۆزلەشكۈم يوق!

— مەسىلىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، جىڭجىڭ ھەدەمنىڭ سىز بىلەن راست ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگۈڭىز يوقمۇ؟

— راست! — دېدى سۇڭ جېن ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — ئىشنى ئارقىغا سۈرىۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ، ئۇ

راستــتــنــلا كــەتــكــەن بــولسا، ئۇنىڭ توي قىلىشتىن راستلا يالتايغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟

سۇڭ جىن ئاخىر تېلېفون قىلدى، بىراق ئىككى كۈن تېلېفون قىلىپ، ئاخىر خۇا خانىمنى تاپتى.

— جىڭجىڭ ئامېرىكىغا كەتتى. خو مىگاۋ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭدى ... ھە، خو مىگاۋ ئۇنىڭ كونا ساۋاقدىشى، ئىلگىرى ئۇنىڭ كــەيــنــىــگــە كــىــرىــپ يۈرگەن، بىراق جىڭجىڭ ئۇنى ئەزەلدىن يــاقتۇرمايتتى، سىزمۇ بىلىسىز، جىڭجىڭ پەقەت بىر ئادەمنىلا ياخشى كۆرىدۇ.

— بۇنى بىلىمەن، ھاما، جىڭجىڭ قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟

— چــاغــانــدىن كېيىن كېلىشى مۇمكىن. بۇگۈن ئەتىگەن تېلېفون قىلىپ، بېلىق كولباساسى ئەۋەتىشىمىزنى ئېيتقانىدى. ئۇ ھــازىــر غــەربــىــي قــىــرغــاقتا ئىكەن، كېلەر ئايدا ۋاشىنگتونغا بــارىدىكەن، ئۇ يەرگە بارسا، تۆت ـ بەش ئاي تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھەي! ئۇنىڭ ئامېرىكىغا كەتكەنلىكىنى سىز بىلمەمسىز؟ خــو مــىــگاۋ ئامېرىكىغا چاغان ئۆتكۈزگىلى بارماقچىكەن، شۇڭا جــىــڭــجــىــڭ ئــىــكــكىسى بىرگە ماڭدى، جىڭجىڭ بۇنى سىزگە ئېيتمىدىمۇ؟

— خــىــزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدىم، تۈنۈگۈن قــايــتــىــپ كــېــلــىــشىم، — سۇڭ جىن ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى، خۇا جىڭجىڭنىڭ كېتىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق ئىدى.

— ســىــز چوقۇم چاغاننى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگىلى ئــامــېــرىكىغا بارىسىز، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بېلىق كولباسىسىدىن كۆپرەك ئالغاچ بېرىڭ.

سۇڭ جىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا مەنسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ قولىنى خۇشاللىق بىلەن سىقتى:

— مــەن ئــەركــىــنلىككە چىقتىم، خۇا جىڭجىڭ راستتىنلا

ئامېرىكىغا كېتىپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇم، ئەمدى ئەركىن ئادەم بولدۇم.

— ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىڭىزغا ئازراقمۇ ئەپسۇسلانمامسىز؟

— نېمىشقا ئەپسۇسلىنىمەن؟ يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىمدىن خۇشال بولۇۋاتىمەن!

— ئىككىڭلار دائىم ئۇرۇشۇپ يۈرىسىلەر، سىزمۇ خاپا بولۇشتىن باشقىنى بىلمەيسىز، ۋاقتى كەلگەندە، ئۇنى سېغىنىپ، ئامېرىكىغا بېرىپ يالۋۇرۇپ يۈرەرسىز؟

— ئۇ كېيىنكى ئىش، ئىشقىلىپ، مەن ھازىر غەمسىز بويتاق، بۇ خۇشاللىقىمنى مەن بىلەن بىرگە تەبرىكلىشىپ بېرەمسىز؟

مەنسى خېلى كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ بۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— قاچان ۋاقتىڭىز بار؟

— مەكتەپ قويۇپ بەردى، ساۋاقداشلار مېنى ھاممىسى بىلەن بىللە ئامېرىكىغا كەتتى، دەپ بىلگەچكە، مېنى ئىزدىمەيدۇ، مېنىڭمۇ ئۇلارنى ئىزدىگۈم يوق، ھەر كۈنى ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرىمەن.

— ياخشى بولدى، ئۆگۈنلۈككە بولسۇن، ئۆگۈنلۈككە شەنبە ئىكەن، ئەتىگەندە يولغا چىقىمىز، ئىتالىيىلىكلەر كۆلۈبىغا بېرىپ، سۇ ئۈزۈپ كېلەيلى، ئۇ يەرنىڭ سۈيى ئىسسىق، مۇزلىمايسىز. ئاندىن سىچۈەنچە تاماق يەيلى، چۈشتىن كېيىن تېنىنىس توپ ئوينىغىلى بارايلى، كەچتە ئىتالىيىچە تاماق يەيلى، ئۇنىڭغا تۆت سائەتلەر كېتەر، چىقىپ كىنو كۆرسەككىمۇ ئۈلگۈرىمىز، قانداق، بولامدۇ؟

— بەك ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش بوپتۇ، — مەنسىمۇ خۇشال ئىدى، — ماڭا بەك ياقتى ...

## 8

سۇلۇ جېن بىلەن مەنسى ھەممىنى ئۇنتۇپ خۇشال ئوينىدى، ھەر ئىككىسى بۈگۈنكى پائالىيەتتىن ئىنتايىن رازى بولدى، ھېسسىياتىمۇ چوڭقۇرلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئۇلار ئىستالىيىچە تاماقنى يەپ بولۇپ چىققاندا سائەت 10 بولغان، كىنو كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيتتى.

— مەنسى، بىلەمسىز؟ — دېدى سۇلۇ جېن، — مەن بۈگۈن بەك خۇشال، بولۇپمۇ روھىي جەھەتتە بەك يېنىكلەپ قالدىم، بۇ مېنىڭ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق بولۇشۇم. ئەتىگەندە سۇ ئۈزمىگىنىمگە ئۆزۈن بوپتىكەن، ئۈزۈمۇ ئەتىگەندە سۇ ئۈزۈشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئەتىگىنى سۇ ئۈزگەندە ئادەم روھلىنىپ، ئىشتىھاسىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدىكەن.

— يازدا ئەتىگەن تۇرۇپ سۇ ئۈزۈپ، ئاندىن ئىشقا بارسىڭىزمۇ بولىدۇغۇ؟

— يالغۇز سۇ ئۈزگەننىڭ قىزىقى بولمايدىكەن، سىز ماڭا ھەمراھ بولۇڭ، بولامدۇ؟

— بولىدۇ! قىشتىن باشقا ۋاقىتلاردا ھەر كۈنى ئەتىگەندە سۇ ئۈزۈپ، ئاندىن مەكتەپكە بارىمەن.

— ھازىر پەقەت شەنبە، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشتا سۇ ئۈزەلەيمەن!

— بىز قىشلىق سۇ ئۈزۈشكە قاتنىشىپ باقامدۇق؟ بۇ بىرنەچچە كۈندە بولمايدۇ، بىراق ئون سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا بولسىمۇ ئانچە سوغۇق بولمايتتى.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — ئۇلار ئىچىملىك ئىچكەچ

پاراڭلاشتى، — مېنى خۇشال قىلغان يەنە بىر ئىش، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تېننىس توپىنى بەك ئوبدان ئويناۋالدۇق، تۆت مەيدان ئويناپتۇق، پاھ! ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ئويناپمۇ چارچىماپتىمەن. مەنسى، مەن سىزنىڭ تېننىس توپىنى بۇنداق ياخشى ئوينايدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىمەن، قىزلارنىڭ بۇنداق ياخشى ئوينىشى كىشىنى قايىل قىلماي قالمايدۇ.

— سىزمۇ بەك ياخشى ئوينايدىكەنسىز، رەقىبىڭىز قانچە كۈچلۈك بولسا، شۇنچە قىزىقى بولىدۇ، — بۈگۈن مەنسى بەك خۇشال، كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

— راست دەيسىز! مەن خۇا جىڭجىڭ بىلەن ئويناپ زېرىكىپ قالغانىدىم. ئۇ بەك ھورۇن، ئاپتاپتىن قورقاتتى، ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈپ تەرلەپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا تېننىس توپ ئوينىمىغىنىمغا ئۇزۇن بوپتۇ، بۈگۈن سىز بىلەن بەك كۆڭۈللۈك ئوينىدىم، ئەتە يەنە ئوينىغۇم بار، — سۇڭ جېن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى، — ئەتە يەنە سۇ ئۈزگىلى كېلەيلى، بۇ يەرنىڭ سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق ئىسسىتىلىدۇ. چۈشتە بىرلىيانت كۇلۇبىدا تاماق يەيمىز، چۈشتىن كېيىن تېننىس توپ ئوينايمىز، كەچتە ياپونىيىچە قورۇما يەپ، ئاندىن كىنو كۆرگىلى بارايلى، بولامدۇ؟

— سۇڭ جېن ئاكا، تاغام، ھامماملار بىلەن بىرگە رېستورانغا كىرمىگىنىڭىزگىمۇ ئۇزۇن بولغاندۇ؟

— خۇا جىڭجىڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن ئۇزۇن بولدى، — دېدى سۇڭ جېن تىلىنى چاينىپ، — بوپتۇ، ئەتە ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يەيلى، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىمىز ئۆزگىرىدىغان بولدى، بىراق ئەتىگەنلىك سۇ ئۈزۈشنى ئۆزگەرتمەيمىز جۇمۇ!

— ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتمىسەكمۇ بولىدۇ، تاغام ـ ھامماملار سۇ ئۈزۈش، تېننىس توپ دېگەنلەرگە قىزىقمايدۇ، تېننىس توپ ئويناشتىن ئاۋۋالقى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى

ئۆزگەرتمەيلى، بىز تاغام - ھامماملار بىلەن كەچلىك تاماقنى بىرگە يەپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ، كىنو كۆرگىلى بارساقمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ماۋۇ ياخشى پىكىر بولدى! مەنسى، كۆڭلىڭىز بەك ياخشى جۇمۇ، جىڭجىك چوڭلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى، ئۇلارغا بەك ئۆچ ئىدى، مېنىمۇ ۋاپاسىز قىلىپ قويغىلى تاس قالدى، — سۇڭ جىېنىڭ مەنسىنىڭ كىچىك تۇرۇپ چوڭلارنىڭ غېمىنى قىلغىنىغا مەستىلىكى كەلدى، — قانداق كىنولارنى ياخشى كۆرىسىز؟

— ئوخشاش، ھەرقانداق كىنو بولسا بولىۋېرىدۇ.

— جىڭجىك سىزگە پەقەت ئوخشىمايدۇ، ئۇ قەھرىمانلىق تەسۋىرلەنگەن كىنولارنى، شياڭگاڭنىڭ كىنولىرىنى، ھەتتا چەت ئەلنىڭ قىزىقارلىق كىنولىرىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ، پەقەت مۇھەببەت كىنولىرىنى، بولۇپمۇ ياپونىيىنىڭ فىلىملىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنداق كىنولارنى كۆرسەم ئۇيقۇم كېلىپ كېتىدىكەن.

— بىز قەھرىمانلىق تەسۋىرلەنگەن كىنونى كۆرەيلى، — دېدى مەنسى، — كىچىك ۋاقتىمىزدا كارتون فىلىملەرنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتۇق - ھە!

— مەن ھازىرمۇ ياخشى كۆرىمەن، سىزچۇ؟

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن، مىلاد بايرىمىدا يەنە بىر يۈرۈش فىلىملەرنى قويىدۇ.

— بىز كارتون فىلىم كۆرمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، مەن ھازىرلا سىزنى كىنوغا تەكلىپ قىلاي!

— مۇشۇنداق بالدۇر تەكلىپ قىلىپ قويامسىز؟ — مەنسى خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ گەپ قىلىۋېرىپ، تاماقلىرىمۇ سىڭىپ، راھەتلىنىپ قالغانىدى، — يۈرۈڭ، ئۆيگە قايتايلى!

— ھازىر 11 دىن 15 مىنۇت ئۆتۈپتۇ، ئۆيگە بېرىپ، يۇيۇنۇپ، ياتقۇچە 12 بولۇپ قالغۇدەك، ئۇخلايدىغان ۋاقتتا ئۇلگۈرۈپ بارىدىكەنمىز.

— سىز جىڭجىك ھەدەم بىلەن ئويناپ، ھەر كۈنى سائەت ئىككى - ئۈچلەردە ئۆيگە قايتاتتىڭىز، بۇنداق بالدۇر يانسىڭىز ئۇيقۇڭىز كېلەرمۇ؟

— ئىككى - ئۈچ دەيسىزغۇ، بەزىدە تۆتمۇ بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بالدۇر يېتىپ ئەتىگەن تۇرۇپ ئادەتلەنگەن، ئەتىگەندە خىزمەتكە بارىدىغان تۇرسام، كېچىچە ئۇخلىماي كۆنمىگەچكە، بەك قىينىلىپ كېتەتتىم، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرسام بېشىم قاپاقتەك بولۇپ قالاتتى، تەلىيىمگە ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئۇنداق قىيىن تۇرمۇشتىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم...

بۈگۈن سۈك جىن مەنسى بىلەن كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشىدىغان بولدى، چۈنكى تۈنۈگۈن مەنسى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدىن چىققاندا، كۆلچەك بويىدا ئولتۇرغان ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ شۈلگىيى ئېقىپ قالغانىدى، سۈك جىن ئۇ ئەرلەرنىڭ مەنسىگە ئۇنداق قارىشىنى ياقتۇرمايتتى.

مەنسى كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىدىن چىقتى، ئۇ ئۈچىسىغا ئاق رەڭلىك سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيگەن، كىيىمى بويىغا شۇنداق ياراشقان، تېرىسى سۈزۈك، بەللىرى ئىنچىكە، ئىككى پۇتى ئۇزۇن، قارا چاچلىرى يەلكىسىگە يېيىلغان، ئۇ ھال ئەتىرگۈلدەك ئېسىل ھەم چىرايلىق ئىدى.

خۇا جىڭجىك ئۇنىڭغا ئوخشمايتتى، ئۇنىڭ تېرىسى قارا، گەۋدىسى كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم قارا رەڭلىك، ئاستى - ئۈستى ئايرىم سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيەتتى، قارىماققا قىزىل ئەتىرگۈلگە ئوخشاش كۆزنى چاقاتتى.

جىن ھاما توغرا ئېيتقانىكەن، سۈك جىن يەنىلا قار مەلىكىنى ياخشى كۆرەتتى.

سۈك جىن مەنسىنىڭ يوك يېپىنچىسىنى ئېلىپ ئۈستىگە كىيدۈرۈپ قويدى:

— بۇنى كىيىۋېلىڭ، ئاۋۇ ئەسكى ئەرلەر كۆرۈپ

قالمىسۇن، — سۇلۇك جېن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، ئۇنىڭ كاج مىجەزى يەنە قوزغالغانىدى، جىڭجىلىك بىلەن بىرگە يۈرۈپ، بۇنداق ئىشلارغا كارى بولماس بولۇپ قالغىنىنى بىلەن، ئۇ ئەسلىدىلا تەرسا مىجەز ئىدى.

ئۇلار تېننىس توپ ئويناپ بولۇپ مەيداندىن چۈشتى، قىش پەسلى بولسىمۇ، مەنسىنىڭ يۈزىدىن تەر تەپچىپ تۇراتتى.

— مەڭزىڭىز قىپقىزىل بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى سۇلۇك جېن مەنسىنىڭ يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ

— ھەرىكەت قىلىدىم ئەمەسمۇ، — دېدى مەنسى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، — ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ كەتتۇق، شۇلارنى قوشساق، ئۈيگە بارغۇدەك يولنى بېسىپ بولدۇقمۇ دەيمەن!

— قاراڭ، تېرىڭىزنىڭ ئاق يېرى ئاق، قىزىل يېرى قىزىل ھەم شۇنداق سىلىق، شاپتۇلغا ئوخشايدىكەن. ئادەمنىڭ چىمدىۋالغۇسى كېلىدىكەن، — سۇلۇك جېن مەنسىنىڭ تەرلىرىنى سۈرتكەچ ئۇنىڭغا قاراپ كەتتى.

— چىمداڭ، كىچىك ۋاقتىمدىلا يۈزۈمنى چىمداپ ئويناشقا ئامراق ئىدىڭىز، جىن ھامام يۈزۈمنى سىزنىڭ چىمداپ قىزارتىۋەتكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرەتتى، — دېدى مەنسى.

سۇلۇك جېن مەنسىنىڭ مەڭزىگە قولىنى ئۇزاتتى، بىراق قاتتىق چىمداشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى.

— مۇشۇنداق بوش چىمدامسىز، پەقەت ئاغرىمىدى، بۇرۇن چىمداپ چىرقىرىتىۋېتەتتىڭىز، ئەمدى نېمىشقا ئۇنداق چىمدىمايسىز؟ مەڭزىم ئۇنداق ئوماق ئەمەسمىكەن ياكى ياتسىراپ قاپتۇقمۇ؟

— بۇرۇن سىز ھەم سېمىز، ھەم ئاپئاق، مانتىغا ئوخشايتتىڭىز، ھازىر نازاكەتلىشىپ كېتىپسىز، ئۇنداق چىمداشقا قولۇم بارمايۋاتىدۇ، — سۇلۇك جېن مەنسىنىڭ مەڭزىنى بوشقىنا چىمداپ قويۇپ، ئارقىدىن سىلاپ كەتتى، — چوڭ بولغانسېرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىرايلىق، نازاكەتلىك بولۇپ كېتىۋاتىسىز!
مەنسىنىڭ مەڭزى شەلپەردەك قىزاردى.
سۇڭ جېن ئۆزىنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، مەنسىنى باشلاپ ماڭدى:
— ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ چىقىپ، ئازراق چاي ئىچىۋېلىپ، دادام ـ ئاپاملارنى ئالغىلى بارايلى ...
شۇنىڭدىن كېيىن سۇڭ جېن قانچە مۇھىم ئىشى بولسىمۇ، ئۆيگە تاماققا قايتىدىغان بولدى، مېھماندارچىلىقىمۇ بۇرۇنقىدىن ئازايدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەيەرگە بارىدىغان بولسا، مەنسىگە تېلېفون قىلىپ قوياتتى، بىراق مەنسى ئەزەلدىن ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورۇشتۇرۇپ كەتمەيتتى، سۇڭ جېن ئۆزى قىلىدىغان ئىشلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەلۇم قىلىپ تۇراتتى.
سۇڭ جېن ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن مەنسى بىلەن شاھمات، ئۇچار خەنجەر، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئوينايدىغان ياكى مۇزىكا ئاڭلايدىغان، تېلېۋىزور كۆرىدىغان بولدى. ياخشى كىنولار قويۇلغاندا كىنوخانىغا بېرىپ كىنو كۆرۈپ، سائەت 12 دىن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ ئارام ئالاتتى.
شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇلارنىڭ پائالىيىتى مول بولدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار كەچ سائەت بىر يېرىمدىن بۇرۇن قايتىپ كېلەتتى.
يەكشەنبە كۈنلىرى ئاتا ـ ئانىسىنى ئېلىپ سىرتتا تاماقلىنىدىغان بولدى.
— خۇا جىڭجىڭ كەتكەندىن بېرى، ئوغلىمىز ۋاپادار بالا بولدى، ئۆزىمۇ بەك خۇشال، — دېدى سۇڭ خانىم ئېرىگە.
— مەنسىگە كۆپ رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ، ئوغلۇمنىڭ دېيىشىچە، مەنسىنىڭ تەلىپى بىلەن، تاماق يېيىشكە بىزنىمۇ ئاپارماقچى بولغانىكەن، مەنسىنىڭ يۈرىكى بىزنى بەك تارتىدىكەن

جۇمۇ.

— مەنسى كېلىنىمىز بولۇپ قالسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟

— خۇا قاملىلىك كەتكەندىن كېيىن مەنسى بىلەن سۇلۇڭ جېىن ھەر كۈنى بىرگە ئويناپ كۈلۈپ، بەك خۇشال كۆرۈنىدۇ، قارىغاندا ئۇلار كېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، پۇرسەت ئالدىمىزدا!

— ئۇلار كىچىكىدىن بىرگە چوڭ بولغان، كېيىن خۇا جىڭجىڭ دېگىنى نەدىن پەيدا بولدى؟ مەنسىدىن ئەنسىرىمەيمەن، ئۇ ئالا كۆڭۈل ئەمەس. سۇلۇڭ جىنغا بىر نىمە دېيەلمەيمەن، جىڭجىڭ كەتكەندىن كېيىن جىجى دەپ يەنە بىرى چىقامدۇ، تېخى.

— نېمىشقا ئوغلىمىز بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆز ئاغزىدىن گەپ ئاڭلاپ باقمايسىز؟ بۇ قېتىم ئۇنداق قىلماس؟

بىر كۈنى مەنسى جىن ھاما بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن سۇلۇڭ جېىن ياخشى كۆرىدىغان خۇاجەر ئېتىشنى ئۆگەنمەكچى بولدى.

سۇلۇڭ خانىم ئوغلىنى ھۇجرىسىغا چاقىرىپ كىردى.

— بالام، يېقىندىن بېرى مەنسى ئىككىڭلار ئوبدان چىقىشىپ قالغان ئوخشايسىلەر، ھەر كۈنى ئىشتىن كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بەك بولۇۋاتىسەن، تەتىلدە ئىككىڭلار بىرگە ئوينىدىڭلار.

— ئاپا، مەنسى ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىرگە چوڭ بولغان، بىرگە تاماق يەيتتۇق، بىرگە مەكتەپكە باراتتۇق، بىرگە ئوينايتتۇق.

— سەن بۇرۇن ئۇنى ئۆز سىڭلىڭدەك كۆرۈپ كەلگەن، ھازىرمۇ ئۇنى سىڭلىڭدەك كۆرۈپ ئوينىتىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى سۇلۇڭ خانىم، — ئەسلىدىمۇ نەۋرە ئاكا - سىڭىللار توي قىلىدىغان ئىش بار. كىچىك ۋاقتىدا بىرگە ئوينىغانلارنىڭ چوڭ بولغاندا ھېسسىياتى تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. بىراق، سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلار شۇنداق ياخشى ئىكەن، ئۇنى يەنىلا ئۆز سىڭلىڭدەك كۆرسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ.

www.uyghurkitap.com

— ئاپا، مەنسى ئادەتتىكى قىزلارغا ئوخشىمايدۇ، ھەم ئاق، ھەم سىپىز، بۇنداق قىزلارنى قولغا كەلتۈرۈش تەس، مەن قار مەلىكىدەك قىزلارنى ياخشى كۆرىمەن.

— چىرايىغا قاراپ لايىق تاللاش ياخشى ئىش ئەمەس. سەن چۆشۈڭدە كۆرىدىغان قار مەلىكە ئالدىڭدا تۇرامدۇ؟

— ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ئۇچۇن ئۇنىڭ چىرايى مۇھىم ئەمەس. چۈنكى ئىككىمىزنىڭ ياش پەرقى بەك چوڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا بۇرۇنلا چىقىپ كەتكەن، مەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندە، ئۇ ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن، ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقمايتتى، ئۇنى سىڭلىم دېمەي، لايىقىم دەمدىم؟

— ئۇ ھازىر 18 ياشتىن ئاشتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ 16 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىدىن كېيىن كۈندىن ـ كۈنگە خەقنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ 15 يېشىدىلا سېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، سەنچۇ؟

— خوا شاڭچيەننىڭ ئىشىدىن كېيىن، ئۇنى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرمەيدىغان بولدۇم، جىن ھامام ماڭا ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەنمۇ ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن. بىراق خوا جىڭجىڭ كەتكەندىن كېيىن ئىككىمىز بىرگە يۈرۈشكە باشلىدۇق، بىرىنچىدىن ۋاقىت بەك قىسقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە، خوا شاڭچيەننىڭ ئىشىدىن كېيىن مەنمۇ ئۇنىڭغا بەك يېقىنچىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن، ئۇنى قورقۇتۇپ قويۇشتىن قورقىمەن، — سۇڭ جېن ئۆزىنىڭمۇ باش ئاغرىقى ئاز ئەمەس ئىدى، — ئاپا، ماڭا يەنە بىرئاز ۋاقىت بېرىڭ، بولامدۇ؟

— بولىدۇ! مەن يەنە سېنىڭ جىجى، نانا دېگەنلەرنى تېپىۋېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن!

— مەن ھەرگىز قىزلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەپ قىلمايمەن، خوا جىڭجىڭمۇ ئۆزى ماڭا يېپىشىۋالغان، بىراق، قورقۇپ قالدىم، ئۇنداق ئىشلار ئىككىنچىلەپ بېشىمغا كەلمىسۇن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنداق قىزلار ئەسقاتمىغۇدەك.

— ياخشى ئويلاپسەن، يەنە بىر ئىش، ئېسىڭدە بولسۇن، مۇھەببەت بىلەن جىنسىي ھەۋەس ئىككىسى ئىككى گەپ، ئەلۋەتتە توي قىلغاندىن كېيىنكىسى باشقا گەپ، خوتۇنۇڭنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىڭدىن بالا ئالمايمەن دېسەڭ يەنە بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، مەنىسىنى قورقۇتۇپ قويما!

— ئاپا، بىلدىم، رەھمەت سىزگە ...

بۈگۈن سۈك جېن ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيگە قايتقاندا تولىمۇ سىرلىق كۆرۈندى، ئۇنىڭ خىزمەت سومكىسىنى مەنىسگە بەرگۈسى كەلمىدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، ئۇ مەنىسگە تۇيۇقسىز:

— سەل تۇرۇپ دېڭىز بويىغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى.

— مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ دېڭىز بويىغا بارغان بارمۇ؟ — دېدى سۈك ئەپەندى، — سىرتتا شىمال شامىلى چىقىۋاتسا، دېڭىز بويى تېخىمۇ سوغۇق ئەمەسمۇ؟

— بىراق بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق ئىكەن، — سۈك جېن مەنىسگە قارىدى، كۆزلىرىدىن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇۋاتقاندەكلا قىلاتتى، — دوپپىسى بار پەلتويىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، بولامدۇ؟

مەنىسى سۈك جېننىڭ تەلىپىنى ھەرگىز رەت قىلمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ سوغۇقتىن ئانچە قورقمايتتى، شۇڭا بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتتى.

— شىمال شامىلى چىقىۋاتقاندا دېڭىز بويىدا ئايلىنىش تولىمۇ رومانتىك بولىدۇ، — دېدى سۈك ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بالام، سەن دائىم خۇا جىڭجىڭ بىلەن دېڭىز بويىدا ئايلىنىدىغان ئادىتىڭنى ئۆزگەرتمەپسەن ـ دە! — سۈك خانىم ئوغلىغا قارىدى.

— ئاپا! سىز پۈتۈنلەي خاتا پەرەز قىلدىڭىز، خۇا جىڭجىڭ بەك ئەمەلىيەتچان قىز، رومانتىكا دېگەنلەرنى بىلمەيدۇ. ئۇ تاغقا

www.uyghurkitap.com

چىقىش، دېڭىز بويىنى تاماشا قىلىش، ھەتتا باغلارنى ئايلىنىشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. مەنسى ئىككىمىز ئايلانغاچ پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىمىز.

— خۇا جىڭجىڭ ئىككىڭلارنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىڭلار ماس كەلمەيتتى، — سۇڭ ئەپەندى بېشىنى چايقىدى.

— ئىككىسى پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە ماس كەلمىگەن، — جىن ھامما سۇڭ خانىمنىڭ كەينىدە تۇرۇپ گەپ ئارىلىدى، — يەيدىغىنىمۇ ئوخشىمايتتى، بەگزادە ياقتۇرۇپ يەيدىغاننى ئۇ پەقەت ياقتۇرمايتتى، مىجەز - خاراكتېرىمۇ ئوخشىمايتتى، خۇا خېنىمنىڭ مىجەزى تازىمۇ غەلىتە ئىدى؛ تۇرمۇش ئادىتىمۇ ئوخشىمايدۇ، بىلمىدىم، ئۇلار بىر - بىرىگە قانداق ياراپ قالغان بولغىيتتى!

— شۇنىڭغا ئايرىلىپ كەتتۇقمۇ؟ — سۇڭ جېن مەنسىگە قارىدى، ئۇ مەنسىنىڭ ئالدىدا خۇا جىڭجىڭنىڭ گېپىنى قىلىشنى خالىمايتتى، ئۇ مەنسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

تاماقتىن كېيىن سۇڭ خانىم مەنسىنىڭ مۇزلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەنسىگە بىر پىنجەك ئاچىقىپ بەردى:

— بۇ پىنجەكنى كىيىۋېلىڭ، قاراڭ، بۇ قوش ئەستەرلىك، بەك ئىسسىق، ھەرقانچە سوغۇق شامالدىمۇ مۇزلىمايسىز.

سۇڭ جېنمۇ ئۇچىسىغا ئىككى يانچۇقلۇق، قېنىق كۆك پەلتو كىيدى.

ئۇلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ چيەنشۇي قولتۇقىغا كەلدى.

قىش پەسلى بولغاچقىمۇ، چيەنشۇي قولتۇقى ساھىلى تولىمۇ خىلۋەت ئىدى. ئۇلار ماشىنىنى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىغا ئەڭ يىراق يەرگە توختاتتى.

— دىققەت قىلىڭ، شامال بەك قاتتىق چىقىۋېتىپتۇ! — ماشىنىدىن چۈشۈشتىن بۇرۇن سۇڭ جېن مەنسىنىڭ پەلتوسىنىڭ دوپپىسىنى كىيدۈرۈپ قويدى.

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ ئايلىنىپ، چوڭ بىر تاشنىڭ يېنىغا

كەلدى، سوڭ جىن تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن ئىككى خالتىنى چىقىرىپ قومغا چاچتى.

— ۋاي، پوجاڭزىكەنغۇ! — مەنسى ۋارقىراپ كەتتى، ئۇ باللارچە چۆش كۆرۈۋاتقاندەك بولدى، ئۇ ھەم خۇشال بولۇۋاتاتتى، ھەم قورقۇپ تۇراتتى، — پوجاڭزا ئېتىش شياڭگاڭدا قانۇنغا خىلاپ.

— بۇ يەردە ھېچنېمە بولمايدۇ، بىرىنچىدىن، بۇ يەر ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدىن يىراق، ئىككىنچىدىن، كۈچلۈك شامال چىقىۋاتقاچقا، ھەممە ئۆيدىكىلەر ئىشىك- دېرىزىلىرىنى ھىم تاقىۋالدى، پوجاڭزىنىڭ ئاۋازىمۇ كۈچلۈك ئەمەس، ئۇلارغا ئاڭلانمايدۇ، — سوڭ جىن ئىككى پوجاڭزىغا ئوت تۇتاشتۇردى، — بۇنى شىركەتتىكى بىر خادىم گۇاڭجۇغا خىزمەتكە بارغاندا ئەكەلدۇرگەنىدىم، خۇشال بولدىڭىزمۇ؟

مەنسىنىڭ پوجاڭزا ئېتىپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن يىل بولغانىدى، ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت پوجاڭزا ئېتىشنى چەكلىگەنىدى، ئالدىنقى قېتىم سوڭ جىن ئىككىسى ئىشىكباقار يۇرتىدىن ئەكەلگەن پوجاڭزىنى باغقا مۆكۈپ تۇرۇپ ئاتقانىدى.

ئۇلار ئون نەچچە پوجاڭزا ئېتىپ ھەم خۇشال بولاتتى، ھەم قورقۇپ تۇراتتى، ھەربىر پوجاڭزىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئەتراپىغا قاراپ، ئادەم بار- يوقلۇقىنى كۆزىتەتتى.

ئۇلار ئىككىلىسى قاپ يۈرەكلىك قىلىپ قانۇن بىلەن ئوينىشىۋاتقانلار ئەمەس، ئۇلار ئەكەلگەن پوجاڭزىنىڭ يېرىمىنى ئېتىپ بولدى قىلدى.

— چاچرىما پوجاڭزا ئېتىش كۆڭۈللۈكمىكەن؟

— كۆڭۈللۈك بولمايچۇ! ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم بىخەتەر ئىكەن، يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرىدىغان كىچىك باللارنى قورقۇتۇپ قويارمىزمىكىن دەپ بەك ئەنسىرىدىم.

ئۇلار چاچما پوجاڭزىنى يۇقىرى- تۆۋەن ئوينىتىپ، يالتىراق فونتان ھاسىل قىلدى، ئۇ پوجاڭزىدەك كۈچلۈك بولمىسىمۇ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆيىندى، مەنسى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ قوياتتى.

ئۇلار باللىقىغا قايتقاندەك بولدى.

— نېمىشقا ئۇنىڭدىن چەمبىرەك ھاسىل قىلمايسىز؟ — سۇك جېن يۇگۇرۇپ كېلىپ، مەنسىنىڭ قولىدىن تۇتتى، — كىچىك ۋاقتىڭىزدا دۇگىلەك چەمبىرەكنى پەرىشتىگە ئوخشىتاتتىڭىز ئەمەسمۇ؟

چاچرىما پوجاڭزا كۆيۈپ، نۇر چىقىرىۋاتاتتى، سۇك جېن يەنىلا مەنسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئوينىتىۋاتاتتى، مەنسى شۇ تاپتا ئاي نۇرىدا دېڭىز ئىلاھىغا ئوخشاپ قالغان، ئۇ سۇك جېننىڭ روھىنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى، سۇك جېن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، مەنسىنىڭ مەڭزىگە ئاستا سۆيۈپ قويۇپ، توك تېپىۋەتكەندەك دەرھال قولىنى قويۇۋەتتى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، پوجاڭزىلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

سۇك جېننىڭ بۇ سۆيۈشىدىن مەنسىنىڭ يۈرەك تارى تىترەپ كەتتى، ئۇ دېڭىز شامىلىغا يۈزىنى قىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— مەنسى، يەنە ئوينامسىز؟ مەنسى، — سۇك جېن مەنسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ھودۇقۇپ سورىدى، — سىزنى قورقۇتۇپ قويدۇممۇ؟ كەچۈرۈڭ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاپتىمەن، سىز بەك چىرايلىق جۇمۇ.

— ھە؟

— سىز مەندىن خاپا بولۇۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ — سۇك جېن يېرىم زوڭزىيىپ مەنسىگە قارىدى، — مېنى كەچۈرۈڭ!

مەنسى خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— مەندىن نەپرەتلىنەمسىز؟

مەنسى بېشىنى چايقىدى، چىرايىدىن خاپا بولغاندەك قىلمايتتى.

— مۇزلىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى سۇك جېن ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

مەنسى يەنە بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە، بىر ئايلىنىپ كېلىپ قايتايلى، بولامدۇ؟

مەنسى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ماقۇل بولدى، سۇك جېن كونا ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇۋالغانىدى:

— قاراڭ، ئاي تازا تولۇپتۇ، نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە؟ ھەي! مۇزلىمىدىم دەيسىز، قولىڭىز تىترەۋاتامدۇ؟

— سىز تۇتۇۋالغان تۇرسىڭىز، ئاززاقمۇ مۇزلىغاندەك بولمىدىم.

— خۇا شاڭچيەن بىلەن قول تۇتۇشۇپ ماڭغاندىمۇ مۇشۇنداق تىترەمتىڭىز؟

— ئۇ قولۇمنى تۇتۇۋالسا، خۇددى سومكىنىڭ بېغىنى تۇتقاندەك ھېچقانداق سېزىم بولمايتتى، — دېدى مەنسى بوش ئاۋازدا، ئىككىيلەن بىر - بىرىگە ياندىشىپ كېتىۋاتاتتى، مەنسىنىڭ ھاياجاندىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— سىز مېنى ياخشى كۆرگەچكە مۇزلىمايۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ — سۇك جېن يەنە بىر قولىنىمۇ مەنسىنىڭ قولى ئۈستىگە قويۇپ، بوش سىلىدى.

ئاي نۇرىدا مەنسىنىڭ مەڭزىنىڭ قىزىرىپ، قولىنىڭ غالىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمەلىيەتتە، مېنىڭمۇ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كېتىۋاتىدۇ، — سۇك جېن راست گەپ قىلىۋاتاتتى، — بىراق چاندۇرمايۋاتىمەن! قىزىق ئىش، كىچىك ۋاقتىمىزدا دائىم قول تۇتۇشۇپ ئويناپتىتۇق، چوڭ بولغاندىكى ھېسسىيات پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن.

— جىڭجىك ھەدەمنىڭ قولىنى تۇتسىڭىزمۇ يۈرىكىڭىز سېلىپ كېتەمتى؟

— بىرىنچى قېتىم تۇتقاندا دەھشەت سېلىپ كەتكەن، قىزلارنىڭ قولىنى تۇنجى قېتىم تۇتۇشۇم بولغاچقا شۇنداق

بولغاندۇ. كېيىن ھۆججەت سومكامنى تۇتقاندەك تۇيغۇدا بولىدىغان بولدۇم.

— كېيىنچە مېنىڭ قولۇمنى تۇتسىڭىزمۇ شۇنداق بولۇپ قالارسىزمۇ؟

— بىلمەيمەن، ئۇنى ۋاقىت ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز، بۇگۈن پوجاڭزىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئاتالمىدۇق، باشقا بىر كۈنى مەن سىزنى ئاۋېنىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەي، ئۇ يەردە پوجاڭزىنىڭ تۈرى كۆپ، پوجاڭزا ئېتىش چەكلەنمەيدۇ، قانغۇدەك ئوينايسىز.

— ياخشىغۇ! ھامىمام بىلەن جىن ھامىمام كەپتەر گۆشىگە ئامراق ئىدى.

— كەپتەر گۆشىدىن جىق ئەكېلىپ، مەخسۇس كەپتەر گۆشىدە تاماق ئېتىپ يەيلى. يەنە دادام ئىككىڭلار چۆجە قاتلىمىسى بىلەن تورت يېيىشنى ياخشى كۆرەتتىڭلار، ئۇنىڭدىنمۇ جىق ئەكېلەيلى!

— ئېسىڭىزدە بار ئىكەن ـ ھە؟

— ئىككىمىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىمىز تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن، بىر ـ بىرلەپ ئەسلەشكە ئەرزىيدۇ. سىزنىڭمۇ ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— ھەممىسى ئېسىمدە. ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن، مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى سىز بىلەن بىرگە مەكتەپكە بارغانىدىم، مەكتەپنىڭ ئالدىدا بىر ئىت تۇرۇپتىكەن، سىز قورققىنىڭىزدىن ماشىنىدىن چۈشۈشكە ئۇنىمىغان، ئىككىمىز ماشىنىدا ئۇزۇن ئولتۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپكە بارغان تۇنجى كۈنىدىلا كېچىكىپ قالدىم.

بىراق سىز كۇچۇكنى بەك ياخشى كۆرەتتىڭىز، بىر كۈنى سىز دادامغا ئېسىل ئىت ئېلىپ بېرىشنى ئېيتتىڭىز، ئاپام مېنىڭ قورقۇپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەپ، دادامغا ئالغۇزمىدى. كېيىن ئاپام سىزگە يوڭلۇق ئويۇنچۇق ئىت ئېلىپ بەردى، ئۇ ئىت بەك چوڭ ئىدى، سىز ئۇنى كۆتۈرۈپ، يۈزىڭىزنى توسۇپ، يولنىمۇ

كۆرەلمەيتتىڭىز.

— ئۇ ئىت هازىرمۇ بىزنىڭ ئويۇنچۇقخانىمىزدا بار. مەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگەنگەندە، سىزگە كۆك رەڭلىك شارپا توقۇپ بەرگەندىم، سىز بەك ياخشى كۆرۈپ قالغان، كېيىن ئۇنى ئامېرىكىغا ئەكەتكەندىڭىز، نەلەرگە تاشلىۋەتتىڭىز، كىم بىلىدۇ ...

ئۇلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىشلار ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سۇڭ جېن دائىم مەنسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يۈرىدىغان بولدى، كوچىدا ماڭسىمۇ، ئۆيدە يۈرگەندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ قولىنى تۇتۇۋالىدىغان بولدى.

سۇڭ جېن مەنسى بىلەن پاراڭلاشقاچ، قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، بىر قولىدا مەنسىنىڭ بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇراتتى.

سۇڭ ئەپەندى بىلەن سۇڭ خانىم ئۇلارغا قاراپ، خۇشال بولاتتى، جىن هامما ئۇلاردىنمۇ بەتتەر خۇش ئىدى.

بىر كۈنى سۇڭ جېن ئىككىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ سۇ ئۈزۈش تۈرىنىڭ سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆرگەچ، مەنسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇردى.

مەنسى ئۇنىڭغا قارىۋىدى، ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن مەنسىنىڭ مەڭزىنى سىلاپ قويدى.

— هەر كۈنى خىزمەت سومكىڭىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، قولىڭىز تالمامدۇ؟ — مەنسى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى.

— ھۆججەت سومكىسى دەمسىز، ئۇنى ئالمىدىم، خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپلا ئۇنى سىزگە تۇتقۇزۇپ قويۇۋاتىمەنغۇ؟

— سىز تۇنجى قېتىم قىزلارنىڭ قولىنى تۇتقاندا يۈرىكىم سېلىپ كەتكەن، كۈن ئۇزارغانسېرى ھۆججەت سومكىسى تۇتقاندەك

بولۇپ قالىدىكەنمەن، دېمىگەنمىدىڭىز، يېقىندىن بېرى كۈندە قولۇمنى تۇتۇپ يۇرۇۋاتىسىز، ھۆججەت سومكىسى تۇتقاندەك بولمايۋاتامسىز؟

— ھە! ماڭا تەنە قىلىۋېتىپسىز ـ دە، سىزمۇ شوخ ئىكەنسىز ـ ھە؟ — سۇك جىن مەنسىنىڭ بۇرنىغا چېكىپ قويدى، — يېقىندىن بېرى دائىم قولىڭىزنى تۇتۇپ يۇرسەم قولىڭىز تىترىمەيدىغان بولدى، سىزگىمۇ تەسىر قىلماس بولۇپ قاپتۇ، ھەر كۈنى سومكا كۆتۈرۈپ يۇرۇپ قولىڭىز تالمىدىمۇ؟

مەنسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ سۇك جىنغا، خۇا شاڭچيەن قولۇمنى تۇتسا، مەندە ھېچقانداق سېزىم بولمايدۇ، خۇددى سومكامنىڭ بېغىنى تۇتقاندەك بولىمەن، دېگەنىدى.

— راست گەپنى قىلسام قولىڭىزنى تۇتسام يۇرىكىم سالمايدىغان بولدى، بىراق قولىڭىزنى تۇتسام، يۇرىكىم جايىغا چۈشىدىكەن، خاتىرجەم بولىدىكەنمەن، قېچىپ كېتىشىڭىزدىن ئەندىشە قىلمايدىكەنمەن. شۇڭا، قولىڭىزنى تۇتسام ھۆججەت سومكىسى تۇتقاندەك ئەمەس، بەختىمنى تۇتقاندەك بولىمەن، شۇڭا قولىڭىزنى قويۇۋەتكۈم كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، قولىڭىز سىلىق ھەم يۇمشاق، تۇتسا شۇنداق راھەت بىلىنىدۇ.

مەنسى يەنىلا خۇشال بولۇپ كۈلدى.

— سىزچۇ، تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ باقامسىز؟

— قولۇم تىترىمىگىنى بىلەن، ھەر قېتىم قولۇمنى تۇتسىڭىز، بېلىمدىن قۇچاقلىسىڭىز ··· يۇرىكىم سىلىپ كېتىدىكەن. بىراق ئىككىمىز بىرگە بولساق، سىز يېنىمدا بولسىڭىز، نېمە قىلسىڭىزمۇ خۇشال بولىدىكەنمەن.

— راستىنلا نېمە قىلساممۇ خۇشال بولامسىز؟ — دېدى سۇك جىن مەنسىنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ جىددىي تەرزدە، — مەن بىر ئىش قىلىپ، ئىككى ئىشنى ئىسپاتلىماقچى.

— نېمە قىلاي دەيسىز؟

— ئاغزىڭىزغا سۆيۈپ قويااي دەيمەن! سۆيگۈم كېلىپ شۇنداق

دەۋاتقىنىم يوق، سىزگە قارىسام ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىدىكەنمەن، سىز بەك چىرايلىق ھەم جەلپكار.
مەنىسىنىڭ مەڭزى شەلپەردەك قىزاردى.
— نېمىنى ئىسپاتلىماقچى؟ — مەنسى ئاستا سورىدى.
— بىرىنچى، خۇا شاڭچيەننىڭ ئىشىدىن كېيىن سىز يات جىنسلىقلاردىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ، قانداق، بىلىپ باقماقچى. ئىككىنچىدىن، خۇا جىڭجىڭ بىلەن تۇنجى سۆيۈشكەندە، ئۇ ئاۋۋال مېنى سۆيگەنىدى، مەن ھاياجاندىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالغانىدىم، بىراق خۇا جىڭجىڭ بىلەن ··· كېيىن سۆيۈشكەندە ھېچقانداق سېزىم پەيدا بولمايدىغان، پەقەت ھاۋايى - ھەۋەسنى قاندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغانىدى ···
— سىز ··· — مەنسى خىجىل بولغىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.
— سىزنى قورقۇتۇۋەتتىممۇ، قانداق؟ قورقماڭ، — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، قولىنىڭ دۈمبىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن سۆيۈپ قويدى، — يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق كىتابلارنى جىق كۆرىدىغان بولۇپ كەتتىم. مۇتەخەسسىسلەر، ئەگەر سىز بىر قىزنى سۆيگەن ۋاقتىڭىزدا، شېرىن تۇيغۇغا كەلسىڭىز ھەم باشقا ئىشلارنى ئويلىمىسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئۇ قىزنى چىن يۈرىكىڭىزدىن سۆيىدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر بىر قىز بىلەن سۆيۈشۈۋاتقاندا ھاۋايى - ھەۋىسىڭىزنى قاندۇرۇش كويىدا بولسىڭىز، بۇ سىزنىڭ پەقەت جىنسىي ھەۋىسىڭىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت ھەۋەسنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلسا، بۇنداق مۇناسىۋەت ئۇزۇنغا بارمايدۇ، دەپ قارايدىكەن. خۇا جىڭجىڭ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەۋەس بار، مۇھەببەت مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا بىز ئايرىلىپ كەتتۇق!
— ئەگەر ماڭىمۇ خۇا جىڭجىڭغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلىدە بولسىڭىزچۇ؟ — مەنسى ئەندىشە بىلەن سورىدى، —

مەن خۇا جىڭجىڭغا ئوخشىمايمەن، سىزنى ياخشى كۆرگىنىم بىلەن، سىز بىلەن رەسمىي توي قىلماي تۇرۇپ ھەرگىز ... سىز بىلەن ھەرگىز خۇا جىڭجىڭ ئىككىڭلار قىلغاندەك ئىشلارنى قىلمايمەن.

— مۇتەخەسسىسمۇ، ئاپاممۇ ماڭا، مۇھەببەت بىلەن ھەۋەس باشقا - باشقا نەرسە، توي قىلغاندىن كېيىن بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، دېگەنىدى، — دېدى سۇڭ جېن سەممىيلىك بىلەن، — مەن ئۆزۈمنى كونترول قىلىشنى بىلىمەن، مەن ھەرگىز سىزگە زورلۇق ئىشلەتمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئۇنداق ئىكەن، ھەرگىز ئۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ. مېنىڭ سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلگۈڭىز يوقمۇ؟

— ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالماي قالسىڭىزچۇ؟

— كاچىتىمغا سېلىڭ، مېنى سەگىتىپ قويۇڭ! ئەگەر راستتىنلا شۇنداق قىلسام، ئۆزۈممۇ قاتتىق ئازابلىنىمەن، چۈنكى مەن ئەزەلدىن مۇھەببەتنى ھەۋەستىن ئۈستۈن دەپ قارايمەن.

مەنسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قوشۇمىسىنى تۈردى.

— ئەخمەق قىز، قورقماڭ، مەن ھەرگىز سىزگە چېقىلمايمەن، — سۇڭ جېن ئۇنىڭ مەڭزىگە ئۇرۇپ قويدى، — سىزنىڭ ئەنسىرەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن. مېنى ئاستا - ئاستا كۆزىتىڭ، ماڭا ئىشەنچ تۇرغۇزغىنىڭىزغىچە تاقەت قىلالايمەن. بايىقى گەپنى دېمىگەن بولاي، بولدى، تېلېۋىزور كۆرەيلى ...

تەيۋەندىكى تارماق شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولغانلىقتىن، سۇڭ جېن تەيۋەنگە بېرىپ يېڭى باش دىرېكتورنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى بولدى.

— قانچىلىك ۋاقىتتا قايتىپ كېلىسىز؟ — دەپ سورىدى مەنسى.

— بىر ھەپتىلەردە كېلىمەن.

— ئالدىرىماي، ئىشلىرىڭىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىڭ، بىراق مىلاد بايرىمىغا قالماڭ! — دېدى مەنسى.

— ئۇنداق ئۇزۇنغا قالمايمەن. مېنىڭمۇ سىزدىن ئۇنداق ئۇزۇن ئايرىلغۇم يوق، مەن چوقۇم ۋاقتىدا قايتىمەن، ئىككىمىز بىرگە مىلاد دەرىخىنى بېزەيمىز.

— مىلاد دەرىخىنى ئۆزۈم يالغۇزمۇ بېزەپ كېتەلەيمەن، ئىشقىلىپ مەن هازىر تەتىلدە، بىكار تۇرسام.

— سىز تەتىلدە بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، سىزگە كۆپرەك هەمراھ بولۇشۇم كېرەك، سىز ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرىسىز، بىرەر دوستىڭىزمۇ يوق، زېرىكىپ قالىسىز!

— زېرىكمەيمەن، — مەنسى ئۇنىڭ خۇسۇسىي ئىشلارنى دەپ شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى، ئەرلەر ئۈچۈن كەسىپ ئەڭ مۇهىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تەيۋەنگە مېهماندارچىلىققا ئەمەس، مۇهىم بىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلغىلى بارىدۇ، — مەن هەر كۈنى بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىمەن، كۈندۈزى جىن هامىمام بىلەن تورت پىشۇرىمەن، سىز قايتىپ كەلگەندە ئۆز قولۇم بىلەن پىشۇرۇپ بېرىمەن؛ كەچتە، هامامىدىن پوپايكا توقۇشنى ئۆگىنىمەن، ئىشقىلىپ، كىچىك ۋاقتىمدا سىزگە سوۋغا قىلغان شارپىنىڭ دېرىكى بولمىدى، ئۆز قولۇم بىلەن سىزگە بىر شارپا توقۇپ بېرىمەن، قاراڭ، مۇشۇ ئىشلار بىلەن كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالىمەن.

— سىز بەك ياخشى جۇمۇ، — سۈڭ جېن ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىدى، — بەك زېرىكىپ قالسىڭىز، جۇ ۋېنفېڭ، گەن يۇلىڭلارنى ئۆيگە تاماققا چاقىرىڭ ياكى سىرتقا چىقىپ ئويناپ كېلىڭلار.

— مەن هەرگىز سىز يوق ۋاقىتتا سىرتقا چىقمايمەن، — قىسقىغىنا بىر هەپتىلىك زېرىكىشكە چىدىماي سىرتتا يۈرسە، خۇا جىڭجىڭدىن نېمە پەرقى، ئۇ هەرگىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، — مىلاد بايرىمىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇلارنى تاماققا چاقىرىمەن.

— ھەر كۈنى ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تېلېفون قىلىپ تۇرىمەن، ئىشقىلىپ، بىكار بولۇپ قالسام‌لا تېلېفون قىلىپ تەيبېيدا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىمدىن سىزنى خەۋەردار قىلىپ تۇرىمەن، سىزنى زېرىكتۈرمەيمەن.

— ھەر كۈنى تېلېفون قىلىمەن دەپ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلمىسىڭىز قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىڭىز كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ، — مەنسى سۇڭ جېنىنىڭ گالستۇكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، — سىز ماڭا ئىككى قېتىم تېلېفون قىلسىڭىز بولدى، تەيۋەنگە يېتىپ بارغان كۈنى كەچتە ساق ـ سالامەت يېتىپ بارغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ تېلېفون قىلىڭ، قايتقۇچە ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئاۋۋال تېلېفون قىلىۋېتىڭ، مەن سىز كەلگۈچە تورت پىشۇرۇپ تۇرىمەن!

— ياق، ھەر كۈنى تېلېفون قىلىمەن، ۋاقتىم چىقسىلا تېلېفون قىلىمەن، مېنىڭمۇ سىزنىڭ ئۆيدە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلگۈم كېلىدۇ.

— سىزنى ئايروپىلان ئىستانسىسىغا ئۇزىتىپ چىقايمۇ؟

— ياق، چىقماڭ! ئۇ يەرگە چىقىپ ئۇزىتىپ قويسىڭىز، ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، مەنمۇ سىزنىڭ ئۆيگە يالغۇز قايتىشىڭىزدىن خاتىرجەم بولالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادام ـ ئاپاملار چىقمايدۇ. شىركەتتىن يەنە ئىككى خىزمەتچى مەن بىلەن بىرگە بارىدۇ، مېنى يالغۇزلۇق تارتىپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلماڭ!

— بوپتۇ، گېپىڭىزنى ئاڭلاپ، ئايروپىلان ئىستانسىسىغا چىقماي، — مەنسى بېشىنى لىڭشىتتى، — قاچان يولغا چىقىسىز؟

— ئەتە ئەتىگەننىڭ ئايروپىلانىدا ماڭىمەن، كەچتە ئىككىمىز بىرگە تاماق يەپ، كىنو كۆرۈپ كېلەيلى.

— بولدى، سىرتقا چىقمايلى، بالدۇر ئۇخلاڭ، ئەتە تەيۋەنگە يېتىپ بېرىپلا يىغىن ئاچىدىغانسىز، يىغىندا چارچاپ قالماڭ، يەنە. مەن سىزگە يوك ـ تاقلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ بېرەي …



www.uyghurkitap.com

مەنسى ئەتىگەن تۇرۇپ، سۇڭ جىن بىلەن بىرگە غىزالاندى، سۇڭ جىننى ماشىنىنىڭ يېنىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ماشىنا دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى.

مەنسى ئۆيگە كىرىپ، سۇڭ جىننىڭ ھۇجرىسىنى يىغىشتۇردى، ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئامال بار ئاستا ھەرىكەت قىلدى.

سۇڭ جىن ماڭغۇچە مەنسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، تەيۈەنگە بېرىپ ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

مەنسى كۆڭلىدە ۋاقىتنى ھېسابلىدى: ئايروپىلان بىر سائەتتىن كېيىن ئۇچىدۇ، 55 مىنۇت ئۇچقاندىن كېيىن تەيۈەن تاموژنىسىغا چۈشىدۇ، ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن تەيبېي جوڭجېڭ ئايرودرومىدىن تېلېفون قىلىدۇ.

ئۈچ سائەت تەستە ئۆتتۈۋاتاتتى، مەنسى تۆۋەنكى مېھمانخانىغا كىرىپ، جىن ھامىنىڭ ئورنىدا لوڭقىغا پىيازگۈلنى ئالماشتۇردى.

ئاندىن تېلېفوننىڭ قېشىدا بىر سائەت ئولتۇردى.

سۇڭ جىندىن تېخىچە تېلېفون يوق، مەنسى ئولتۇرۇپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى: سۇڭ جىن شىركەتنىڭ باش لىدىرى ھەم دىرېكتورى، تەيۈەنگە بارغاندىن كېيىن تەيۈەندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىملار ئايرودرومدا قاتار تىزىلىپ، ئۇنى قارشى ئالىدۇ، ئۇنىڭ تېلېفون قىلىشقا نەدىكى ۋاقتى؟

ئۇ بەلكىم چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ۋاقىت چىقىرىپ تېلېفون قىلىشى مۇمكىن.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولدى، تېخىچە تېلېفون كەلمىدى، راست بىر تېلېفون كەلگەن، بىراق سۇڭ جىندىن كەلگەن تېلېفون ئەمەس.

ئۇ ئولتۇرغان ئايروپىلان …

مەنسى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ دەرھال

تىزگىنەكنى ئېلىپ تېلېۋىزورنى ئاچتى، چۈشلۈك خەۋەرلەر بېرىلىپ بولغان، كەچلىك خەۋەرنىڭ بېرىلىشىغا يەنە ئىككى ـ ئۈچ سائەت بار، مۇھىم خەۋەرلەر بارمۇ، يوق، دىققەت قىلىپ كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوق.

ھەرگىز ئۇنداق خەۋەر بولمىسۇن.

مەنسىننىڭ كۆزى تېلېۋىزوردا بولغىنى بىلەن كۆڭلى تەيۋەنگە ئۇچۇپ بېرىپ بولغانىدى. «كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە» دېگەن يوق گەپكەن، ۋاقىت ئەسلىدە بەك ئاستا ئۆتىدىكەن.

سۇڭ ئەپەندى ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلدى، سۇڭ جىن تەيۋەنگە كەتكەچكە، باش شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى باش بولۇپ باشقۇرۇۋاتاتتى.

— مەنسى، ئەجەب بېرىلىپ تېلېۋىزور كۆرۈپ كېتىپسىزغۇ، ياخشى پروگراممىلار بارمىكەن؟

— كەچلىك خەۋەرلەرنى كۆرەي دەپ ئولتۇرۇۋاتىمەن.

— نېمە يېڭى خەۋەر بار ئىكەن؟ مېتروننىڭ باھاسى چۈشەمدىكەن؟

— ياق، ئاۋىئاتسىيە خەۋىرىنى كۆرمەكچىدىم، ئايروپىلاندىن كاشىلا چىقتىمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، سۇڭ جىن ئاكامدىن ھازىرغىچە تېلېفون كەلمىدى، بىلمىدىم، بىرەر ھادىسە…

— ئەنسىرىمەڭ، سۇڭ جىن ساق ـ سالامەت يېتىپ بېرىپتۇ، — سۇڭ ئەپەندى پەلتوسىنى سېلىپ، خىزمەتكارغا بەردى.

— تاغا، سىز قانداق بىلدىڭىز؟ تەيۋەندىكى شىركەتتىن تېلېفون كەلدىمۇ؟ — مەنسى بېشىدىكى تاغ ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، تېلېۋىزورنى دەرھال ئۆچۈرۈۋەتتى.

— ياق، سۇڭ جىن چۈشتىن كېيىن شىركەتكە ئۆزى تېلېفون قىپتۇ، شۇنىڭدىن بىلدىم.

— ئۇ ماڭا تېلېفون قىلىمەن دېگەنىدى، — مەنسى سەل ئۈمىدسىزلەنگەندەك بولۇپ تۇرۇپ كەتتى، — نېمىشقا شىركەتكە

تېلېفون قىلغاندۇ؟

— شىركەتتىن خاتىرجەم بولالمىغان بولسا كېرەك.

— سۈك جېن ئاكام ماڭا بىرەر گەپ ـ سۆز ئېيتمىدىمۇ؟ ماڭا قاچان تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىدىمۇ؟

— ئېيتتى، ئۇ سىزگە تەييپىگە ساق ـ سالامەت يېتىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى سۈك ئەپەندى، — سىزگە قاچان تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى، ئۇ بەك ئالدىراش ئىكەن، بىر چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كەچكىچە كەسپىي يىغىن ئېچىپتۇ، كەچتە بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچى خادىملار ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. تاماقتىن كېيىن تېلېفون قىلىپ قالارمىكىن! بىراق ئۇ چاغدا بەك كەچ بولۇپ كېتىدۇ، سىز تېلېفون ساقلىماي ئۇخلاۋېرىڭ، ئۇ ئەتە ۋاقىت ئاجرىتىپ تېلېفون قىلار.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، مەنسى سەھەر سائەت ئىككىگىچە تېلېفون ساقلىدى، ئاخىر تېلېفوننى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى، جىن هامما ئۇنىڭ تىتىلداپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ، تورت پىشۇرۇشنى ئۆگەتمەكچى بولدى، مەنسى سۈك خانىم ۋە خىزمەتكارلارغا تېلېفونغا دىققەت قىلىشنى جېكىلىدى، ئۇ سۈك جېندىن تېلېفون كېلىپ قالسا ئۇنى تاپالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— تاغا، سۈك ئاكام شىركەتكە تېلېفون قىلىپ قالسا، ئېيتىپ قويۇڭ، ماڭا بىر تېلېفون قىلىۋەتسۇن، — دېدى ئۇ سۈك ئەپەندىگە، — بىر قېتىم ئۇرسىلا بولدى، مەن ھەرگىز ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئالمايمەن، پەقەت بەش مىنۇتلا سۆزلىشىمەن…

بىراق سۈك جېندىن تېلېفون يوق، سۈك ئەپەندىگىمۇ تېلېفون كەلمىدى.

سۈك جېن كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى، ئۇلار كەچلىك تاماققا ئولتۇردى، جىن هامما سۈك خانىمنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، باشقا خىزمەتكارلار بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە كۈندىن بىرى مەنسىننىڭ كەيپىياتى بەك تۆۋەن، گېلىدىن غىزا ئۆتمەيتتى، ئۇ چىنىسىدىكى گۈرۈچنى چوكا بىلەن بىر تالدىن قىسىپ، يەنە قويۇپ قويدى.

— سۈڭ جېنىدىن پەقەتلا خەۋەر يوقمۇ؟ — سۈڭ خانىم ئېرىدىن سورىدى.

— خەۋەر بار، باش شىركەت ھەر كۈنى تارماق شىركەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىۋاتىدۇ، سۈڭ جېن بىر پارچە رەسىملىك فاكس ئەۋەتىپتۇ.

مەنسى سۈڭ جېننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ روھلىنىپ قالغاندەك بولدى، ئۇ قولىدىكى چىنىنى شىرەگە قويۇپ، سۈڭ ئەپەندى ۋە سۈڭ خانىمغا قارىدى.

سۈڭ جېن ئۆزى شىركەتكە تېلېفون قىلمىدىمۇ؟

— يېتىپ بارغان كۈنى تېلېفون قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن تېلېفون قىلمىدى. ئۇ ئۆيگىمۇ تېلېفون قىلمىدىمۇ؟

— ئۆيگە تېلېفون قىلغان بولسا سىزدىن سوراپتىتىمۇ؟

سۈڭ ئەپەندى ئۇھ تارتىپ، بېشىنى چايقاپ قويدى.

— تەيۋەندىكى شىركەتنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىش تەسكە چۈشتىمۇ قانداق؟ — سۈڭ خانىم يەنە سورىدى.

— ھەل بولدى! بۈگۈن ئەتىگەن لىن خاۋبەينى باش دىرېكتور قىپتۇ.

— ئەمىسە ئۇ يەنە نېمىگە شۇنچە ئالدىراش بولۇپ كەتكەندۇ، ئۆيگە تېلېفون قىلىشقىمۇ ۋاقتى چىقمىغۇدەك؟

— ئۇ تەيۋەنگە خىزمەت قىلىشقا كەتتى، خىزمەتتىن باشقا نېمە ئىشى بولاتتى؟ ھازىر تەيۋەنلىك سودىگەرلەر سۆلەتۋاز بولۇپ كېتىپتۇ، ئون ـ يىگىرمە مىڭ سومluق تاماق يېيىشىدۇ، تاماقتىن كېيىن تانسىخانىلارغا بارىدۇ، تەيۋەنلىك قىزلار چىرايلىق بولمىغان بىلەن، بىر ـ بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، ئۇلار ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئادەمنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ!

— ئوغلىمىز ئۇنداق ئالىيېشىل سورۇنلارنى ياخشى

كۆرمەيدۇ.

— ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزى يالغۇز بارمايدۇ، باشقىلار ئۇنى تەكلىپ قىلىدۇ، بارمايمەن دېسە زورلايدۇ، تىجارەتچىلەرنى بەك زورلاشقا بولمايدۇ.

— ئوغلىمىز ئۇنداق قىزلارغا بەك ئۆچ.

— ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىزلارغا يېقىن يولىمايدۇ، بىراق ئۇنىڭ بىر ئەيىبى بار، ئۇ سەل سالاغا بوش، ئېزىقتۇرۇشقا ئاسان ئۇچراپ قالىدۇ.

— شۇنداق، خانىم، ئەينى چاغدىمۇ خۇا جىڭجىڭ بەگزادىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانىدى، ئۇ بۇدۇشقاق بەگزادىگە چاپلىشىۋالغانمۇ؟ — جىن ھامما تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇڭ جېن غەيرەتلىك ئىكەن، خۇا جىڭجىڭدىن ئايرىلىپ كەتتى. ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىزلارغا پوخورلۇق قىلمايدۇ، بىراق ئەرلەر ··· ئىشقىلىپ، مەن ئۇنداق ئېزىتقۇلارنى يېنىغا كەلتۈرمەيدۇ دەپ كاپالەت بېرەلمەيمەن.

— مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن، — دېدى جىن ھامما، — يىگىتلەر مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە، ھەرگىز ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايدۇ، ئۇ ھەرگىز باشقا قىزلارغا قىزىقمايدۇ.

— سىز سۇڭ جېن مەنسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداققۇ؟ ئۇلار يېقىندىن بېرى بىر-بىرىگە بەك ئامراق بولۇپ كەتتى.

— قوشماق ئۆردەكنىڭ ئۆزىغۇ ئۇلار، — جىن ھامما قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — بەگزادە ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆيگە قايتىدۇ، مەن ئۇنىڭ سىرتتا قالايمىقان قىزلار بىلەن ئارىلىشىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

— ئۇ بۇ يەردىكى ۋاقتىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان يىگىت ئىدى، بىراق تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن مەنسىگە تېلېفونمۇ قىلىپ قويماپتۇ، مۇھەببەت سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئۇ قايتىپ كەلگەندە راسا ئەدەپلەپ قويىمسام.
— ئۇنىڭ قاچان قايتىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟
— سىز ئۇنى ھەممە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، بىرنەچچە كۈندىلا قايتىپ كېلىدۇ، دەۋاتامتىڭىز؟
— ئۇ باشقا قىزلارغا مەپتۇن بولۇپ قالمىغانلا بولسا، ئۆگـۈنلۈككە قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى سۈلى ئەپەندى ئۆزىمۇ ئىشەنچ قىلالماي، — ھەي تاڭ، ئالدىنقى قېتىم خۇا جىڭجىڭ بىلەن ئامېرىكىغا بارغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ ياققا قايتىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. بۇ قېتىم قېشىدا مەن يوق، ئۇ ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كېلەرمۇ؟ بېرىپ ئۇنى ئەكېلەمدىم، كىم بىلىدۇ؟
— ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ مەنسىنى ئويلايدۇ، ئۆگۈنلۈككە چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ! ھەي! مەنسى، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ، چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتىغۇ؟ — سۈلى خانىم مەنسىنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ، كالپۇكىنىڭ ئاقىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىنىسىنى قويۇپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.
مەنسىنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلۇپ، تاماق شىرەسىگە يېتىپ قالغىلى تاس قالدى.
— مەنسى، بايا بىز يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىپ كېتىپتۇق، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ، ئۇ ھەرگىز سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ، — دېدى سۈلى خانىم، — گېپىمگە ئىشىنىڭ.
— ھامما، — دېدى مەنسى بېشىنى كۆتۈرۈپ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ مېنىڭ نەۋرە ئاكام، خالاس! ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ۋەدە قىلىشمىغان، ئۇنىڭ نىمە قىلغۇسى كەلسە قىلىۋەرسۇن، مەن بىلەن ئالاقىسى يوق.
— بىراق ئىككىڭلار يېقىندىن بېرى بەك ياخشى ئۆتۈۋاتاتتىڭلارغۇ!

— ئۇ يېقىندىلا خۇا جىڭجىڭدىن ئايرىلدى، مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدۇم! بىز كىچىكىمىزدىن بىرگە چوڭ بولغان ھەم تۇغقان، قانچە يېقىن ئۆتسەكمۇ، پەقەت بىر نەۋرىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆتۈۋاتىمىز!

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى سۇڭ خانىم، — ئۇ تەيۋەنگە بېرىشتىن ئاۋۋال ماڭا سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مېنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، بىراق ماڭا تېلېفون قىلمىغىنىغا قارىغاندا، ئۇ راستتىنلا بىرىنى تېپىۋالغان ئوخشايدۇ، — مەنسى ئۆزىنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى، تاماق ئۈستىلىدە ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، — تاغا، ھاما، سىلەر تامىقىڭلارنى يەۋېرىڭلار!

— سىز تامىقىڭىزنى يەپ بولمىدىڭىزغۇ!

— قورسىقىم تويدى، — مەنسى تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ تاماقخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— مەنسى خېنىم ئازراقمۇ غىزا يېمىدى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئىشتىھاسى ئانچە ياخشى ئەمەس ...

مەنسى ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئىشىكنى يېپىپ، پۈتنى سوزۇپ، تەسلىكتە كارىۋاتقا چىقىۋالدى.

سۇڭ جېن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ مۇشۇنداق تېز ئاخىرلىشىشى كاللىسىدىن پەقەت ئۆتمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۆتكەنكى كۈنلەردە مەنسى دېلىغۇل بولۇپ يۈرگەنىدى، ئۇ سۇڭ جېننى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ، بۇ ئۆزگەرمەس رېئاللىق، بىراق سۇڭ جېن ئۇنى ياخشى كۆرەمدۇ، ياخشى كۆرسە قانچىلىك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى قانچىلىك داۋاملىشىدۇ، ئۇ بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيتتى. ئۇلار كىچىكىدىن بىرگە چوڭ بولغىنى بىلەن، ئۇ سۇڭ جېننى ئۆزىگە ئەسىر قىلالمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرىمۇ، سۇڭ جېن ئۇنىڭغا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ باقمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇنى سۇك جېندىن كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ، سۇك جېن ئۇنى سۆيگىنى دەپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇنى سۆيۈپمۇ باقمىدى. پەقەت قول تۇتۇشۇپ قويۇش، قۇچاقلىشىش بىلەنلا ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالغان بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ تەيۋەندە راستىنلا بىر قىزغا ئۇچراپ قالسا، ئۇ قىز ھەم چىرايلىق، ھەم قىزغىن، يېقىشلىق بولسا، ئۆزگەرسىمۇ (بۇنداق سۇپەتلەشكىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدە پەقەت سىزلا بار دەپ باقمىغان)، مۇھەببەتلەشسىمۇ يوللۇق.

مەنسى ئىنتايىن ئازابلاندى، ئويلىغانسېرى كۆڭلى يېرىم بولدى، بىراق ئۇ بۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىدىن كۆردى.

سۇك جېن ئىككىسىنىڭ بىرگە ئۆتۈشى پېشانىسىگە پۈتۈلمىگەن ئوخشايدۇ.

مەنسى يېنىك ئۇھ تارتتى: قانداق قىلىمەن، ئۆزۈمدىن كۆرمەي!

ئۇ كارىۋاتتا ھەر خىل خىياللارنى قىلىۋاتاتتى، قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، بىراق ئەمدى تېلېفونىمۇ كۈتمىدى، تېلېفوننى قولىغا ئالمىدى.

ئۇ يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشتى، چىرايىدا ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمىغاندەك بولغىنى بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇتتى.

ئۇ سۇك خانىم، جېن ھامىملارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك تاماقلارنى زورىغا يېدى، بىراق يېگەن نەرسىلىرى ئاشقازىنىنى بىئارام قىلىۋاتاتتى.

ئۇ سۇك خانىمغا ھۇجرىسىغا چىقىپ ئارام ئالغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

— بوپتۇ، ئوبدان بىر ئۇخلىۋېلىڭ، — دېدى سۇك خانىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، — ئاخشام ياخشى ئۇخلىمىغان ئوخشىمامسىز؟ رەڭگىڭىز ياخشى ئەمەس، كۆزلىرىڭىز

ئولتۇرۇشۇپ، سەل ئىششىپ قالغاندەك قىلىدۇ ...
مەنسى ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلىمىدى، ئۇنىڭ ھۇجرىدا يالغۇز سولىنىپ ئولتۇرغۇسى بار ئىدى.
ئۇنىڭ دەسلەپ ھۇجرىسىدىكى بالكونغا چىقىپ ئولتۇرغۇسى كەلدى، ئۇ يەردە باغنىڭ دەرۋازىسى ۋە فونتاننى كۆرگۈسى كەلدى، بىراق شامال كۈچلۈك بولغاچقا، كارىۋىتى بېشىدىكى دېرىزىگە چىقىپ ئولتۇردى، ئۇ يەردىمۇ باغنىڭ يان تەرىپىدىكى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنى كۆرگىلى بولاتتى، بىراق ئۇنىڭ ئۇ يەرگە قارىغۇسى كەلمەي، بېشىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ ئولتۇردى.
ئۇ چارچاپ مۈگدەپ قالغاندا، تۇيۇقسىز بىرىنىڭ ئۇنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— مەنسى، مەنسى ... مەنسى!
مەنسى بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىدى، ئويغىمۇ، چۈشىمۇ! ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، ئۇچىسىغا سۇس چاقماق، ئەت رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن سۇڭ جېن چىمىلدىق ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.
— سىز، سۇڭ جېن ئاكا ...
— مەنسى، مەن قايتىپ كەلدىم، — سۇڭ جېن مەنسىگە قاراپ قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى.
مەنسى يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، كېپىنەكتەك ئۇچقان پېتى ئۆزىنى سۇڭ جېننىڭ قوينىغا ئاتتى.
سۇڭ جېن ئۇنى كۆتۈرۈپ پىرقىراتتى، ئاندىن ئۇنى يەرگە قويۇپ، يۈزىنى يۈزىگە قارىتىپ، كۆزىگە تىكىلدى:
— مېنى كۆرۈپ خۇشال بولدىڭىزمۇ؟
مەنسى توختىماي بېشىنى لىڭشىتتى.
— مەن تەيۋەنگە كەتكەندە مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟
مەنسى يەنە بېشىنى لىڭشىتتى. بىراق سەل تۇرغاندىن كېيىن ئۇ دومسىيىپ تۇرۇپ:
— بىراق سىز مېنى ئەسلەپ قويمىدىڭىز، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ سىزنى سېغىنمىسام قايتىپ كېلەتتىممۇ؟

— قاچان كەلدىڭىز، يەنە كېتەرسىز؟

— نەگە بارىمەن، تېخى ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن تۇرسام؟

— تەيۋەنگىچۇ، ئۇ يەردە لاتاپەتلىك، مەپتۇن قىلارلىق قىزلار سىزنى ساقلاپ تۇرغاندۇ؟

— ئۇلار لاتاپەتلىكمىكەن؟ مەن ئەجەب دىققەت قىلماپتىمەن، سىزدىن ئارتۇق مەپتۇن قىلارلىق قىزنى ئۇچراتمىدىم.

مەنسى ئاستىنقى لېۋىنى چىشلىدى، ئۇ يا خۇشال بولۇشنى، يا خاپا بولۇشنى بىلمەيتتى:

— تەيۋەندە كۈندۈزى يىغىن ئېچىپ، ئاخشىمى رېستوراندىن قايتىپ، چىرايلىق قىزلار بىلەن تانسا ئويناپ، ئاندىن ... ئىشقىۋازلىق قىلىپ يۈردىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، ھەر كۈنى شىركەتنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولدۇم، كەچتە ئۇ، بۇلار مېھمان قىلدى. بىراق تاماقتىن كېيىن دەرھال مېھمانسارايغا قايتتىم، ئۇنداق سورۇنغا بارمىدىم. پەقەت تۈنۈگۈن كەچتە ئۇلار مېنى ئۇزىتىپ، تانسا ئۆتكۈزگەندى، بىراق مەن تاماقنى يەپ بولۇپ ئىككى قول تانسا ئويناپ، مېھمانسارايغا قايتتىم.

— ئۇ ئىككى ھەمراھىڭىز چوقۇم ياش ھەم سېھرىي كۆچكە تولغان قىزلار بولغىيتتى؟

— بىرى پېنسىيىگە چىققان باش دىرېكتورنىڭ خانىمى، ئەللىك ياشقا كىرگەن ئايال، ئۇ ئاپامدىنمۇ چوڭ؛ يەنە بىرى يېقىندىن تەيىنلەنگەن باش دىرېكتورنىڭ خانىمى، ئۇ قىرىق ياشتا ئىكەن.

— ئۇلار تاماقتىن كېيىن سىزگە ھەمراھلىققا ساھىبجاماللارنى ئەكەلمىدىمۇ؟

— ئەكەلدى! ھەر كۈنى كەچتە يېنىمىزدا بىر قىز ھەمراھ بولىدۇ، بىراق ئۇ قىز چىرايلىقمۇ، سەتمۇ دىققەت قىلماپتىمەن،

بىرىنچىدىن، كۆڭلۈم تارتمىدى؛ ئىككىنچىدىن، خەنزۇ تىلىنى ئانچە ئوبدان سۆزلىيەلمەيدىكەن، ئادەتتىكى پاراڭلارنىمۇ قىلغىلى بولمىدى، راستىمنى ئېيتسام، ئۇلارغا قىزىقمىدىم، — سۇڭ جېن يۈزىنى مەنسىگە يېقىپ سورىدى، — سىز ماڭا ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلىسىز - ھە؟

— ئەلۋەتتە! سىز ئۆزىڭىزنى گۇناھسىز كۆرسىتىپ كەتكەن تۇرسىڭىز.

— ئۇنداق قىلغىنىم ئەمەس، يۈرىكىم پەقەت سىزگىلا مەنسۇپ، مەن يۈرىكىمنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ كەتكەن تۇرسام.

— بۇ گېپىڭىزگە ئىشىنەمدىم؟ — مەنسى تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى، — كۆڭلىڭىز ئۇلارغا بۆلۈنمىگەن بولسا، ماڭا نېمىشقا تېلېفون قىلمايسىز؟ ئۆزىڭىز ماڭا ھەر كۈنى ئاز بولغاندا بىر قېتىم تېلېفون قىلىمەن دېگەن، بىراق مەن يېتىپ بېرىپلا تېلېفون قىلىسىز بولدى، دېسەم بىر قېتىممۇ تېلېفون قىلىپ قويمىدىڭىز.

— ھا - ھا! — سۇڭ جېن بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىنى بېلىگە تىرىدى، — ئەڭ ياخشىسى سىز چىقىپ دادام، ئاپام، جىن ھامامدىن سوراڭ!

— راست، مانا بىز قاتىرىسىغا ئىسپات بولالايمىز، — سۇڭ ئەپەندى، سۇڭ خانىم، جىن ھاممىلار كىرىپ كەلدى، جىن ھاما سۇڭ جېننىڭ خىزمەت سومكىسىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— تەيۋەندىكى تارماق شىركەتنىڭ باش دىرېكتور ئالماشتۇرۇش ئىشىغا ئەسلىدە مەن بارماقچىدىم، سۇڭ جېننىڭ مەنسىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى، خانىم ئىككىمىز قارىساق، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلىدىغاندەك ئەمەس، كۈنلەر ئۆتۈۋەرسىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، ئاخىر سۇڭ جېن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تەيۋەنگە ئۇ بارىدىغان بولدى، سىلەر ئايرىلىپ باقساڭلار بىر - بىرىڭلارنى سىنايدىغان، ئويلىنىدىغانغا ئوبدان پۇرسەت بولىدىكەن، بىر - بىرىڭلارغا

www.uyghurkitap.com

ھېسسىياتىڭلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدىكەنسىلەر... بىز ئاخىر سۇڭ جېننى قايىل قىلدۇق، ئۇ ئاخىر تەيۋەنگە بېرىشقا قوشۇلدى.

مەنسى ھەيران بولۇپ سۇڭ جېنغا قارىدى، سۇڭ جېن بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمەلىيەتتە، سۇڭ جېن تەيۋەندە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تۇردى، ھەر كۈنى شىركەتكە بىر قېتىم، ئۆيگە ئۈچ قېتىم تېلېفون قىلدى، ئۇ ھەر قېتىم، مەنسى، نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇ خۇشالمۇ، خاپىمۇ؟ دەپ سوراپ تۇردى، — سۇڭ خانىم قولىدىكى ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى پۇلاڭلاتتى، — مانا بۇ ئىسپات، مەنسى ئاڭلاپ باقسىڭىز بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە سۇڭ جېن سىزنى بەك سېغىنىپتۇ، بۇ يەرگە قايتىپ كەلگۈچە كۆزى تۆت بولدى، سىلەر مۇھەببەتلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپسىلەر.

سۇڭ جېن مەنسىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

مەنسى خىجىل بولۇپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى.

— بىراق مەنسىمۇ سۇڭ جېننى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، بىرنەچچە كۈندىن بېرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى، ھەر كۈنى ئاخشىمى بىز ئۈچىمىز خور ئېيتساق، ئۇ بەلكىم كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىغان بولغىيتتى، شۇنداقمۇ مەنسى؟

— يىغلىمىدىم، بىراق كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قاتتىق ئۇمىدسىزلەندىم!

— مېنىڭ كۆڭلۈم خۇشال يۈرگىنى يوق، ئىلگىرى خىزمەتداشلار بىلەن بىرگە بولسام، سىزنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيتتىم، بۇ قېتىم تەيۋەندە نەچچە كۈن تۇرۇپ، كۈندە نەچچە قېتىم سىزنى ئويلىدىم، تېخى سىز چىرايلىق قىزلارنىڭ گېپىنى قىلىسىز، ھەر كۈنى قىزلارنى كۆرسەملا سىز كۆز ئالدىمغا

كېلىسىز، مەن ئەزەلدىن بىر ئادەمنى ئۇنداق ئويلاپ كەتمەيتتىم، ئەڭ يامان يېرى سىزگە تېلېفون قىلالماي، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىيالماي بەك ئازابلاندىم.

— تېلېفونىڭىزنى ساقلاپ ساراڭ بولاي دەپ قالدىم، ھەر كۈنى تېلېفوننى قۇچاقلاپ ئۇخلايمەن، — ئۇلار بىر - بىرىگە ھال ئېيتقىلى تۇردى.

— ھەر كۈنى كەچتە مېھمانسارايغا قايتىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى، سىزنى بەك سېغىندىم، بىراق كېيىن ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپتىم، — سۇلۇ جېن جىن ھامىمىنىڭ قولىدىن ھۆججەت سومكىسىنى ئېلىپ، ئىچىدىن تۆت دانە ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى چىقاردى. سۇلۇ ئەپەندى بىلەن سۇلۇ خانىم بىر - بىرىگە شەرەت قىلىشىپ، جىن ھاما بىلەن ئاستا ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى.

— مەن شىركەت كادىرلار ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ ئەپەندىگە دەپ بىر ئۈنئالغۇ ئالدۇردۇم، ھەر كۈنى ئۈنئالغۇ ئالدىغا كېلىپ سىزگە كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى ئېيتتىم. بىر كۈنلۈك ئىششىمنى سىزگە دوكلات قىلدىم، تۈنۈگۈن ئاخشام قىلغان سۆزلىرىم ئىككى لېنتىغا توشۇپتۇ، مانا بۇ تۆت لېنتىنى بوش ۋاقتىڭىزدا ئاڭلاپ بېقىڭ، مېنىڭ يالغان گەپ قىلمىغانلىقىمنى ئاندىن بىلىسىز.

— چۈشەندىم، تاغامنىڭ كۆپ جاپا تارتقانلىقىنىمۇ بىلدىم.

— ماڭا قاراڭا، ئاپام سىزنى كۆزگە ئۇيقۇ كەلمىدى، گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى دەيدۇ، — سۇلۇ جېن مەنسىنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قاراتتى، — راستلا چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇ، كۆزلىرىڭىزمۇ نۇرىنى يوقىتىپتۇ، سىزنى ئازابقا قويۇپتىمەن، ئەندىشىگە سالغانمەن، مەن بەك ئەسكى ئىكەنمەن!

— سىزمۇ ئورۇقلاپ قاپسىز، كۆزلىرىڭىز ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ، — مەنسىمۇ ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىدى.

— دادام مېنىڭ بىر ھەپتە تۇرۇشۇمنى ئېيتقانىدى، بىرىنچى

كـۈنى سىزنى ئۈنچىۋالا سېغىنىمەن دەپ ئويلىمايتتىمەن، بىراق كەچتىلا بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىشلىرىمنى تېـز - تېز تۈگەتتىم، تۈنۈگۈن ئاخشام قايتىپ سىز بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ھاياجاندا ئۇخلىيالمىدىم، — سۇڭ جېن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مەنسىگە قاراپ كەتتى، — سىزنىڭ گېلىڭىزدىن غىزا ئۆتمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

— سىزنىڭ گېلىڭىزدىن تاماق ئۆتتىمۇ؟

— ياق! — سۇڭ جېن بېشىنى چايقىدى.

— مېنىڭمۇ سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، بەك ئورۇقلاپ كېتىپسىز!

— ماڭا كۆيۈنەمسىز؟

— ئەلۋەتتە كۆيۈنىمەن!

— ئەمىسە، — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئاستا سورىدى، — مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

مەنسىنىڭ يۈزى ئوت ئېلىپ، سۇڭ جېننىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى.

سۇڭ جېن مەنسىنى مەھكەم قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى، ئۇ قولىنى ئاستا بوشىتىپ، بىر قولىدا مەنسىنىڭ مەڭزىنى، يەنە بىر قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا ئۇنىڭ لەۋلىرىنى سىلىدى.

مەنسىدە قىلچە قورقۇنچ ئالامەتلىرى يوق، شۇ تاپتا ئۇ لايدەك يۇمشاپ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلدى.

سۇڭ جېن ئۇنى قورقۇتۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئۇنىڭ لېۋىگە بوش سۆيدى، مەنسىنىڭ ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۈچەپ سۆيگىلى تۇردى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بىر قولىدا مەنسىنىڭ بېلىدىن، يەنە بىر قولىدا ئارقا مېڭىسىدىن تۇتۇپ، ھاياجان بىلەن سۆيۈپ كەتتى.

قىزغىن سۆيۈشۈشتىن تەنلەر بىر - بىرىگە مەھكەم چاپلاشقان، سۇڭ جېن ھاياجاندا قولىنى مەنسىنىڭ كۆكرىكىگە سوزۇۋېتىپ،

ئالدىدىكى گۈزەل ھەم سەبىي چىرايىنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال ئۆزىگە سىگنال بېرىپ، يەنە مەنسىنىڭ بىلىدىن تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ مەنسىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەيتتى. قىزغىن سۆيۈشۈش داۋاملاشماقتا.

غەلىتە ئىش، ئۇ ئۆز ھەۋىسىنى داۋاملىق قاندۇرالمىغىنى بىلەن، مەنسىنى قۇچاقلاپ، قىزغىن سۆيۈشۈشتىنمۇ ئىنتايىن مەست بولۇپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم قىزغىن سۆيۈشۈش ئىچىدە شېرىن تۇيغۇغا كېلىشى ئىدى.

ھەر ئىككىسىنىڭ نەپىسى تېزلەشكەن، سۇڭ جېن لېۋىنى تارتىۋېلىشقا قىيمايتتى، ئۇ مەنسىنى قۇچاقلاپ، ھاياجاندا مەنسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— سىزنى سۆيىمەن، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن!

مەنسى سۇڭ جېننىڭ قوينىدا، يۈزلىرى ئوت ئالغان، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن، ئۇ ئاخىر مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىغانىدى.

ئىككىيلەن مەھكەم قۇچاقلىشىپ تۇردى، بىر ـ بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بىر ـ بىرىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دائىم سۆيۈشۈپ يۈرىدىغان بولدى. سۇڭ جېننىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىپ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى مەنسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈش ئىدى، ئۇلار ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال سۆيۈشۈپ خوشلىشىپ، ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتەتتى.

سۇڭ جېن مەنسى ئىككىسىگە بىردىن ئەڭ يېڭى تىپتىكى سىمسىز تېلېفون سېتىۋالدى. ھەر ئاخشىمى يۇيۇنۇپ يېتىشتىن ئاۋۋال ئۇلار تېلېفون ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە سۆيۈش يوللىۋېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى.

يەكشەنبە كۈنى، سۇڭ جېن بىلەن مەنسى ئاشىق ـ مەشۇقلار كىيىمىنى كىيىپ چىقتى.

سۇس ھاۋا رەڭ شىم، كۆككە ئاق چاقماق چۈشكەن كۆڭلەك، سىرتىغا دۈگىلەك ياقىلىق، كەڭ ئاق پوپايكا كىيىپ، مەيدىسىگە ئامېرىكىنىڭ كۆك رەڭلىك بۈركۈت بۇلاپكىسىنى تاقىۋېلىشقانىدى.

ئۇلار مىلاد دەرىخىنى بېزەۋاتاتتى. مىلاد دەرىخى تورۇسقا تاقىشاي دەپ قالغان، شېخىغا نۇرغۇن بېزەكلەر ئېسىلغانىدى.

سۇڭ جېن بىرنەچچە پەرىشتە يۇلتۇز، ئالتۇن ـ كۈمۈش توپلارنى ئېسىۋېتىپ، بوينىنى سوزۇپ مەنسىنى سۆيۈپ قويدى.

— بوينىڭىز ئاغرىمىدىمۇ؟ مۇشۇنداق قىلىسىڭىز راھەتمىكەن؟ — مەنسى بوينىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ سورىدى.

— نېمىشقا ئاغرىغۇدەك؟ قانچىلىك ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيسىز، ھەر قېتىم سىزنى سۆيسەم، كەمپۈت يېگەندەك شېرىن تۇيغۇغا كېلىمەن، خىزمەتنىمۇ روھلۇق ئىشلەيمەن.

— جېنىڭجىك بىلەن تۇنجى قېتىم سۆيۈشۈشكەندە يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتكەنىدى، كېيىن ئادەتتە خىزمەت قىلغاندەك بىلىنىدىغان بولدى دېگەنىدىڭىزغۇ؟

— سىز بىلەن ئۇنى قانداق سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ھەۋەس بار، مۇھەببەت مەۋجۇت ئەمەس. مەن سىزنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا، سۆيۈشۈپ قويسامىمۇ خۇشال بولىمەن، ھەر قېتىم سۆيۈشكەندە يۈرىكىم سېلىپ كېتىدۇ، سىزنىڭچۇ؟

— سىز دەپ بېقىڭا؟ — مەنسى ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۇڭ جېن ھېس قىلالايتتى.

— بارغانسېرى يامان بولۇپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ، ئۆزۈمدىن قايتۇرۇپ سوراپ، — سۇڭ جېن يەنە بىر كىچىك مىلاد بوۋاينى ئاستى، — مۇتەخەسسىسلەر، ئەگەر سىز بىرىنى سۆيگەندە، مەست بولۇپ، خۇشال بولسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئۇنى چىن يۈرىكىڭىزدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ، دېگەنىكەن. مەلىكەم، مەن سىزنى راستتىنلا بەك ياخشى كۆرىمەن، مەن ئاخىر ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشتىم، بىراق، قوزام، سىز مېنى ياخشى

كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئاغزىڭىزدىن چىقىرىپ باقمىدىڭىز ـ ھە!
— ئېيتمىدىممۇ؟ — مەنسى سۇلىڭ جېنىغا قاراپ ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى، — سىز مەندىن چوڭ، خۇا جىڭجىڭ ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن، ھەي! سىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم تەستەك قىلىدۇ!
— مەن سىزدىن چوڭ بولغاچقا، سىزگە كۆيۈنىمەن، سىزنى تېخىمۇ ئەتىۋارلايمەن، — سۇلىڭ جېن ئىشتىن توختاپ ئالدىراپ چۈشەندۈردى، — بۇ ئىشلارغا مەنمۇ ئىقرار، مەن خۇا جىڭجىڭ بىلەن بولغان ۋاقىتلىق خۇشاللىقىقا ئىنتىلمەسلىكىم كېرەك ئىدى.
مەنسى ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ قېچىپ كەتتى.
— ھەي، چىشىمغا تېگىۋېتىپسىز ـ دە؟ قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالاي دېدى، مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولسىڭىز، ئالدىڭىزدا ئۆلۈپ بېرىمەن، — سۇلىڭ جېن ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ غىدىقلىدى، — ئەدىپىڭىزنى بەرمەيدىغان بولسام، ئېيتىڭا، مېنى ياخشى كۆرەمسىز، يوق؟
مەنسى ئېگىلىپ قورسىقىنى تۇتۇپ كۈلۈپ، سۇلىڭ جېنىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.
سۇلىڭ جېنىنىڭ ئۇنى قانداقمۇ قويۇۋەتكۈسى كەلسۇن، ئۇنىڭ بېلىدىن غىدىقلىغىلى تۇردى:
— ئېيتىڭا، مېنى ياخشى كۆرەمسىز، يوق؟
مەنسى غىدىقى كېلىپ، يەرگە يۈكۈنۈپ، توختىماي بېشىنى لىڭشىتتى.
— ياق، ۋارقىراپ دەڭ، مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز.
— سىزنى ياخشى كۆرىمەن! بولدىمۇ، ئەمدىغۇ غىدىقلىمايدىغانسىز ...
سۇلىڭ جېن مەنسىنى بېلىدىن قوش قوللاپ قۇچاقلاپ، ئۆزىمۇ يۈكۈنۈپ، مەنسىنى سۆيۈپ كەتتى.
— پاھ! يەنە سۆيۈشۈش ماھارىتى كۆرسىتىۋېتىپسىلەر ـ دە!

www.uyghurkitap.com

مەنسى سۇلۇڭ جېنىنى ئىتتىرىۋېتىپ، يۈزىنى ئۇنىڭ كەينىگە قىلىۋالدى.

سۇلۇڭ جېن مەنسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ دادىسىغا ئاغرىندى:

— دادا، سىز تازىمۇ بىر چىراغچىكەنسىز.

— ئامال قانچە! بۇ دېگەن مېھمانخانا، ئاممىۋى سورۇن. بىراق چىراغچى بىر ئەمەس، ئىككى، يەنە ئاپاڭمۇ بار!

— ھەي، سىلەر بىر كۈندە ئون نەچچە قېتىم سۆيۈشىسىلەر، تاماقتىن بۇرۇنمۇ سۆيۈشۈۋاتقان، بىز تاماقخانىغا كىرەلمەمدۇق، نېمە؟ — دېدى سۇلۇڭ خانىم، — قىزىق ئىش، ئىلگىرى سېنىڭ خۇا جىڭجىڭ بىلەن سۆيۈشكىنىڭنى ناھايىتى ئاز ئۇچرىتاتتۇق.

— ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشكۈم كەلمەيدۇ، ھەر قېتىم زورىغا سۆيۈپ قويىمەن، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ ئاۋۋال مېنى سۆيىدۇ.

— ئۇلار سۆيۈشمەيدۇ، بىراق ئۇلار ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، باشقىلارغا كۆرسەتمەي بىر ئىشلارنى قىلىدۇ!

— دادا، مەنسىنىڭ ئالدىدا يامان ئىشلارنى دەپ يۈرمەڭلا، بولامدۇ؟

— مەنسى ئاق - قارىنى پەرق قىلالايدۇ، قورسىقى كەڭ، ئۇ ئىشلارنى ئېغىر ئالمايدۇ، ئۇنىڭغا نېمە خاپا بولاتتى؟

— مەنسى كۈلۈپ قويۇپ ئىشىنى قىلىۋەردى.

— بالام، سەن زادى خۇا جىڭجىڭنى سېغىندىڭمۇ؟ — دېدى سۇلۇڭ خانىم، — راست گېپىڭنى قىلە!

— ئايرىلىپ كەتكەن دەسلەپكى كۈنلەردە، بولۇپمۇ ئاخشاملىرى سېغىنغان، بۇ بەلكىم بەدەندىكى تەبىئىي ئىنكاستىن بولسا كېرەك، كېيىن تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم، چۈنكى مەنسى ئىككىمىزدە بىر - بىرىمىزگە مۇھەببەت پەيدا بولدى، — سۇلۇڭ جېن مەنسىنى تارتىپ بىلىدىن قۇچاقلىدى، — ھازىر مەنسىدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىمايمەن، ھەر كۈنى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ، ئۆيگە قايتىپ، مەنسى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرايمەن.

بىر - بىرىڭلارنى شۇنداق ياخشى كۆرسەڭلار تويۇڭلارنى

قىلايلى! مېنىڭمۇ نەۋرىلىك بولغۇم بار.

— هازىر بولمايدۇ، مەنسى تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. تۆت - بەش يىلدىن كېيىن توي قىلساقمۇ بولىدۇ، نەۋرىلىك بولۇشنى هازىرچە ئويلىماي تۇرۇڭ. شۇنداقمۇ، مەنسى؟ — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ چېچىغا سۆيۈپ قويدى.

— قىزلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرمىسىمۇ بولىدۇ، ئالىيجاناب خوتۇن، ياخشى ئانا بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى مەنسى خىجىل بولۇپ.

— قارا! — دېدى سۇڭ خانىم هاياجانلىنىپ، — مەنسىنىڭ كاللىسى ئىشلەيدىكەن، نوچى ئايال بولسىلا خۇشال بولىدىغان ئىش يوق، كۆڭۈلدىكىدەك ئادەم بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، باللىق بولۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ زور بەخت!

— مەنسى، سىز مەن بىلەن ئوينىشىۋاتمايدىغانسىز؟ — سۇڭ جېن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مەنسىنى ئۆزىگە قاراتتى، — سىز راستىنلا ماڭا ياتلىق بولۇشنى خالامسىز؟ قاچان، قاچان توي قىلىمىز؟

مەنسىنىڭ مەڭزى ئوت ئېلىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى.

— هېچبولمىغاندا، تەييارلىق سىنىپنى تۈگىتەرمەن!

— قەدىرلىكىم، — سۇڭ جېن مەنسىنى كۈچەپ سۆيۈپ قويدى، — سىزنى سۆيىمەن، سىزنى سۆيىمەن!

— يەنە يېرىم يىلدىن كېيىن مەنسى ئوغلىمىز بىلەن توي قىلىدىغان بولدى، — دېدى سۇڭ خانىم ئېرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — بىر يېرىم يىلدىن كېيىن موما بولىدىغان بولدۇم، هەي، جىن هاما خۇشاللىق ئىش، سۇڭ جېن كېلەر يىلى مايدا مەنسى بىلەن توي قىلىدىغان بولدى!

جىن هامىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ چىقتى، بۇ ئۈچ چوڭلار ئۇلارنىڭ توي مەسلىھەتىگە چۈشۈپ كەتتى.

سۈڭ جېن خۇشاللىقىدا مەنسىنى كۆتۈرۈپ، مىلاد دەرىخىنى ئايلىنىپ چىقتى.

— هەي! — سۈڭ خانىم ئوغلىنى چاقىردى، — كىيىمىڭنى يىرقىرىتىۋېرىپ، بېشىنى قايدۇرۇپ قويما!

— خوتۇن! — سۈڭ جېن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى مەنسىنىڭ بۇرنىغا سۈركىدى، — سىز مېنىڭ خوتۇنۇم. خوتۇن ئالىيلىرى، ئەرلىرىگە بىر تەزىم قىلسىلا ...

ئۆي ئىچى خۇشاللىققا چۆمدى.

## 9

ئامېرىكا لوس ئانژېلېس شەھىرى كونپېتىش كوچىسىدىكى بىر ئۆي.

خۇا جىڭجىڭ بىلەن خو مىگاۋ كەچلىك تاماقتا هاراقنى كۆپ ئىچىۋالغانىدى، ئۇلار قىزغىن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ، ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. تۇيۇقسىز «چاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، خۇا جىڭجىڭ خو مىگاۋنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالدى، ئۇ كىيىمىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتكەچ ۋارقىرىدى:

— ھەددىڭدىن ئاشما!

— ھەددىمدىن ئاشقۇدەك نېمە قىلدىم؟ چوڭلار دېگەن چوڭلارنىڭ ئىشىنى قىلمامدۇ؟ — خو مىگاۋ هاياجاندا خۇا جىڭجىڭنى تارتتى.

— بۇنداق ئىشلارنى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بىلەن قىلىمەن.

— قايسى تەلەيلىكتۇ ئۇ؟

— شېنشىن بىلەن سۇڭ جىن.

— بىراق ئۇلار سىزنى تاشلىۋەتتى. بولدى قىلىڭ، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، مەن سىزنى خۇشال قىلالايمەن، — خو مىگاۋ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى ...

— ماڭا چېقىلغۇچى بولما، مەن سېنى ياخشى كۆرمەيمەن، مەن ھەرگىز سەن بىلەن ئۇنداق ئىش قىلمايمەن.

— ئۇنداق ئادەم نېمىشقا مەن بىلەن ئامېرىكىغا كەلگەن؟

— سەن ئارقىلىق كۆڭلۈمنى ئاچماقچى بولغان، قولۇڭنى تارت! يوقال! دەرھال كۆزۈمدىن يوقال، سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق، — خۇا جىڭجىڭ بارماقلىرى بىلەن ئۇنى قامالىدى.

— مەن يوقىلامدىم؟ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم! — خو مىگاۋنىڭ

www.uyghurkitap.com

غەزىپى تاشتى، — ئۆزۈڭ يوقال!

— نېمە، سەنمۇ مېنى بوزەك قىلماقچىمۇ، سەن ئەرلەرنىڭ ھەممىڭ ئىت، — خۇا جىڭجىڭ پاڭگىدە يىغلاپ تاشلىدى.

— ھىم، شېنشىن سېنى دەپ ھەرگىز شۇنچە بىساتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئەڭ ياخشىسى سۇڭ جېنىنىڭ قېشىغا بار، تۇفى...

شياڭگاڭ، سۇڭ جەمەتى كارخانا باش شىركىتى.

سۇڭ جېن مەنسى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ تۇرۇپتىكىنى قويدى، كۆڭلىدە ئاجايىپ بىر خۇشاللىق ئۆرتەپ تۇراتتى.

خۇا جۇڭگۇاڭ ئەپەندىدىن تېلېفون كەلدى، ئۇ تېز ھەم جىددىي سۆزلەپ كەتتى:

— جىڭجىڭ ئۆلۈۋالىمەن دەيدۇ.

— نېمە ئىش بولدى؟ — سۇڭ جېن ھەيران بولۇپ تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

— سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولمامدۇ، ئۇ ئامېرىكىغا ئوينىغىلى كەتمىگەن، سەن بىلەن سوقۇشۇپ قېلىپ، ئاچچىقىدا كېتىپ قالغان. كىم بىلسۇن، سەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆرگىلى بارماپسەن، تېلېفونمۇ قىلىپ قويماپسەن، سۇڭ جېن، سەن بەك ھەددىڭدىن ئېشىۋالدىڭ جۇمۇ!

— خۇا تاغا، ئىككىمىز ئايرىلىپ كەتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايرىلىپ كېتىشنى ئۇ ئاۋۋال ئېيتتى، مېنىڭ ھازىر ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق، — دېدى سۇڭ جېن ئۆزىنى ئاقلاپ.

— ئايرىلىپ كەتتىڭلار؟ سوقۇشۇپ قالغاندا، ئاغزىدىن قانداق گەپ چىقمايدۇ؟

— بىراق ئۇ توينىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقان تۇرسا.

— جىڭجىڭ ئىككىڭلار يېقىن تۇغقانلارنى چاقىرىپ، توي قىلىشقا پۇتۇشكەنلىكىڭلارنى جاكارلىغان، بۇنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتتى، بىراق سىلەرنىڭ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىڭلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى، سۇڭ جېن،

سەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئوغۇل بالا دېگەن قىلغان ئىشىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، جىڭجىڭ ئىككىڭلار بولغۇسى ئەر - خوتۇنلار بولغىنىڭلار بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەر - خوتۇن بولغان، سەن خوتۇنۇڭغا پەقەت كۆڭۈل بولمەيدىكەنسەن؟
— جىڭجىڭ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت قالمىدى، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى دەپ مەجبۇرىي توي قىلساق، كەلگۈسىدە بەختلىك ئۆتەلمەيمىز.
— سەن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماقچىمۇ؟
— قىز يىگىتلەر توي قىلغاندىن كېيىن مىجەزى كېلىشەلمەي قالسا، ئوخشاشلا ئاجرىشىپ كېتىدۇغۇ؟
— جىڭجىڭ سېنى يەنىلا ياخشى كۆرىدۇ، ياخشى كۆرمىسە ئۆلۈۋالىمەن دەمدۇ؟
سۇڭ جىن گەپ قىلماي تۇرۇپ كەتتى، ئۇ خۇا جىڭجىڭنىڭ ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئەزەلدىن ئىشىنىپ كېلىۋاتاتتى.
— جىڭجىڭ تېلېفوندا يىغلاپ تۇرۇپ، ئەگەر ئۇچ كۈنگىچە سېنى كۆرمىسە، سېنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئېيتتى، جىڭجىڭنىڭ مىجەزىنى بىلىسەن، ئۇ دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ، ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، سەن ئۇنى قۇتقۇزماي قانداق چىدايسەن؟
— بىراق خۇا تاغا، مېنىڭمۇ ئىلاجىم يوق، مەنمۇ سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنەي.
— سەن ياخشىسى بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قال! سەن كەينىگە تارتىپ، ئۇ سېنى دەپ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسا، ئازابلانمامسەن؟
— مەن ... — ئۇ راستتىنلا خۇا جىڭجىڭنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايتتى.
— مەن ساڭا ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ قويىمەن، ئەتە سېنى ئايرودرومغا ئاپىرىپ قويىدىغانغا ئالغىلى بارىمەن، ئەمىسە

مۇشۇنداق كىلىشتۇق.

— خۇا تاغا ...

خۇا جۇڭگۇاڭ تېلېفوننى قويۇۋەتتى، سۇڭ جېن ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھۆكرەپ يىغلىۋەتكۈسى كەلدى.

ئەسلىدە، خۇا جىڭجىڭ ئۇنى داۋاملىق ياخشى كۆرىدىغان بولسا، مىجەزى كىلىشمىگەن، ئۇنىڭغا ھىسسىياتى بولمىغان، كەلگۈسىدە توي قىلغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە ئاداۋەت ساقلايدىغان ئەر - خوتۇنلاردىن بولىدىغان تەقدىردىمۇ، سۇڭ جېن ئۇنى ئەمرىگە ئالاتتى.

چۈنكى، ئۇلار توي قىلىشقا پۈتۈشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلۇپ بولغان، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سۇڭ جېن ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

بىراق، مەنسى بىلەن كىلىشىپ قالغاندىن كېيىن ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەندى.

بىرىنچىدىن، ئۇ مەنسىنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئادەم سىلىشتۇرۇشتىن ئەڭ قورقىدۇ، خۇا جىڭجىڭنى مەنسىگە سىلىشتۇرغاندا، نۇرغۇن ئەيىبلىرى بار، بۇنداق ئادەم بىلەن توي قىلسا، بىر ئۆمۈر ئازاب ئىچىدە ئۆتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سۇڭ جېن ھازىر خۇا جىڭجىڭنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسى بەك ياخشى، ھىچقانداق ئەيىبى يوق، سۇڭ جېن ئۇنىڭدىن ھەر جەھەتتىن رازى، ئۇ جىڭجىڭ بىلەن توي قىلغان ھالەتتىمۇ، يۈرىكى يەنىلا مەنسىگە تارتىشىدۇ.

شۇڭا، ئۇ خۇا جىڭجىڭ بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ.

بىراق ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى. خۇا جىڭجىڭ ئۇنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ ئاچچىقتا ئامېرىكىغا كېتىپ قاپتۇ، ئەگەر ئۇ ئامېرىكىغا بېرىپ خۇا جىڭجىڭنى ئەكەلمىسە، خۇا جىڭجىڭ راستىنلا ئۆلۈۋالسا، ئۇ قاچانغىچە پۇشايمان قىلار؟

ئەگەر ئۇ بىر ئۆمۈر پۈشايماندا ئۆتسە، تۇرمۇشى قانداق بولار؟
ئۇ خۇا جىڭجىڭنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك، ئۇ بۇنداق رەھىمسىزلەردىن ئەمەس، ھەي! خۇا جىڭجىڭ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭمۇ ئۆلگىنى ياخشى ئەمەسمۇ!

سۇڭ جېن قانداقمۇ ئۆلۈۋالالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە سۆيگىنى بار، ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشكە قانداق چىدايدۇ، ئادەم بالىسى ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن مەسئۇل بولمىسا، ئادەم ئۆز ھاياتىغا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا بولامدۇ؟

خۇا جىڭجىڭ ئۆلسە بولمايدۇ، سۇڭ جېنمۇ ئۆلۈۋالالمايدۇ.

سۇڭ جېننىڭ بېشى قاتتى ...

— مەنسى، مەن قايتىپ كەلدىم، سىز قەيەردە؟

— بۈگۈن ئەجەب بالدۇر قايتىپ كەپسىزغۇ؟ — مەنسى ئۈچىسىدا ھالغا كۆك گۈل چۈشكەن چىت كۆڭلەك، يوگۇرۇپ چىقتى، — ھەي، بۇ سېۋەت بەك چىرايلىق ئىكەنغۇ، يەنە چوڭ لېنتا باغلاپ قويۇپتۇ.

سۇڭ جېن سېۋەتنى ئاچتى، يۇڭلىرى پاخپىيىپ تۇرىدىغان سېمىز، ئاپئاق بىر كۈچۈك سېۋەتتىن سەكرەپ چۈشتى، كۈچۈكنىڭ بېشىغا ھال رەڭ گۈل چېگىپ قويۇلغانىدى.

— ياقتۇرامسىز؟

— پاھ! بەك ئوماق ئىكەن، ھەي، كۈچۈك.

— سىزگە ئەكەلدىم.

— ماڭا؟ — مەنسى كۈچۈكنى قولىغا ئالدى، — سىز ئىتتىن قورقاتتىڭىزغۇ؟

— مۈشۈك ياشقا كىرىپ قېلىپمۇ قورقۇپ يۈرمەسمەن؟

— بىراق سىز كۈچۈكنى ياخشى كۆرمەيتتىڭىزغۇ؟

— سىز ياخشى كۆرگەننىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرىمەن، بۇرۇندىنلا بىر كۈچۈك بېقىش ئارزۇيىڭىز بار ئىدىغۇ؟

— بۇنى ئارزۇلىغىنىمغا 11 يىل بولدى، — مەنسى كۈچۈكنى كۆتۈرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى، — رەھمەت سىزگە،

www.uyghurkitap.com

سىز ماڭا بەك كۆيۈنىسىز - ھە؟

— ھۇجرىڭىزغا كىرەيلى، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار، — سۇڭ جېن كۈچۈكنى سىۋەتكە سېلىپ كۆتۈرۈپ مەنسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ئەتە ئامېرىكىغا بارماقچى بولۇۋاتىمەن.

— خىزمەت بىلەن بارامسىز؟ قاچان قايتىپ كېلىسىز؟ كېلەر ھەپتە مىلاد بايرىمى.

— بۈگۈن خۋا جىڭجىڭنىڭ دادىسى تېلېفون قىپتۇ، خۋا جىڭجىڭ ئەسلىدە ماڭا ئاچچىقلىنىپ ئامېرىكىغا كەتكەنىكەن، ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن مەندىن خەۋەر كۈتۈپتۇ، ئەگەر مەن ئامېرىكىغا بارمىسام، ئۇ، ئۇ …

— سىلەر ئايرىلىپ كەتكەنغۇ؟ توي قىلمايدىغان بولغانغۇ؟ — مەنسى ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سورىدى.

— ئۇ شۇنداق دېگەنىدى، بىراق ئۇ ئاچچىقىدا شۇنداق دەپ قويۇپتۇ، ئۇ يەنىلا مېنى … مېنى ياخشى كۆرىدىكەن، مەن بېرىپ ئۇنى ئەكەلمىسەم، ئۇ ئۆلۈۋالماقچىكەن.

— ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ — مەنسىنىڭ قوللىرى مۇزلاپ كەتتى.

— ئۇ تېلېفوندا يىغلاپ تۇرۇپ، ئۈچ كۈنگىچە ئۇنى ئالغىلى بارمىسام، ئۆلۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئۇنىڭ مىجەزى كەسكىن، ئۇ دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ، ئۇ راستتىنلا ئۆلۈۋالىدۇ.

— ھەي! — مەنسى ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى.

— ئۇنىڭ دادىسى ماڭا ئۇنى ئەكېلىپ توي قىلىشىمنى ئېيتتى، — دېدى سۇڭ جېن مەنسىنىڭ ئايىغىدا يۈكۈنۈپ، — بىراق مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز توي قىلمايمەن، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلگەن، ئۇنى باشلاپ كېلىپ، ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرسەم ۋەزىپەم تۈگەيدۇ.

— ئۇ قايتىپ كەلسىمۇ ئوخشاشلا ئۆلۈۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەگەر ئۇ سىزنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ سىزگە يېپىشقىنى يېپىشقان، ھەرگىز سىزنى قويۇپ بەرمەيدۇ، سىز بىلەن توي قىلماي قالمايدۇ.

— قولىڭىز ئەجەب مۇزلاپ كېتىپتۇغۇ؟ — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ ئىككى قولىنى ئالقىنى ئارىسىغا ئالدى، — ماڭا ئىشىنىڭ، سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسىز، مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلاي؟

— سىزگە ئىشەنمىگەنلىكىم ئەمەس. خۇا جىڭجىڭنىڭ بوش ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. سىز ئامېرىكىغا بارسىڭىز، ئۇ قايتىدىن ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىدۇ.

— سىز خاتىرجەم بولالمىسىڭىز ئامېرىكىغا بارماي.

— ئۇ چوقۇم ئۆلۈۋالىدۇ، ئۇ ئۆلسە، سىز ئازابلانامسىز؟ ھازىر ئازابلانامسىز؟ كەلگۈسىدە ئازابلانامسىز؟ سىز پۇشايمان قىلىسىز، مەندىن ئاغرىنىسىز، ئۇنىڭ سايىسى ئەتراپىمىزدا چۆرگىلەپ يۈرىدۇ، بىز خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمىز.

— ئەمىسە مەن ئامېرىكىغا باراي، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئاتا — ئانىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتاي، بولامدۇ؟ — دېدى سۇڭ جېن، — ماڭا ئىشىنىڭ، ئۇ ھەرگىز مېنى ئېلىپ قالالمايدۇ!

— مەن يالغۇز ئويلىنىۋالاي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ! — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى، — سەل تۇرۇپ تاماققا چاقىرىپ كىرىمەن!

سۇڭ جېن ئىشىكنى يېپىشقا مەنسى ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، سۇڭ جېن ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپ، جىڭجىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن مەنسى ئۆزىنىڭ سۇڭ جېنغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەنىدى.

سۇڭ جېن تەيۋەندىن قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇھەببىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىزھار قىلغاندىلا، سۇڭ جېنغا ئىرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، بىراق ئۇ خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېندىن ئايرىلىپ كەتكىنى بىلەن، سۇڭ جېننى بىراقلا تاشلىۋەتمەيدۇ، دەپ قارايتتى.

ئەسلىدە خۇا جىڭجىڭ سۇڭ جېننى ھازىرغىچە ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئۇنىڭغا ئىرىشمەكچى بولۇۋاتسا، سۇڭ جېن ئۇنىڭدىن تەسىرلەنمەي قالارمۇ؟

ئۇ خۇا جىڭجىڭ بىلەن تالىششىنى خالىمايدۇ، ئۇ خۇا جىڭجىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە ئادەتلەنمىگەن، مەكتەپ ئىچى ـ سىرتىدا، ئائىلىدىمۇ شۇنداق، شۇڭا خۇا جىڭجىڭ ئېرىشكەنگە ئۇ ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ.

ئۇ سۇڭ جېننى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، سۇڭ جېننىڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ تەقدىرى قوشۇلمايدىغان ئوخشايدۇ.

مەنسى ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپ، ھال رەڭ كاستۇم ـ يوپكا، ھال رەڭلىك ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيدى، ھال رەڭلىك، داغلىق ماركىلىق سومكىنى بويىنىغا ئاستى، ئۆزىنى چېچىغا ھال رەڭلىك ئەتىرگۈل تاقىدى.

مەنسى ھۇجرىسىدىن چىققاندا، سۇڭ جېن ئىشىك ئالدىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگەنىكەن.

— مەنسى، بەك چىرايلىق ياسىنىۋاپسىزغۇ؟ — دېدى سۇڭ جېن مەنسىنى كۆرۈپ.

— بىز فرانسىيە تامىقى يېگىلى بارايلى، ئاندىن تانسىخانىغا بېرىپ كىچىچە ئوينايلى، — مەنسى سۇڭ جېننى قولتۇقلىۋالدى.

مەنسى ئۆزگىرىپ قالغاندەك قىلاتتى، بۇ ھالىدىن سۇڭ جېن سەل ئەنسىرەپ قالدى، بىراق ئۇ گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، ئۇنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلدى.

ئۇلار مول تائاملار بىلەن غىزالاندى، مەنسى سوغۇق كۆلۈمسىرەپ ئولتۇردى، خۇا جىڭجىڭنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى.

ئارقىدىن كەچلىك بەزمىخانىدا تانسا ئوينىدى، مەنسى ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تانسا ئويناپ مەست بولۇپ كەتتى، ئامېرىكىغا بارىدىغان ئىشنى تىلغا ئېلىپ قويمىدى.

— دېگىنىز بويىچە بارايلى، — دېدى مەنسى تانسىخانىدىن چىقىپ.

— كىيىمىڭىز يالاڭ، دېڭىز شامىلى بەك سوغۇق.

— بىز ماشىنىدا ئولتۇرۇپ يۆلتۈزلارنى، دېڭىز دولقۇنىنى تاماشا قىلساق بولىدۇ ئەمەسمۇ، ماشىنىدىن چۈشۈشىمىز شەرت ئەمەسقۇ؟

سۇڭ جېن ماشىنىنى ھەيدەپ دېڭىز بويىغا كەلدى، ئۇ ئەمدىلا گەپ قىلىشقا تەمشىلىشىگە مەنسى ئىككى بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى.

— تىنچ ... دېڭىز دولقۇنىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ — مەنسى سۇڭ جېنغا يۆلىنىپ، بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، — جىم ئولتۇرۇڭ، گەپ قىلماڭ!

سۇڭ جېنمۇ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

مەنسىمۇ گەپ قىلمىدى، سۇڭ جېن گەپ قىلىشقا تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى، قۇياش ئۇپۇقتىن ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمان بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزىرىشقا باشلىدى.

تاڭ سۈزۈلگەندى.

— ئۆيگە قايتايلى، — دېدى مەنسى بوش ئاۋازدا.

سۇڭ جېن مەنسىنى ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغىچە ئەكېلىپ قويۇپ، تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— مەنسى، بۈگۈن ئامېرىكىغا بارسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بېرىشىڭىز كېرەك، ئادەمنىڭ ھاياتى مۇھىم تۇرسا.

سۇڭ جېن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، مەنسىنىڭ يەنە بىر قولىنىمۇ

تۇتۇۋالدى:

— سىزدىن خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن.

— مەندىن نېمىشقا خاتىرجەم بولالمايسىز، مەنمۇ ئۆلۈۋالارمەنمۇ؟ مەندە ئۇنداق جۈرئەت يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇدا بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلغانىكەن، قانچە ئازابتا قالساقمۇ ياشىشىمىز كېرەك.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، ئۆلۈۋېلىش ئاجىزلارنىڭ قىلىقى، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش توغرا ئامال ئەمەس، — سۈك جېن يەنە سورىدى، — ماڭا ئىشەنگەنسىز، مېنى ساقلامسىز؟

— ئەلۋەتتە، مەن نەگىمۇ كېتەلەيمەن؟ — مەنسى سوغۇق كۈلۈپ قويدى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن كېيىن خۇا جىڭجىڭ سۈك جېننى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرەمدۇ ياكى خۇا جىڭجىڭ سۈك ئائىلىسىنىڭ ئايال خوجايىنى بولۇپ قالامدۇ، ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيتتى.

— مەن چوقۇم ئۇنى تېزلا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، سىزنى ھەرگىز ئالدىمايمەن، ئىشقىلىپ مىلاد بايرىمىدىن ئاۋۋال قايتىپ كېلىمەن. بۇ بىرنەچچە كۈندە مەن يوق، كۆچۈك سىزگە ھەمراھ بولىدۇ، — سۈك جېن مەنسىنىڭ چاچلىرىنى مېھرى بىلەن سىلاپ كەتتى، — قايغۇرۇپ كەتمەڭ، ئۇنداق قىلسىڭىز مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىسىز.

— مەندىن ئەندىشە قىلماڭ، تۇرمۇشۇمنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرالايمەن، — مەنسى قولىنى سۈك جېننىڭ مەيدىسىگە قويۇپ چىرايىغا قارىدى، — بۈگۈن سىزنى ئايرودرومغا ئۇزىتىپ چىقالمايمەن.

— بولدى، ئۇزاتماڭ، تاڭ ئېتىپ كەتتى، ئوبدان ئۇخلاڭ، ئامېرىكىغا يېتىپ بېرىپلا سىزگە تېلېفون قىلىمەن، ئەتە ئەتىگەن يېتىپ بېرىشىم مۇمكىن.

— بولدى، تېلېفون قىلماي قويۇڭ، — دېدى مەنسى تامىقىنى قىرىپ، — ئىشىڭىزنى خاتىرجەم قىلىۋېرىڭ.

— بولىدۇ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشۋەتسەملا دەرھال قايتىپ كېلىمەن، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

مەنسى سۇڭ جېندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ كەتتى، ئۇ ئىككى قولىنى سۇڭ جېننىڭ بوينىغا ئېلىپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئويماقتەك ئاغزى بىلەن ئۇنىڭ لېۋىگە سۆيدى.

سۇڭ جېن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى، بۇ مەنسىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزلۈكىدىن سۆيۈشى ئىدى، سۇڭ جېن تېزلا قىزغىن سۆيگۈ قاينىمىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

مەنسى سۇڭ جېننى ئاستا قويۇۋېتىپ يەرگە قارىۋالدى.

— قەدىرلىكىم ... — سۇڭ جېننىڭ ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قالدى.

— بەك چارچاپ كەتتىم، كىرىپ ئۇخلاي، سىزمۇ بىردەم كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىڭ، — مەنسى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى، ئۇ ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى ...

— خەير - خوش! مۇھەببىتىم! — دېدى مەنسى بوش ئاۋازدا.

مەنسى سۇڭ جېننى ئايرودرومغا ئۇزىتىپ چىقمىدى، ئۇ بالكون تېمىغا يۆلىنىپ، سۇڭ جېن ماشىنىغا چىققۇچە قاراپ تۇردى.

بۇ ئىككى كۈندە، مەنسى ھۇجرىسىدىن چىقماي، كۈچۈك بىلەن بولدى.

ئۇنىڭ كارىۋات ئالدىدىكى گىلەمدە، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا بېشىنى كۈچۈككە قويۇپ ئولتۇرغۇسى كېلەتتى.

سۇڭ ئەپەندى، جىن ھاما، سۇڭ خانىملارنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى، ئۇلار سۇڭ جېننىڭ خۇا جىڭجىڭنىڭ قېشىغا كەتكەنلىكىدىن نارازى ئىدى.

ئۇلار مەنسىنىڭ تىنچ ئولتۇرۇشىغا دەخلى قىلمىدى، سۇڭ

خانىم بىلەن جىن هاما ئۇنىڭ ئىشتىهاسىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا شورپا قايىنتىپ بېرىپ، هەر كۈنى قۇۋۋەت تولۇقلاپ تۇردى.

تاماق ۋاقتىدا، سۇك ئەپەندى دائىم سۇك جېنىغا ئاچچىقلىناتتى.

— ئەمەلىيەتتە سۇك جېن ئاكام ماڭا بەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، بىزنىڭ تەقدىرىمىز قوشۇلمايدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، سىلەر كېلەر يىلى مايدا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئەمەسمۇ؟ — سۇك ئەپەندى ئاچچىقلاندى.

— ئۇ خۇا جىڭجىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن.

— ئۇلار ئايرىلىپ كەتكەن، توي قىلىشتىن يېنىۋېلىشقان! يەنە نېمىشقا ئامېرىكىغا بارىدۇ؟

— خۇا جىڭجىڭ سۇك ئاكامنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنى دەپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ، سۇك جېن ئاكامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ ـ دە.

— ئۇلار ھازىرمۇ ئىچ ـ پەش تارتىشىپ يۈرگەن، ئايرىلىپ كەتمىگەنىكەن، سۇك جېن سىزنىڭ كەينىڭىزگە كىرمەسلىكى كېرەك ئىدى.

— شۇنداق! بۇ ئىككى قېيىققا تەڭ دەسسىگەنلىك بولمامدۇ، ئۇنى ھەرگىز كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، — سۇك خانىمنىڭ ئاچچىقى كەلدى، — سۇك جېنىنىڭ كۆزى يوق ئىكەن، خۇا جىڭجىڭنىڭ قايسى تەرىپىنى سىز بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن، ئۇنىڭ تېخىچە مېھرىنى ئۈزەلمىگۈدەك قانداق ئارتۇق يېرى باركىنتاڭ.

— ئوتتۇرىدا نۇرغۇن ئۇقۇشماسلىقلار بار، تاغا، هاما، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش قىيىن، سىلەر سۇك جېن ئاكامدىن ئاغرىنماڭلار، ئۇنى تىللىماڭلار.

— هىم! ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ ئۆزىمىزنى ئاۋارە قىلمايمىز، — سۇك خانىم قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى، — بىراق مەن ئۇ خۇا

فامىلىلىكنى ھەرگىز كىلىنىم دېمەيمەن، ئۇلار توي قىلغان ھالەتتىمۇ، ئۇلارنى ئۆيدە تۇرغۇزمايمەن، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىمەن.

— بولدى، بىزنىڭ ئۇنىڭدەك ئوغلىمىز يوق! — سۈك ئەپەندى ئۇھ تارتتى.

سۈك ئائىلىسىدىكىلەر پۈتۈنلەي مەنسى تەرەپتە ئىدى، خۇا جىڭجىڭ بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەن تەقدىردىمۇ، مەنسى يەنىلا مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمى ئىدى!

ئىككى كۈندىن بېرى سۈك جېندىن تېلېفون كېلىپ تۇردى، مەنسىنىڭ كارىۋىتى بېشىدىكى تېلېفون توختىماي جىرىڭلاپ تۇرسىمۇ، مەنسى تۇرۇپكىنى ئالمىدى، ئۇ سۈك جېننى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشتى، ئۇ سۈك جېننىڭ ئىككى قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدى بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

ئۇ بىرىنى ياخشى كۆرگەندە، ئۇنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كۆڭلى خۇشال بولسىلا كۇپايە ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ھېس قىلغانىدى.

سۈك جېن سۈك خانىمغا تېلېفون قىلىپ، مەنسىنى چاقىرىپ قويۇشنى ئېيتقاندا، سۈك خانىم خاپا بولماي:

— مەنسى جۇ ۋېنفېڭ، گەن يۈلىڭلەر بىلەن دايۈشەن ئارامگاھىغا ئوينىغىلى كەتتى! — دەپ قويدى.

سۈك ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن مەنسىگە ئاۋارىچىلىك تېرىپ بېرىشنى خالىمايتتى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆيۈندى.

مەنسى يەنىلا بۇلۇڭدا، كۇچۇكىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى. ئۇ يىگى يىلدىن كېيىن مەكتەپكە بېرىپ، نورمال تۇرمۇشۇمنى باشلىسام، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالار، دەپ ئويلىدى.

ئۇ سۈك ئائىلىسىدىكىلەرنى ئوسال قىلىپ قويۇشنى خالىمايتتى.

ئىشىك چېكىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. مەنسى كىمنىڭ كىرگەنلىكى بىلەن كارى بولماي، كۇچۇكىنىڭ

يۈزلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ ئولتۇراتتى.

— مەنسى!

مەنسى بېشىنى كۆتۈردى، سۇك جېن ھاسىراپ ھالى قالمىغان، ئۈچىسىدىكى پەلتوسىنى يەشمىگەن، ئاغزىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى، سىرتتا قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مەنسى! — سۇڭ جېن قۇچىقىنى ئاچتى، ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، — مەن قايتىپ كەلدىم!

مەنسى ئۇنىڭ قېشىغا كېپىنەكتەك ئۇچۇپ باردى، ئۇ تولىمۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ كەتكىنىگە ئۈچ - تۆت كۈن بولغانىدى.

سۇڭ جېن مەنسىنىڭ جىم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا كەلدى:

— مېنى كۆرۈپ خۇشال بولمىدىڭىزمۇ؟ نېمىشقا كۈلمەيسىز؟

— ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدىڭىزمۇ؟

— ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم، ئويلىغىنىمدىن ئاسانغا چۈشتى، ئادەمنىڭ راستتىنلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ!

— خۇا جىڭجىڭ قايتىپ كەلدىمۇ؟

— كەلدى، ئىككىمىز بىرگە قايتىپ كەلدۇق!

مەنسىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، سۇڭ جېننىڭ سۆزلىرى ۋە تۇرقىدىن ئۇنىڭ خۇا جىڭجىڭغا باش ئەگكەنلىكى، ئىككىسىنىڭ توي قىلىشقا كەلگەنلىكىنى پەملىدى.

— سىز خۇشال بولۇشىڭىز كېرەك.

— شۇنداق، سىلەرنى مۇبارەكلەيمەن!

— بىزنى مۇبارەكلىسىڭىز بولىدۇ، — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ يۈزىنى سىلىدى، — بەك سولغۇن كۆرۈنىسىز، جۇ ۋېنفېڭلار بىلەن بەك ئوينىۋېتىپ، نەچچە كۈن ياخشى ئۇخلىمىغان ئوخشايسىز - ھە؟

— ياق، مەن ھېچ يەرگە بارمىدىم!

— بىراق، ئاپام ... ھە، راست، تېلېفون بەرسەم نېمىشقا

ئالمايسىز؟

— مەن ئىككىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇلۇۋېلىشنى خالىمىدىم.

— نېمە بولدى، سىزگە؟ ئايرىلغىنىمىزغا نەچچە كۈن بولدى، سىزنى بەك سېغىندىم، كېلىڭا سۆيۈپ قوياي! — سۇك جېن مەنسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويماقچى بولدى.

— سىز مېنى يەنىلا نەۋرە سىڭلىم دېسىڭىزمۇ مەيلى!

— ھېلىقى كۈنى كەچتە ماڭا بەك قىزغىن بولۇپ كەتكەنىدىڭىزغۇ؟ — سۇك جېن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قالدى، — بۈگۈن نېمىشقا باشقىچە بولۇپ قالدىڭىز، بايا ئاپام بىلەن كۆرۈشكەنىدىم، ئۇنىڭمۇ بىر ئېغىز ياخشى گېپى يوق، سىلەرگە نېمە بولدى؟

— ھامام سىزنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندۇ، چوڭلار چۈشەنمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنماڭ، بىراق، بىز ئۆزىمىزنى كونترول قىلىۋالمىساق بولمايدۇ، بۈگۈنكىنى ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ!

— ئەلۋەتتە شۇنداق! بىراق مېنىڭ كەتكىنىمگە بىرنەچچە كۈن بولمايلا، ماڭا نېمانداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟

— ھەممە ئىشلىرىڭىزنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ كەپسىز، خۇشال بولۇۋاتىمەن.

— مەن ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالايمەن، مېنى مۇكاپاتلىشىڭىز كېرەك ئىدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، — مەنسى سۇك جېننىڭ يۈزىنى كۆچەپ ئىتتىردى، — ئەمدى بۇنداق قىلساق بولمايدۇ!

— نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ بىز دېگەن ئاشىق ـ مەشۇقلار تۇرساق، — سۇك جېن بېشىنى لىڭشىتتى، — مەن سىزنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندىم. سىز ماڭا مۇشۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتىسىز، سەل تۇرۇپ سىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جازالايمەن، سىز ماڭا قەتئىي ئىشەنمەيدىكەنسىز. يۈرۈڭ، تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئىككى ئادەم بىلەن كۆرۈشۈڭ.

سۈڭ جېن كۈچۈكنى يەرگە قويۇپ، مەنسىنى قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى.

— مېنىڭ تۆۋەنگە چۈشكۈم يوق، مۇشۇ يەردە تىنچ ئولتۇراي، — مەنسى تامغا تىرىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇنىمىدى.

— چۈشمىسىڭىز بولمايدۇ، — سۈڭ جېن مەنسىنى كۆتۈرگەن پېتى پەلەمپەيدىن چۈشتى.

دەھلىزدە مەنسى خۇا جىڭجىڭنى كۆردى، غەلىتە ئىش، خۇا جىڭجىڭ كېلىشكەن بىر يىگىتنى قولتۇقلىۋالغانىدى.

— مەنسى، سىز بىلەن ئاخىر كۆرۈشتۇم، — جىڭجىڭ يېنىدىكى يىگىتنى تارتىپ مەنسىنىڭ قېشىغا كەلدى، — سۈڭ جېن سىزنى كېلىنچەكنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ چۈشۈۋاتىدۇ.

مەنسى خىجىل بولۇپ يەرگە چۈشتى.

سۈڭ جېن بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، قوۋۇزىنى پۈۋلەپ چىقىرىپ قويدى.

— مەن سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ مېنىڭ بولغۇسى ئېرىم شېنشىن بولىدۇ.

— بولغۇسى ئېرىم؟ — مەنسى ھەيران قالدى، ئۇ يەنە نېمە ئويۇن ئويناۋاتقاندۇ؟

— ئۇ مېنىڭ سۈڭ جېندىن ئاۋۋال ئارىلاشقان يىگىتىم ھەم مېنىڭ تۇنجى سۆيگىنىم، — خۇا جىڭجىڭ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى، — بىز ئالىي مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان، كېيىن ئىككى يىل بىر ئۆيدە تۇردۇق، ئەسلىدە بىز توي قىلماقچى بولغان، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلمىدى، ئۇلار مېنى ھىيلىگەر، شاللاق قىز دەپ قارايدىكەن. ھەممە ئەيىب ئۆزۈمدە، مەن چوڭلارغا ئەزەلدىن يامان تەسىر بېرىپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئاپىسى، شېنشىن مەن بىلەن توي قىلسا، ئاتا ـ بالىلىقتىن كېچىپ كېتىدىغانلىقىنى

ئېيتقانىدى، شىنشىن ئۆيدىن ئايرىلىشقا قىيىمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز تازا سوقۇشتۇق، مەن ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپ، ئايرودرومدا سۇڭ جېن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

— سىز تېلېفون قىلىپ، ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىڭىزنى ئېيتىپتىكەنسىزغۇ؟

سۇڭ خانىم مېھمانخانىدا ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇردى.

— شۇنداق، بىر كۈنى ئاخشىمى خو مىگاۋ ماڭا زورلۇق قىلماقچى بولدى ... ئۇ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ئۆيگە تېلېفون قىلىپ، ياشىشىمنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتتىم، — خۇا جىڭجىڭ ئالدىراپ سۆزلەۋاتاتتى، شىنشىن ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويدى. ئۇ شىنشىنگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئۇ مۇلايىم بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى، — شۇ كۈنى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى، قايتىدىن ياخشى ئادەم بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەتىسى، ئۆزۈم يالغۇز دىسنېي باغچىسىغا بېرىپ، كۆڭلۈمنى ئېچىپ كەلمەكچى بولدۇم، ئويلىمىغان يەردىن شىنشىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتۇق، ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىكەنمىز. ئۇ ئاخىر مېنى ئۆيىدىكىلەر بىلەن قايتا كۆرۈشتۇرمەكچى بولدى، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قايتىپ كېلىشىمنى كىم ئويلىغان؟ ئاپىسى يۇرۇش - تۇرۇشۇم، كىيىمىم - كېچەكلىرىم، مىجەز - خاراكتېرىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلدى.

— بىز كېلەر يىلى مارتتا توي قىلماقچى بولدۇق، بۇ قېتىم قېيناتا - قېينانىلىرىم بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم، يېڭى يىلغىچە قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ، — دېدى شىنشىن ئىنگلىز تىلىدا.

— تۇنجى سۆيگىنىڭىزنى تاپقان ئادەم، سۇڭ جېننى ئامېرىكىغا چاقىرتماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدى سۇڭ خانىم

مېھمانخانىدىن چىقىپ خوا جىگجىگنى ئەيىبلەپ، — تاس قالدىڭىز مەنسىنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالغىلى.

— ھاما، مەن دادامنىڭ سۇڭ جېننى ئامېرىكىغا بېرىشقا زورلىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېنشىن بىلەن ئەپلىشىپ قالغانلىقىمنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىشقا ئۇلگۇرمىگەندىم. سۇڭ جېن ئامېرىكىغا بارغان كۈنى مېنى تاپالماپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىدىم.

— سۇڭ جېن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئېيتىپ بەردى، جىگجىگنىڭ بۇنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن بىئارام بولدى، ئەسلىدە بىز تېلېفون قىلىپ، جۇاڭ خېنىمغا چۈشەندۈرمەكچى بولغان، — شېنشىن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — بىراق سۇڭ جېن جۇاڭ خېنىمنى تېلېفوندىكى سۆزلەرگە ئىشەنمەيدۇ، مەن بىلەن بىرگە بېرىپ، گۇۋاھچى بولۇڭلار، دەپ تۇرۇۋالدى. سۇڭ جېننىڭ جۇاڭ خېنىمغا مۇھەببىتى بەك چوڭقۇر ئىكەن، بىز قانداقمۇ ياردەم قىلماي تۇرالايمىز، دەرھال ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ بۇياققا كەلدۇق. جۇاڭ خېنىم، سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، كېلەر ئايدا بىزنىڭ توي تەكلىپنامىمىزنى تاپشۇرۇۋالىسىز.

مەنسى سۇڭ جېنغا قارىدى، ئۇ يەنىلا قوۋۇزىنى چىقىرىپ ئولتۇراتتى، مەنسى يەنە شېنشىن بىلەن خوا جىگجىگغا قارىدى، ئاجايىپ بىر خىل سېزىم ئۇنىڭ يۈرىكىگە سىرغىدى.

خوا جىگجىگنىڭ مەنسىنىڭ قولىنى سىلىدى، مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزلار مۇشۇنداق مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل بولۇپ قالامدۇ، قانداق؟

— سۇڭ جېن سىزنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، ئامېرىكىدا سىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى، سىزنىڭ قانچىلىك چىرايلىقلىقىڭىز، قانچىلىك ياخشى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى، شېنشىن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، ئىككىمىز مەشۇقىمىزنى ئالماشتۇرامدۇق، دېدى.

— بىز تۆتىمىزنى ئەڭ بەختلىك كىشىلەر دېيىشكە بولىدۇ، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ تۇنجى سۆيگىنىمىز بىلەن تېپىشتۇق، —

شىنشىن جىڭجىڭغا قارىدى، — ئۇنىڭغۇ كەمچىلىكلىرى بار، بىراق ئۇ مېنىڭ تۇنجى سۆيگىنىم.
— سىز گە دېدىمغۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كەمچىلىكلىرىمنى ئۆزگەرتىمەن، دەپ، — دېدى خۇا جىڭجىڭ شىنشىنغا يۆلىنىپ مۇلايىملىق بىلەن.
— سىلەر بەك بەختلىك ئىكەنسىلەر، — دېدى مەنسى سەمىمىيلىك بىلەن، ئۇ باشقىلارنىڭ تۇنجى سۆيگىنى بىلەن تېپىششىغا بەك ھەۋەس قىلاتتى.
— سۇڭ جېن ئىككىڭلارمۇ ئىنتايىن بەختلىك، سىلەر مايدا توي قىلىدىكەنسىلەرغۇ؟
— مەنمۇ خېلى بەختلىك، ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ تۇنجى سۆيگىنىم، — مەنسى بۇرۇلۇپ سۇڭ جېنغا قارىدى، سۇڭ جېن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغاندەك باشقا تەرەپكە قارىۋالدى، — بىراق مەن ئۇنىڭ تۇنجى سۆيگىنى ئەمەس، جىڭجىڭ ئۇنىڭ تۇنجى سۆيگىنى.
— مەن ئەمەس، ئۇ مېنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى، ئۇ پەقەت سىزنىلا سۆيىدىكەن. بۇ مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تەگدى، بىراق بۇ رېئاللىق، مەن پەقەت شىنشىننىڭلا مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، — خۇا جىڭجىڭ سۇڭ خانىمغا قارىدى، — بىز قايتايلى، شىنشىن قېيناتا - قېينانىلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ.
— شېن ئەپەندى، بۈگۈن ئالدىرايدىغان ئوخشايسىلەر، ئەتە بىر ۋاقىتنى دېيىشىپ، بىرگە تاماق يەيلى، — سۇڭ خانىم بايا سەل قوپاللىق قىلىپ قويغانلىقىنى سەزدى.
شىنشىن بىلەن خۇا جىڭجىڭنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن سۇڭ خانىم سۇڭ جېننىڭ مەنسىگە پەرۋاسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغلىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ دېدى:
— قولۇڭلارنى تۇتۇشۇڭلار، مەنسىمۇ سېنى دەپ ئاز دەرد

تارتمىدى.

— بۇنى بىلىمەن، بىراق ئۇ ماڭا ئىشىنىشى، ماڭا ئۇۋال قىلماسلىقى كېرەك، توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلەر ئۈچۈن بىرـ بىرگە ئىشىنىش ئەڭ مۇھىم!

— بەگزادە، خۇا جىنجىلىڭ بۇ قېتىم تۇنجى سۆيگىنىنى تېپىۋېلىپ سىزگە يول قويدى، بۇنىڭغا خۇشال بولسىڭىز بولىدۇ، ئەگەر ئۇ سىزگە چاپلىشىۋالغان بولسا ئۇنى ئالامتىڭىز؟ — جىن هاما لىلىلا گەپ قىلدى، — ئۇنى ئالمايدىغان بولسىڭىز، ئامېرىكىغا بارمايتتىڭىز!

— جىن هاما! بولدى، دەۋەرمەڭ، — سۇڭ جېن ئۇنىڭغا يالۋۇردى، — خۇا جىنجىڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، شېنشىندەك بىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتىم، مەن ئۇنىڭغا ئۇنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ باقمىغانلىقىمنى ئېنىق ئېيتتىم، ئۇ ئۆلۈۋالماقچى بولسىمۇ، ئۇنى هەرگىز ئالمايتتىم.

— باللار ئىشلىرىنى ئۆزلىرى هەل قىلىدۇ، بۈگۈن مىلاد هارپىسى، ئىككىمىز ئاشخانىغا چىقىپ، كەچلىك تاماق قانداق تەييارلاندى، كۆرۈپ باقايلى.

سۇڭ جېن مىلاد دەرىخى كەينىدىكى ئورۇندۇقتا گەپ قىلماي ئولتۇردى.

مەنسىنىڭ چىرايىدىن كۆلكە يېغىپ تۇراتتى، ئۇ سۇڭ جېنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يالۋۇردى:

— يەنە بىر چوڭ يۇلتۇز بار ئىدى، ئۇنى دەرەخنىڭ ئۇچىغا ئاساي دېۋىدىم، قولۇم يەتمەيۋاتىدۇ، مېنى كۆتۈرۈپ تۇرامسىز؟

— دەرەخنىڭ ئۇچىغا پەرىشتىنى ئاسىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماقتىن كېيىن ئاسساقمۇ بولىدۇ، — دېدى سۇڭ جېن چىرايىنىمۇ ئاچماي، ئورنىدىن مىدىراپمۇ قويماي.

— بىراق ھېلىقى چوڭ يۇلتۇزنى ئاسمىغان تۇرساق، ئۇنى ئېگىزرەك يەرگە ئېسىشىمىز كېرەك، بوپتۇ، پەرىشتىنىڭ ئاستىغا

ئاسايلى، بولامدۇ؟

— بولمايدۇ، ئاچچىقىمنىڭ ياندىغانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

مەنسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىدى:

— سىز بەك كەڭ قورساق، مەندىن ئاغرىنمايسىز.

— ياق، خاتا ئويلاپ قاپسىز، مەن كەڭ قورساق ئەمەس، ئىچىم تار، ئاداۋىتىم كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ماڭا ئىشەنمەيدىغانلارنى ياقتۇرمايمەن، بولۇپمۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ماڭا ئىشەنمەسلىكىنى ياقتۇرمايمەن، — ئۇ يەنىلا تەتۈر قارىۋالدى.

— ھەي! — مەنسى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قوپۇپ ئورنىدىن تۇردى، — قارىغاندا مېنى كەچۈرمەيدىغان ئوخشايسىز، بولدىلا چىششىڭىزغا تېگىۋەرمەي، ھۇجرامغا كىرىپ تەكشۈرۈشنامە يازاي.

مەنسى تۇرۇپ كېتىپ، ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

مەنسى ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرالماي قالدى، قارىغاندا، ئۇ راستتىنلا خاپا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، قانداق قىلسام ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالارمەن؟

ئىشىك ئېچىلدى، مەنسى ھاياجانلاندى، راستتىنلا سۇڭ جېن ئىدى، ئۇ پەلتوسىنى يېشىۋەتكەن، ئۇچىسىدا قارا كۆك كاستۇم - بۇرۇلكا، ئىنتايىن روھلۇق كۆرۈنەتتى.

سۇڭ جېن دەرپەردىگە يۆلەندى، مەنسى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا پېتىنالمىدى، ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

سۇڭ جېن ئۇنىڭغا قاراپ، ئاغزىنى دومسايتىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

مەنسى ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالىقانلىرى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى.

— سۇڭ جېن ئاكا، مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزدىن گۇمانلانماسلىقىم كېرەك ئىدى، بايا سىز قايتىپ

كەلگەندە، سىزگە قوپاللىق قىلدىم، سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، مېنى كەچۈرۈڭ.

سۇڭ جېن سول قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىز ... — مەنسىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. سۇڭ جېن ئۇنىڭغا قاراپ قۇچاق ئاچتى، مەنسى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى.

سۇڭ جېن مەنسىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى.

— ئاچچىقىڭىز ياندىمۇ؟

— مېنىڭ ئاچچىقلىنىشقا نېمە ھەققىم بار، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولۇۋاتقان ئىشلار تۇرسا، مەن نۇرغۇن ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىۋەتتىم، ئەگەر كۆزۈم بولغان بولسا، خۇا جىڭجىڭنى تېپىپ نېمە قىلاتتىم، بىز كىچىكىمىزدىن بىرگە چوڭ بولغان تۇرساق.

— بايا سىز يالغاندىن ئاچچىقلانغان بولۇۋاپسىز - دە؟

— ئەلۋەتتە، خۇا جىڭجىڭنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن قانچىلىك خۇشال بولغىنىمنى بىلمەيسىز. سىزنى قانداق قىلاركىن دەپ شۇنداق قىلغانىدىم.

— خۇشال بولدۇم! ساراڭ! — مەنسى ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى.

— خۇشال بولمامسىز؟ — سۇڭ جېن مەنسىنىڭ بۇرنىغا سۆيۈپ قويدى، — سىز ئاخىر تۇنجى سۆيگىنىڭىز بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىدىغان بولدىڭىز.

— سىزچۇ؟ مەن سىزنىڭ تۇنجى سۆيگىنىڭىز ئەمەسمۇ؟ — مەنسى سۇڭ جېننىڭ مەڭزىگە ئۈرۈپ قويدى.

— ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز مېنىڭ قار مەلىكەم، مەن قانداقمۇ خۇشال بولماي، بەختىمنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ غەم - قايغۇسىز، خۇشال - خۇرام ياشايمىز، بىر - بىرىمىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمىز.



www.uyghurkitap.com

مەن بىزنىڭ راستتىنلا قوش تۇغقان بولۇپ قېلىشىمىزنى ئويلىمىغانىدىم، بىر ئائىلە جەم بولىدىغان بولدۇق!

— ئەمەلىيەتتە، سىز تۇغۇلغاندىلا ماڭا مەنسۇپ ئىدىڭىز، كېيىن سىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمىزنى تولۇقلايلى، — سۇلۇ جېن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، مېھرى بىلەن سۆيدى.

ئىشىك تۇۋىدە سۇلۇ ئەپەندى، سۇلۇ خانىم ۋە جىن هامىلار بىر - بىرىگە قاراپ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— قارىغاندا توي ۋاقتىنى مارتقا ئۆزگەرتسەك بولغۇدەك، — دېدى سۇلۇ خانىم پەلەمپەيدىن چۇشۇۋېتىپ، — مەن ئىككى ئاي بۇرۇن موما بولىدىغان بولدۇم، قانچە نەۋرەم بولسا بولار؟ بەش ئوغۇل، ئىككى قىز نەۋرەم بولسا ... ها - ها - ها! بەك خۇشال بولۇپ كېتەتتىم ...

[General Information]
书名=初恋情人　维吾尔文
SS号=40214209